تۇرغۇن مىجىت

# ئاجايىپ يوپۇرماق



CHISO 青少社 SINCE 1956
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرغۇن مجىت

# ئاجايىپ يوپۇرماق

( فانتازىيەلىك بالىلار رومانى )

CHISO 青少社™ SINCE 1956
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلدار مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇرادىل ئابىد
قىستۇرما رەسىم سىزغۇچى: نامانجان تۇرسۇن

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# ئاجايىپ يوپۇرماق

(فانتازىيەلىك بالىلار رومانى)

ئاپتورى: تۇرغۇن مىجىت

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ بابەي مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.625
2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5515 − 4515 − 0
سانى: 2000 − 1
باھاسى: 25.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد
رەسسام : نامانجان تۇرسۇن
خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى



# ئاجايىپ يوپۇرماق


شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-4515-0
9 787551 545150 >
باھاسى : 25.00 يۈەن


www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب مەن ...................................... 1

ئىككىنچى باب «يېڭى دوست» ........................ 11

ئۈچىنچى باب كىم ئەڭ چىرايلىق ..................... 19

تۆتىنچى باب ئاپام مېنى سۆيۈپ قويمىدى ........... 34

بەشىنچى باب بۇ چۈشۈمىدۇ ........................... 40

ئالتىنچى باب «يېشىل يوپۇرماق» ...................... 57

يەتتىنچى باب دادام كۈلدى............................... 63

سەككىزىنچى باب قاتناش ھادىسىسى ................ 77

توققۇزىنچى باب دوختۇرخانىدىكى كۈنلەر ............ 90

ئونىنچى باب پۈتۈم كېسىلمەيدىغان بولدى ......... 103

ئون بىرىنچى باب بىر دەستە گۈل .................. 119

ئون ئىككىنچى باب «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ ھېكايىسى ...... 128

ئون ئۈچىنچى باب دوختۇرخانىدىن چىقىش ......... 152

ئون تۆتىنچى باب «يېشىل يوپۇرماق» يوقاپ كەتتى ...... 160

ئون بەشىنچى باب كۆڭۈلسىز كۈنلەر يەنە باشلاندى ...... 168

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئون ئالتىنچى باب قىش .............................. 177
ئون يەتتىنچى باب كىمنى تاللايسەن ................ 189
ئون سەككىزىنچى باب بوۋام كەلدى ................. 195
ئون توققۇزىنچى باب دادامنى ساقلاش .............. 203
يىگىرمىنچى باب سەھراغا سەپەر ..................... 211
يىگىرمە بىرىنچى باب سەھرادا سەھەر .............. 223
يىگىرمە ئىككىنچى باب «ئازغاندۇڭ» ................ 228
يىگىرمە ئۈچىنچى باب مەن بۆيەردە ................. 242
يىگىرمە تۆتىنچى باب سېھىرلىك باغ ................ 253
يىگىرمە بەشىنچى باب قايتىش ....................... 263

بىرىنچى باب

# مەن

دادام مەن ئۇچۇن قۇياشقا، ئاپام ئايغا ئوخشايتتى. ئۇلار يوق يەر مەن ئۇچۇن قاراڭغۇلۇق، قورقۇنچلۇق ئىدى. ئاپامنىڭ ھىدلىرى كۆرۈنمەس يىپتەك مېنى ئۇنىڭغا چىڭ باغلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھىدى يوق يەردە تۇرغۇم كەلمەيتتى. ئاخشاملىرى ئاپامنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ ياتمىسام ئۇخلىيالمايتتىم. مەن ئالتە ياشقا قەدەم باسقان يىلىم ئۇلار مېنى يەسلىگە بەردى. ئۇ يەردە جىق باللارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە بەك خۇش بولغانىدىم، لېكىن دادام ۋە ئاپاملاردىن ئايرىلىپ بىر كۈن ياشاشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق، قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىمەن.

ئاپام مېنى يۇيۇندۇرۇپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈردى. يېڭى كىيىملەرنىڭ خۇشاللىقىدا بىردەملىككە ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. ئاپام ئەركىلىتىپ سۆيگەنسىرى خۇدۇمنى بىلمەي شادلىق دېڭىزىغا غەرق بولاتتىم، يايرايتتىم، قانات چىقىرىپ ئۇچقۇم كېلەتتى. ھەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ باققۇم ياكى ئاپامنىڭ پېشانىسىدە يالتىراپ تۇرغان بىر پارچە نۇر بولۇپ چاپلىشىپ قالغۇم كېلەتتى. ئىشقىلىپ چوڭلار بىمەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ قارايدىغان ھەممە ئىشلار مەن ئۈچۈن ئارزۇ ۋە تەلپۈنۈشكە ئۆزگەرمەكتە ئىدى.

— ئوھو... مېنىڭ ئوغلۇم نېمىدېگەن چىرايلىق — ھە؟!

ئاپامنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولۇپ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغاي دەپ قالغانىدىم. شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيانى ئاپام، نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋانى ئاپامنىڭ تىنىقلىرى دەپ بىلەتتىم. قۇياش پەقەت بىزنىڭ ئائىلىگىلا نۇر چېچىۋاتقاندەك، ئاپتاپنىڭ چەكسىز ھارارىتىدىن ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم. گۈلدەك ئېچىلاتتىم، سۇدەك شىلدىرلايتتىم، شامالدەك يېيىلاتتىم. خۇشاللىقنىڭ بۇ قەدەر سۆيۈملۈك، يېقىملىق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولاتتىم.

— ئاپا، مەن چوڭ بولدۇممۇ؟ — دېدىم ئۆز — ئۆزۈمدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئىچىدە.

ئاپام مېنى باغرىغا چىڭ باستى.

— ھەئە، سەن چوڭ بولدۇڭ بالام. بۈگۈن سېنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويىمەن.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن، ئاپا؟

— ئۆگەنگەن خەتلىرىڭنى پىششىقلاپ، مەكتەپكە تەييارلىق قىلىسەن، يەنە جىق ئاداشلار بىلەن ئوينايسەن.

— ۋاھ، ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى.

ئەمدى خۇشاللىق خۇددى بىر تال چوغدەك مېنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى، ئىچ — ئىچىمدىن تىپىرلايتتىم، يۈرىكىم تېخىمۇ شوخ تېپىچەكلەيتتى. ئاپامنىڭ مېنى مۇشۇنداق خۇشاللىق ئۇستىگە ئاپىرىدە قىلغانلىقىدىن

ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مەمنۇنىيەت ھېس قىلماقتا ئىدىم.

ئاپام ئۈستىگە ھاۋا رەڭ كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا شاپتۇل چېچىكى شارپا ئاتىۋالغانىدى. نېپىز شارپىدىن ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماڭلىيىدىكى بۇدۇر چاچلار ئۇنىڭ بىر جۈپ قېشىنى يېپىۋالغان بولۇپ، ئاپام شاخ ئارىسىدا مارىلاپ تۇرغان ئالمىغا ياكى بۇلۇت يېرىپ چىقىۋاتقان ئايغا ئوخشايتتى. ئاپامنىڭ پەرىشتىگە ئوخشايدىغان گۈزەل ھالىتى خۇددى ئوچۇق تارتىلغان رەڭلىك سۈرەتتەك قەلبىمگە مەھكەم ئورناشماقتا ئىدى. ئۇ يەنە تېگى قارا ئەتلەس گۈللۈك سومكىسىنى بىلىكىگە ئېسىۋالغان بولۇپ، ئىچىدىن خۇشبۇي بىر پۇراق كېلىپ تۇراتتى.

— ئاپا، ئەمسە تېزراق ماڭايلى،— دېدىم مەن يەسلىدىكى يېڭى تۇرمۇشنى كۆرۈشكە ئالدىراپ.

— مانا ھازىر.

ئاپام ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولدى. بىز ئۆيدىن چىقتۇق.

باھار پەسلى بولغاچقا يول بويىدىكى تېرەكلەر يېشىل يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك بىر خىل شاۋقۇنلاپ تۇراتتى. نېرىقى ئورمان ئارىسىدىكى كۆك ئوتلار ئىچىدە ساپسېرىق ماماكاپ گۈللىرى جىلۋە قىلاتتى.

بىز ئېگىز تاملىرىغا ھەر خىل مەنزىرە، ئويناۋاتقان بىر توپ بالا ۋە يەنە مەن تېلېۋىزوردا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ئوماق ھايۋانلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. تۆمۈر دەرۋازا

تاقاقلىق بولۇپ، هويلا ئىچىدە مەن دېمەتلىك، مەندىن كىچىك بىر توپ بالا چۇرقىرىشىپ يۈرەتتى. ئاپام دەرۋازىنى شاراقلىتىۋېدى، ياندىكى ئۆيدىن فورما كىيگەن بىر ئادەم چىقتى. ئۇ ئادەم ئاپامنىڭ ئۈستىبېشىغا خۇددى هاڭۋاقتىدەك بىرپەس قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرغان ماڭا نەزىرىنى ئاغدۇردى.

— هە، بالىڭىزنى يەسلىگە ئەكەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئۇ دەرۋازىنىڭ لوكىنى قايرىغاچ ئاپامدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— شۇنداق.

ئاپام ئارتۇق گەپ قىلماي مېنى يېتىلىگىنىچە هويلىغا كىرىپ كەتتى.

— ئىشخانا سول تەرەپتە، — دېدى هېلىقى ئادەم يەنە ئارقىمىزدىن ۋارقىراپ.

ئاپام ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىۋەردى. مەن شۇ چاغدا ئاپامنىڭ مەغرۇرلۇقىغا قاراپ ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا قارىسام، هېلىقى ئادەم دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى تۇتقىنىچە تېخىچە ئاپامغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ هاڭۋاقتىلىقىدىن ئىچىمدە كۈلۈپ كەتتىم.

ئاپام بۇ يەرگە بۇرۇن كېلىپ باققاندەك، تىنىمەيلا بېرىپ بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— كىرىڭ!

يەسلىدە ئاڭلىغان بۇ تۇنجى ئاۋاز، خېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى. ئۇ شۇنچىلىك يېقىملىق، يەنە

نۇرغۇن مەنالار يوشۇرۇنغان بىر ئاۋاز ئىدى. شۇنداقلا، «كىرىڭ!» دېگەن بۇ سۆز ماڭا ئېچىمۇ جىق سەزگۈنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىۋاتقاندەك، توسالغۇسىز بىر مەنزىلگە يول باشلاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

ئىشخانىدا ئاپامدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان، تال ـ تال ئۇزۇن چاچلىرى مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، يېقىشلىق بىر ئايال ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بىزنى چىرايلىق تەبەسسۇمى بىلەن قارشى ئالدى. بىز ياندىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

ـــ بالامنى بۇ يەردە ئوقۇشقا ئەكەلگەن، ـــ دېدى ئاپام ئۇنىڭغا قاراپ.

ـــ ياخشى بوپتۇ، ـــ دېدى ئۇ ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ ئىسمى نېمە؟

ـــ ئەدىھەم.

ـــ قانچە ياشقا كىردى؟

ـــ ئالتە ياشقا كىرىپ قالدى، ـــ دېدى ئاپام ئېڭىكىمنى ئەركىلىتىپ سىيلاپ قويۇپ، ـــ ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىمىز ئوقۇتقۇچى بولغاچقا ئىلگىرى ئۆيدە تەربىيەلىگەندۇق. يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە بېرىمىز، شۇڭا تەييارلىق قىلغاچ تۇرسۇن دېگەن.

ـــ قارشى ئالىمىز. ئوغلىڭىزنىڭ بۇ يەردە ئۆز ئۆيىدەك خاتىرجەم ۋە ئەركىن ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ـــ رەھمەت.

ئاپام ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ مەندىن بىر نەرسىنى ئۈمىد قىلىۋاتامدۇ ياكى مەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەخىرلىنىۋاتامدۇ بىلىپ بولمايتتى . لېكىن، ئاشۇ كۆلكىسى خۇددى ئۇنىڭ ھىدىدەكلا مېنى روھلاندۇرماقتا ئىدى.

— ئوغلىڭىز بەك ئوماق ئىكەن، زېھنىمۇ ئۆتكۈر بولسا كېرەك.

— سان ۋە خەت يېزىش – ئوقۇشنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ بولغان ئىدى.

— شۇنداقمۇ، بەك ياخشى بوپتۇ.

— رەھمەت.

ئۇنىڭ ماختىشىدىن ئاپام ئىككىلىمىز ئۆزىمىزنى ناھايىتى پەخىرلىك ھېس قىلدۇق. كېيىن ئۇ ئايال بىر دەپتەرنى ئېلىپ ئىسمىمنى ۋە يېشىمنى يازدى، ئاندىن بىر جەدۋەلنى توشقۇزۇپ ئاپامغا سۇنۇپ:

— بۇ يەرگە ئىمزا قويۇپ بەرسىڭىز،— دېدى.

ئاپام شارت – شارتلا قىلىپ ئىمزا قويۇۋېدى، ئۇ ئايال ئاپامنىڭ چىرايلىق خېتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— بولدى ئەمىسە، مەن ئەدىھەمنى ئوقۇتقۇچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرەي. ھەممە ئىشلاردىن قەتئىي خاتىرجەم بولۇڭ. بۇ يەردە بىزمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئانىسى،— دېدى.

— سىلەرگە ئىشىنىمەن،— دېدى ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇچىمىز بىرلىكتە ئىشخانىدىن چىقتۇق. سىرتتىكى باللار بىزگە قىزىقىش ئىچىدە قاراۋاتاتتى. مەن بىردىنلا كۆڭلۈمدىكى خۇشاللىقنىڭ سالقىن بىر تۈيغۇغا ئالمىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۇ بىر خىل ياتسىراشتىن بولۇۋاتاتتى. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن

ئاداشلار بولسىمۇ، مەن ئۇلارنى تونۇمىغاچقا، بۇ يەر ۋە باللار كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنمەكتە ئىدى. بىراق، ئاپامنىڭ يېنىمدا بارلىقىنى ئويلىغىنىمدا بۇ خىل بىئاراملىق تېزلا يوقالدى. مەنمۇ بۇ يەردىكى بىر تال گۈلدەك خۇش تەبەسسۇم بىلەن باللارغا باقتىم. ئۇ ئايال بىزنى زىلۋا، چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى ۋە:

— مېھراي مۇئەللىم، بۇ بالا سىزنىڭ سىنىپىڭىزغا تەقسىم بولدى، ياخشى قاراڭ، ئىسمى ئەدىھەم ئىكەن، — دېدى.

— ماقۇل، مۇدىر.

مېھراي مۇئەللىم شۇنداق دەپلا، كېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ كۆزۈمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاپامنىڭ كۆزىدەك نۇرلۇق ۋە چىرايلىق ئەمەس ئىدى. مەن سەل بىئارام بولۇپ، بۇرۇلۇپ ئاپامغا قارىدىم. ئاپام بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ماڭا مەدەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مۇئەللىم ياخشىمۇسىز، دېگىن، بالام، — دېدى ئاپام يەنە ماڭا مېھراي مۇئەللىمنى شەرەتلەپ.

مەن ياتسىراش، ھودۇقۇش ئىچىدە تۇرساممۇ، ئاپامنىڭ مەدىتى بىلەن ئاستا ئېغىز ئاچتىم:

— مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز!

مېھراي مۇئەللىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ياخشى قوزام، قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، — ئۇ مېنى ئەركىلىتىپ ئىڭىكىمنى سىيلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ كەينىدىكى باللارغا قارىدى، — قېنى، كىچىك دوستلار، بۇ ئادىشىڭلارنى قارشى ئېلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلار تەڭلە چۇرقىراشتى:

— قارشى ئالىمىز!

ئاشۇ بىر توپ ئاۋاز ئىچىدە مەن ئۇلارغا قېتىلدىم. كۆزۈم يەنىلا ئاپامدا ئىدى، ئۇنىڭ مەن بىلەن ياندىشىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن، ئاپام يېنىمغا كەلمىدى، ھېلىقى مېنى تىزىملىغان مۇدىرغا بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى:

— خوش ئوغلۇم، ئاداشلىرىڭ بىلەن ياخشى ئوينا، مەن كەچتە كېلىپ سېنى ئەكېتىمەن.

ئاپام ئاستا ئارقىسىغا ياندى. ئۇنىڭ ھىدى مەندىن يىراقلاشماقتا، ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرغان كۆرۈنمەس يىپ ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. مەن بۇنىڭغا چىدىيالماي ۋارقىرىدىم:

— ئاپا!

مېنىڭ ئەنسىز ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ئاپام بىردىنلا توختاپ قالدى. كۆزلىرىمدە ياش ئەگىشكە باشلىغانىدى. شۇ تاپتا ئەتراپىمدىكى ئاداشلار، كۆڭۈللۈك ئويۇن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، ئاپامغا ئەگىشىپ قايتىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئاپام بىلەن بىرگە ئۆتۈش ئىدى. ئاپام بولمىسا كېچىدە سىرتتا قالغاندىنمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى.

— قورقماڭ، ئاپىڭىز كەچتە كېلىدۇ، — دېدى مېھراي مۇئەللىم.

— ياق!

نېمىگە ياق دېگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا ئاپام

تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئاپام يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىيلاپ قويدى، ئاندىن ئېگىلىپ پېشانەمگە سۆيدى. مەن يىغلامسىراپ ئاپامغا ئېسىلدىم.

ــ سەن چوڭ بولدۇڭ، بالام. ئەمدى يەسلىدە ئوقۇمساڭ، كېلەر يىلى مەكتەپكە كىرەلمەيسەن. مەن ساڭا نېمە دەپ ئۆگەتكەن؟ مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەم قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئاپام قاپىقىنى سەل تۈرۈپ.

ــ يارامسىز ئادەم بولىدۇ، ــ دېدىم ئۇرغۇلۇق ئاۋازدا. ئاپامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خېلى روھلىنىپ قالغاندىم.

ــ ئەمىسە گەپ ئاڭلا، يېنىڭدا مېهراي تۇئەللىم ۋە يەنە جىق ئاداشلار بار. قارا، ئۇلار سېنى يىغلاڭغۇ ئىكەن دەپ زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ.

باللار راستلا ماڭا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. مەن مەڭزىمگە سىرغىپ چۈشكەن ياشلارنى سۈرتۈۋەتتىم.

ــ ئەمدى يىغلىمايمەن، ئاپا.

ــ ياخشى، مېنىڭ ئوغلۇم گەپ ئاڭلايدۇ، بەك ئەقىللىك...

ئاپام ماڭا بىرمۇنچە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، تېز ــ تېز مېڭىپ يەسلى هويلىسىدىن چىقىپ كەتتى. مەن تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردۇم. باللار ئۆز ئويۇنلىرىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. مەن يا ئۇلارغا قېتىلالماي، يا ئاپامنىڭ ئارقىسىدىن كېتەلمەي مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاش، بىئاراملىق ئىچىدە قېتىپ تۇراتتىم. بۇ مېنىڭ ئاپامدىن ئايرىلىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇنجى ئازابىنى ھېس قىلغان ۋە ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئەڭ چوڭقۇر تونۇغان بىر دەقىقەم ئىدى.

ــ باللار، ئەمدى سىنىپقا كىرىڭلار، خەت ئۆگىنىمىز، ــ دېدى مېھرىباي مۇئەللىم جاراڭلىق ئاۋازدا. مەن باللارغا ئەگىشىپ سىنىپقا ماڭدىم.

# ئىككىنچى باب

## «يېڭى دوست»

يەسلىگىمۇ بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدىم. لېكىن، كەچتە ئاپام ياكى دادام مېنى ئالغىلى كەلگىچە، ئۇلارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ ئارانلا قالاتتىم. مەيلى مېھراي مۇئەللىم بىزگە دەرس ئۆگىتىۋاتقاندا بولسۇن ۋە ياكى ئاداشلىرىم بىلەن مەيداندا ياغاچ ئات، چۆرگۈلىمە ئايروپىلان، سىيرىلغۇچ قاتارلىقلارنى ئويناۋاتقاندا بولسۇن، ئۇلار هامان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇلارنى خۇددى يېنىمدا باردەكلا هېس قىلاتتىم. شۇڭىمۇ ئويۇنلىرىم هەرهالدا كۆڭۈللۈك بولاتتى. بۇ يەرگە كىرىشتىن بۇرۇن ئاپام ماڭا ئېلىپبەنى ئۆگىتىپ بولغاچقا، دەرستە بالىلارنىڭ ئالدى ئىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ جىق نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، بولۇپمۇ مېھراي مۇئەللىم بىزگە بەك قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناتتى. گاهىدا ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتىم، بۇ مېنىڭ بەكلا كۈلگۈنچەكلىكىمدىن بولسا كېرەك. كۈلگەندىكى ئاۋازىم هەممە بالىلارنى بېسىپ چۈشەتتى.

تېخىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئۆزگىچە بولغىنى، مەن يەسلىدە بىر «يېڭى دوست» تېپىۋالدىم. بۇ خۇددى ئاپام

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتىكىگە ئوخشاشلا بىر ئىش بولدى. يەسلى هويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يۇمىلاق شەكىللىك گۈللۈك بار ئىدى. يېقىندىن ئېچىلىۋاتقان هەر خىل رەڭدىكى ئەتىرگۈللەردىن خۇددى ئاپامنىڭ ئۇستىبېشىدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراققا ئوخشاش مەززىلىك بىر پۇراق تارقىلاتتى. بىر كۈنى مەن كۈندە ئوينايدىغان ئاشۇ بىر خىللا ئويۇنلاردىن زېرىكىپ، گۈللۈك ئارىسىدا ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىشنى خالاپ قالدىم. بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ گۈللۈك ئىچىگە كىردىم. خۇش پۇراق تېخىمۇ كۈچەيدى. گۈل بەرگىلىرى كۆلۈپ تۇرغان سانسىز چىرايلارغا ئوخشايتتى. ئۆزۈمنى بىردىنلا گۈلگە ئايلىنىپ قالغاندەك هېس قىلدىم. گۈل بەرگىنىڭ قات قېتىدىن بىرخىل تەبەسسۇم ئوقچۇپ چىقىۋاتاتتى. سېرىق چىپار قاناتلىق بىرنەچچە كېپىنەك گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇشۇپ يۈرەتتى، گاھىدا ئويۇن ئويناۋاتقاندەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كېتەتتى. يەنە بىرنەچچە كىچىك هەسەل هەرىسىمۇ گۈل نوكچىلىرى ئارىسىدا پىلدىرلىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە سارغۇچ گۈل چېڭى چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى شۇنچىلىك ئوماق، بىر قارىسا ئاغزىغا بولماق يۇقۇپ قالغان بوۋاققىلا ئوخشايتتى. مېنىڭمۇ بىر هەسەل هەرىسىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا قىستالغۇم كەلدى. بىر هەسەل هەرىسى تىكەندەك ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى گۈل نوكچىلىرىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ماڭا هۇرپىيىشكە باشلىدى:

ــ گىژ... گىژ... گىژ...

ئۇ ماڭا ئاچچىقلاۋاتاتتى.

— نېمە دەيسەن؟ بۇ گۈللەر بىزنىڭ تۇرسا، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا قاراپ.

سىنقويغۇدىن چىققاندەك ئىنچىكە بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى.

— سەن... سەن... مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىمنى بىلەمسەن، يوغان باش؟

توۋا، بۇ ھەسەل ھەرىسى گەپ قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ قارا، مېنى «يوغان باش» دەپ تىللاۋاتقىنىنى تېخى! ئاچچىقىم كېلىپ مەنمۇ ئۇنى تىللىدىم:

— كىم يوغان باش ئىكەن؟ ۋۇي پالكۆز ھەرە.

— نېمىدەپ ئادەم تىللايسەن؟ سەن بەك ئەسكى بالا ئىكەنسەن.

— ئەسكىي دېگەن ئۆزۈڭ، سەن ئاۋۋال مېنى تىللىدىڭغۇ؟

— مەن ئىشلەۋاتسام، نېمىشقا ئىشىمغا دەخلى قىلىسەن؟

— سەن... سەن... ئىشلەۋاتامسەن؟ لېكىن ماڭا گۈللەر ئارىسىدا مۆكىمۆكىلەك ئويناۋاتقاندەكلا بىلىندىغۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭ؟

— مېنى تونۇمامسەن؟

— ياق، سەن كىم؟

— مەن ھەسەل ھەرىسى. ئۆيۈڭدە ھەسەل يەپ باقمىغانمۇ؟

— ھەئە، كۈندە ناشتىدا ئاپام ماڭا ھەسەل بېرىدىغان تۇرسا.

— ئۇ ھەسەلنى كىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغىنىنى بىلەمسەن؟

— تاللا بازىرىدا ساتىدىغۇ شۇ.

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ھى – ھى – ھى، ئۇنى مەن ئىشلەپچىقىرىمەن.

— ۋاي ماڭە، پورچاقچىلىك جىنىڭغا شۇنچە جىق ھەسەلنى قانداق ئىشلەپ چىقىرىسەن؟

— سەن ھېچ ئىشنى بىلمەيدىكەنسەن. مەن يالغۇز ئەمەس، نۇرغۇن دوستلۇرۇم بار. بىز يىغىلساق مۇشۇ مەيدانمۇ تارلىق قىلىپ قالىدۇ.

— راست...شۇنچە جىقمۇ؟

— ئەلۋەتتە. بىزنىڭ بىر كۈندە يىغقان ھەسىلىمىزنى سەن بىر يىلدىمۇ يەپ بولالمايسەن.

— ھە، سەن بەك قالتىس ئىكەنسەن، لېكىن مەنمۇ قالتىس.

— سەن نېمە ئىش قىلالايسەن؟

— ساناق سانىيالايمەن، خەت ئوقۇيالايمەن، ناخشا ئېيتالايمەن.

— بۇ ئاسانغۇ، ساناق ساناش، خەت ئوقۇش، ناخشا ئېيتىش دېگەنلەرنى ھەممىمىز بىلىمىز.

ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. ھەسەل ھەرىسىمۇ ساناق سانامدۇ، خەت ئوقۇيالامدۇ، ناخشا ئېيتالامدۇ؟ قارىسا گۈل نوكچىلىرىغا تۇمشۇقىنى پاتۇرۇشتىن باشقا ئىشنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئۇ سەل پوچى ھەسەل ھەرىسى بولسا كېرەك، مېنى مات قىلماقچى ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە...دەپ باقە، ساڭا ساناق ساناشنى، خەت ئوقۇشنى كىم ئۆگەتكەن؟

— ئانام.

— سېنىڭمۇ ئاناڭ بارمۇ؟

— سەن بەك ساددا ئىكەنسەن، دۇنيادا ئانىسى يوقمۇ جانلىق بولامدۇ؟



— سىنىڭ ئاناڭمۇ مىنىڭ ئاپامدەك چىرايلىقمۇ؟
— بەك چىرايلىق.
ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، سەل ھودۇقۇپ قالدىم. بۇ كىچىك ھەسەل ھەرىسى ھەقىقەتەن گەپدان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىشكىمۇ پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بوش كەلمەي، ئۇنى سىناپ بېقىش غەرىزىدە سوئال سوراشقا باشلىدىم:
— سان ـ ساناقلارنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟
— نەرسىلەرنى ھېسابلاشقا.
— سىلەر نېمىنى ھېسابلايسىلەر؟
— بىزنىڭ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىشىمىز ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، گۈل ـ چېچەكلەر بىزدىن قانچىلىك يىراقتا، بىر كۈندە قانچە قېتىم بېرىپ كېلەلەيمىز، گۈل شىرنىسىنى ھەسەل خالتىمىزغا قانچە قېتىم كىرگۈزۈپ چىقارساق ئاندىن ساپ ھەسەلگە ئايلىنىدۇ، دېگەندەك ئىشلارنى ئىنچىكە ھېسابلاپ ماڭىمىز. بىرسىدىن چاتاق چىقسا ئىش بۇزۇلىدۇ.
— ئەمىسە خەتچۇ؟
— بىزنىڭمۇ تەسۋىرى يېزىقلىرىمىز بار، يول بويىدىكى دەرەخ، تاش دېگەندەك نەرسىلەرگە شۇ يېزىق ئارقىلىق بەلگە سېلىپ ماڭىمىز، شۇڭا چېچەك ئىزدەپ ئۇزۇن كىلومېتىردىن يىراق يەرلەرگە كەتسەكمۇ، ئېزىپ قالماي ماكانىمىزنى تېپىپ كېلەلەيمىز.
— ئەمىسە، ناخشا ئېيتىشلارغىمۇ گەپ كەتمىگۈدەك.
— ئەلۋەتتە.

— ئىشىڭغا دەخلى يەتكۈزگەن بولسام، مېنى كەچۈر.

— ھېچقىسى يوق.

— ئەگەر خالىساڭ بىز دوست بولۇپ قالايلى.

— قانداق دوست بولىمىز؟

— ھەر كۈنى ئەتىگەن ھەسەل يىگەن ۋاقتىمدا سېنى ئەسلەيمەن.

— مۇشۇلىما؟

— ھەئە.

— بەك قىزىقچى ئىكەنسەن، لېكىن دوستلار دېگەن ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشى كېرەكقۇ؟

— مەن... مەن... ساڭا قانداق ياردەم قىلىمەن؟

— چېقىشىپ قويدۇم، پەقەت كەپىسىز بالىلارنىڭ گۈل ـ چېچەكلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىشىنى توسۇپ قويساڭلا بولىدۇ.

— بۇ ئاسان، مەن ساڭا ۋەدە بېرەي. كەل، قول ئېلىشايلى.

ئۇ پارقىراپ تۇرغان سۈزۈك قاناتلىرى بىلەن ئالىقىنىمغا پاققىدە بىرنى قويدى. بۇ ئۇنىڭ قول ئېلىشقىنى بولسا كېرەك. دەل شۇ چاغدا قۇلىقىمغا مېھراي مۇئەللىمنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلانغاندەك بولدى.

— ئەمدى خوشلىشايلى، مېھراي مۇئەللىم مېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە تېز قايت.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. گۈلنىڭ شوخ كۆڭلىكىمنى ئىلمۇېلىپ «جىرت» قىلىپلا يىرتىۋەتتى. چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم، ئالدىمدا پورەك ـ پورەك ئەتىرگۈللەر خۇش تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. مەن گۈللۈكنىڭ قىرغىقىدىكى خىش پەلەمپەيدە

كىتاب نۇر بېكىتى

ئولتۇرغىنىمچە مۈگدەپ قالغانىدىم. بايا كۆرگىنىم چۈشۈم ئوخشايدۇ، ئالدىمدىكى بىرتال گۈل بەرگىدە بايا مەن بىلەن پاراڭلاشقان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بىر ھەرە تۈمشۇقىنى گۈل نوكچىسىغا سانجىۋېلىپ، «گىژ... گىژ...» ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى. يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ سىنچىلاپ سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئۇ ھەسەل ھەرىسى تۈيۈقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ قارىشى شۇنچىلىك ناتونۇش، ئەينەكتەك سۈزۈك كۆزلىرىدە سوغۇق بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى، بايىقى يېقىنچىلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. راست، ئۇ دېگەن بىر چۈش ـ ھە؟ مەن قورقۇپ گۈلنىڭ يوپۇرمىقىنى تۇتۇپ تۇرغان قولۇمنى قويۇۋەتتىم. گۈل بىردىنلا لەپەڭشىپ كەتتى. ھەسەل ھەرىسى سۈزۈك قاناتلىرىنى يېيىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قاناتلىرىدىن گۈركىرىگەندەك بىر ئاۋاز تارقىلىشقا باشلىدى. بايىقى تۈيغۇلىرىم پەقەت شېرىن خىيال پېتىلا قالدى. ھەسەل ھەرىسى ئاچچىقى بىلەن ماڭا قاراپ ئېتىلدى. مەن ئارقامغا يېنىپلا بەدەر قاچتىم. ئۇ ئارقامدىن مەيداننىڭ ئوتتۇرىغىچە قوغلىدى. ئىچىمدە «ۋۈي مۈتتەھەم ھەرە، بىز بايا دوست بولغانغۇ، نېمىدەپ مېنى قوغلايسەن؟ سەن دوستلۇققا يارىمايدىكەنسەن!» دەپ تىللايتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكى ماڭىمۇ ئايان ئىدى.

ئويناۋاتقان ئاداشلىرىم مېنىڭ بىرنەرسىدىن قورقۇپ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، چۇرقىرىشىپ كەتتى:

ــ ئەدىھەم، ئەدىھەم، ساڭا نېمە بولدى؟

ــ ھەرە... ھەرە قوغلاۋاتىدۇ!

ــ قېنى، يوققۇ؟

مەن توختاپ ئارقامغا قارىدىم. ھەسەل ھەرىسى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇ مېنىڭ بايا ئىچىمدە دېگەن گېپىمنى ئاڭلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ بىز راستىلا دوست بولدۇقمۇ ـ يا؟ مەن ئۆزۈمنى بايىقى ئىشلارغا ئىشەندۇرۇشكە تىرىشاتتىم، بىراق ئۇ ھەسەل ھەرىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى بۇ خىياللىرىمنى رەت قىلىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىدا مېھراي مۇئەللىم راستىلا بىزنى چاقىرىپ قالدى:

ــ ئەمدى سىنىپقا كىرىڭلار، خەت ئۆگىنىمىز!

بىز سىنىپقا كىرىپ، پارتىمىزدا رەتلىك ئولتۇردۇق. بايا كۆرگەن غەلىتە چۈش ۋە ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېنى قوغلاپ كېتىشى سەۋەبلىك خىياللىرىم قالايمىقانلىشىپ، ئېسىم جايىدا ئەمەس ئىدى.

مېھراي مۇئەللىم مېنىڭ ھەسەل ھەرىسى بىلەن بولغان ئىشىمنى كۆرگەندەكلا بىر گەپنى قىلدى:

ــ كىچىك دوستلار، قايسىڭلار ھەسەل يەپ باققان؟

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ تەڭدىن تولىمىز قول كۆتۈردۇق.

ــ ئۇنداقتا، ھەسەل ھەرىسىنى قانچىلىك چۈشىنىسىلەر؟

ھېچكىم ئۈندىمىدى. مەن بايىقى ئىشلارنى ئويلاپ ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم.

ــ ئەمىسە مەن سىلەرگە ھەسەل ھەرىسى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

مېھراي مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرى بايا چۈشۈمدىكى ھەسەل ھەرىسى ماڭا دەپ بەرگەن گەپلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەن مېھراي مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ يەنە چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم.

## ئۈچىنچى باب

# كىم ئەڭ چىرايلىق

ئاپامنىڭ ئۆزىلا بىر گۈل، قولىمۇ گۈل، قىلغان ئىشلىرىمۇ گۈل. شۇڭا ئۆيىمىزدىن خۇش پۇراق ئۈزۈلمەيدۇ.

قۇياش يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، سىرتتا سۈزۈك ئاپتاپ جىلۋە قىلاتتى. بىر توپ كەپتەرلەرنىڭ خۇددى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردەك كۆكتە رەتلىك پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقى دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نەگىدۇر ئالدىراپ ماڭغان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار كىشىلەرنى ئۆيدىن چىقىشقا ئالدىرىتىۋاتقاندەك پات ـ پات سىگنال بېرىپ قوياتتى.

شىرە ئۈستىگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت، مايلىق توقاچ، بادام ۋە ياڭاق مېغىزى، ئوخشىتىپ قورۇلغان بىر تەخسە گۆش ئارىلاشتۇرۇلغان باقلا قورۇمىسى دېگەندەك ناشتىلىق تاماقلار تىزىلغانىدى. لېكىن، ئاپام ناشتىلىقنى تەييارلاپ قويۇپ، ئۆزى ياتاق ئۆيدە بىر ئىش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتاتتى. ئائىلىمىزدە ھەممىمىز تەڭ ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ئادەت بولغاچقا، دادام ئىككىمىز تېخىچە ئاپامنى ساقلاپ، ئالدىمىزدىكى كاتتا ناشتىلىقتا تامىقىمىزنى چىكىلداتقانچە ئىشتىھا ساقلاپ

ئولتۇراتتۇق. دادام ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولغاندەك قولىدىكى تېلېفونغا تىكىلىپ، بىرنەرسىلەرنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇ بەك قىزىقارلىق بىر ئويۇننى ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، تۇرۇپ - تۇرۇپ جىن چېپىلىپ قالغان ئادەمدەك پىخىلداپ كۈلۈپ كېتەتتى. ساقلاپ - ساقلاپ تاقىتىم تاق بولدى. ئىستاكاندىكى سۈتنىڭ ھورى ئۆچكەن، قورۇمىمۇ سوۋۇشقا باشلىغانىدى. ئالدىمدىكى تاماقلارغا قارىغانسېرى قورسىقىم ئېچىپ چىدىيالماي قىلىۋاتاتتىم.

— ئاپا! — دېدىم ئاخىرى ئۆيدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئاۋازىمدىن ھەم ئاغرىنىش، ھەم تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى، — ناشتا قىلايلىچۇ!

دادام تېلېفونىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئالدىمىزدىكى سوۋۇپ قىلىۋاتقان ناشتىلىققا، ئاندىن ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، ناشتىلىقنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاپام بىر - ئىككى «تاراق - تۇرۇق»تىن كېيىن، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىزگە قارىدى.

— ۋاي ئاتام، تېخىچە ناشتا قىلماپسىلەرغۇ؟ — دېدى ئۇ پېشانىسىگە ئالىقىنى بىلەن شاپىلاقلاپ قويۇپ.

— سىزنى ساقلاپ، — دېدى دادام.

— ئەستا، كەچۈرۈڭلار، بايا مېنى ساقلىماي ناشتا قىلغاچ تۇرۇڭلار دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ئالدىراش بىر ماتېرىيال تەييارلاۋاتقانىدىم.

— تېخىچە تۈگىمىدىمۇ؟ — دېدى دادام رەنجىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان تەلەپپۇزى بىلەن.

ئائىلىمىزنىڭ تاماقلىنىش قائىدىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا ئۇمۇ سەل نارازىدەك قىلاتتى.

— مانا ھازىر تۈگەيدۇ، سىلەر ماڭا قارىماي ناشتا قىلغاچ تۇرۇڭلار.

ئاپامنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپلا بېشى ئىشىكتىن غايىب بولدى.

— كېلە ئوغلۇم، بىز ناشتا قىلايلى، — دېدى دادام.

ئاپامغا سەل تارتىنشقان بولسامۇ، ساقلاۋېرىشكە قورساقىمنىڭ تاقىتى يوق ئىدى. مەن دادامغا ئەگىشىپ ناشتىغا تۇتۇش قىلدىم. ئاپامنىڭ خۇش ھىدىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ قولى تەگكەن تاماقمۇ شۇنداق تەملىك ئىدى. مەن بىردەمدىلا بىر تال ماي توقاچ بىلەن بىر ئىستاكان ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۈتنى سوقۇۋەتتىم. تەخسىدىكى قورۇمىمۇ خېلى يېرىملاپ قالدى. دادام بىر ئوچۇم ياڭاق، بادام مېغىزىنى ماڭا ئۇزاتتى.

— يېمەيمەن، — دېدىم بېشىمنى چايقاپ، — قورسىقىم بەك تويۇپ كەتتى، دادا.

— ياق، يېيىشىڭ كېرەك، — دېدى دادام زورلاپ، — بۇ مېغىزلارنى يېسەڭ زېھنىڭ ئېچىلىپ، ئۆگىنىش قابىلىيىتىڭ ئاشىدۇ.

— مېھراي مۇئەللىم مېنى، بەك ئەقىللىق ئىكەنسىز دېدى، دادا.

— ياخشى، مانا بۇ ھەر كۈنى ناشتىدا بادام بىلەن ياڭاق يېگەنلىكىڭ پايدىسى.

— راستىمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە يەي.

— ھە، مانا ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشىدىڭ.

بىز شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئاپام قولتۇقىغا بىر توپ ماتېرىيالنى قىستۇرغىنىچە ياتاق ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرماستىنلا بىر بۇردا ناننى ئۇشتۇپ ئاغزىغا سېلىپ، ئارقىدىن ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان سۈتنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى. قارىغاندا ئۇ راستلا بەك ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى.

— بۈگۈن ئەدىبەمنى يەسلىگە سىز ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى ئاپام ئېغىزىدىكى سۈت يۇقۇندىسىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتكەچ، — مەن خىزمەتكە بىر سائەت بۇرۇن بارمىسام بولمايدۇ. جىددىي دوكلات بېرىدىغان ئىشىم بار ئىدى.

دادام خورسىنىپ قويۇپ ئۈندىمىدى.

— ھە راست، — دېدى ئاپام ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، — ئەدىبەمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ بېقىڭ. يېقىندىن بېرى ئۇ ئاخشىمى تولا جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. مەكتەپتە ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ، قانداق؟

— خوپ، خانىم، — دېدى دادام كىنايە بىلەن، — دېگەنلىرىڭىزنى بەجانىدىل ئورۇنلايمەن.

— ھەي، ئۇنداق دېيىشىپ كەتمەيلى، — دېدى ئاپام سەل قىزىرىپ.

— بولدى، بولدى، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، — دېدى دادام قولىنى پۇلاڭلاتقانچە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم.

— خوش.

كىتاب تورى

ئاپام چىقىپ كېتىۋېدى، بىز بىرپەس جىمجىت ئولتۇرۇپ قىلىشتۇق. بىرئازدىن كېيىن دادام يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇھسىنىۋېتىپ، سائەتكە قاراپ قويۇپ:

ــ بىز ماڭايلى، بالام. سائەت توشۇپ قاپتۇ،ــ دېدى.

مەن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. چاپىنىمنى بىلەن ئايىغىمنى كىيىپ، ئاسقۇدىكى بوغچامنى ئېلىپ ئۆشنەمگە ئارتتىم. دادام ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ ماڭا ياردەممۇ قىلمىدى. ھەي، مەن ئۈچۈن ئاپام بولمىسا زادىلا بولمىغۇدەك. ئۇ ھەر كۈنى چاپىنىمنى كىيدۈرۈپ، بوغچامنى ئېسىپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ ھەربىكىتىگە ئۇن ـ تىنسىز ئەگىشەتتىم ھەم بىرخىل ھوزۇر ھېس قىلاتتىم. ئاپامنىڭ كۆزلىرى قۇياشتەك ۋۇجۇدۇمغا نۇر چېچىپ تۇراتتى.

مەن دادامغا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتىم. كوچىدىكى ئادەملەر نەگىدۇر ئالدىرىشاتتى. كىچىك ماشىنىلار يېنىمىزدىن غۇيىدە ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن تۇرۇپلا ئاتا ـ ئانىسى يەسلىگە كىچىك ماشىنىسى بىلەن ئەكېلىپ قويىدىغان باللارنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلار تولىمۇ مەغرۇر ئىدى، دەرۋازىدىن كىرىۋاتقاندا ئەتراپىدىكى دوستلىرىغا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كۆرەڭلىۋالاتتى، كەچتە يەنە دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ماشىنىغا خۇددى بىر يەرنىڭ كىچىك ئەمەلدارىدەك غادىيىپ چىقىپ مىڭىپ كېتەتتى.

ــ دادا، قاچان مېنى يەسلىگە كىچىك ماشىنىدا ئاپىرىپ قويىسەن؟ــ دېدىم ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ كېتىۋېتىپ.

ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ماڭا قاراپ قويدى.

— قانداق دەيسەن؟
— جىق باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى كىچىك ماشىنىدا كېلىدۇ.
— ھىم، بۇ چوڭ ئىش ئەمەس بالام، مەنمۇ پات يېقىندا ئېسىل ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالىمەن.
— راستمۇ ؟
— ھەئە، شۇ چاغدا سېنىمۇ ماشىنىدا ئاپىرىپ ئەكېلىمەن، ساڭىمۇ دوستلىرىڭ ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ.
مەن خۇش بولۇپ كېتىپ، كىچىك بارماقلىرىم بىلەن دادامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدۇم.
— ئەمىسە، چوقۇم ۋەدەڭدە تۇر ھە، دادا.
— خاتىرجەم بول، لېكىن سەنمۇ يەسلىدە ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك.
— ياخشى ئۆگىنىمەن.
— ئەمىسە قول ئېلىشايلى.
— ھە، قول ئېلىشايلى.
بىز بارماق ئىلىشىپ ئەھدىلەشتۇق. مەن ھاياجانلىنىپ چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىشقا باشلىدىم. بۇ يول مەن كۈندە مېڭىۋاتقان يول بولسىمۇ، بۈگۈن نېمىشقىكىن، كۆزۈمگە بۆلەكچە يېقىملىق ۋە ئازادە كۆرۈنەتتى. دادامنىڭ ئەسلىدىلا ئېگىز بويى تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتكەندەك، خۇددى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە توپتىن بىرنى سېلىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان بودەك قورسىقى تېخىمۇ چىرايلىق بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ پات - پات يان تېلېفونىدا كىملەر بىلەندۇر سۆزلىشىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئىش ھەرىكىتى ماڭا شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە مەغرۇر تۇيۇلاتتى.

ئاخىرى يەسلى دەرۋازىسىغا كەلدۇق. گەرچە دادام مېنى كىچىك ماشىنىدا ئەكېلىپ قويىمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىچىك ماشىنىدا كەلگەن بالىلاردىن بەكرەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. دادام مېنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ ئارقىسىغا ياندى.

— خوش، دادا!

— خوش!

دادام ماڭا قول پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، تېز - تېز قەدەم بىلەن يەسلى دەرۋازىسىدىن يىراقلاشتى. مەن مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئارقامغا قارىغىنىمدا، ئۇ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

مېھراي مۇئەللىم تونۇگۈن بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، بىزگە يېڭى ناخشا ئۆگەتتى.

تاشلار ئوقۇيدۇ،
دەريادا ئۈزۈپ.
تاشلار ئوقۇيدۇ،
سايدا سەپ تۈزۈپ.

ياخشى ئوقۇسا،
قاشتېشى بولار.
ناچار ئوقۇسا،
هاك تېشى بولار[1].

بىز بۇ ناخشىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇق. كەيپىياتىم ياخشى بولغاچقا، ناخشىنى تېزلا يادلىۋالدىم. مېھراي

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ياسىن ئابدۇقادىر.

مۇئەللىم سىناق ئالغاندا مەن بىرىنچى بولۇپ قول كۆتۈرۈپ ئوقۇپ بەردىم.

— ئەدىھەم دوستىمىزنى ئالقىشلايلى، — دېدى ئۇ خۇش بولۇپ، — ئۇ ناخشىنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋاپتۇ.

مېھراي مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دوستلىرىم، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمىگەندەك، بەس - بەستە قول كۆتۈرۈشكە باشلىدى، بىراق بىرىمۇ ناخشىنى توغرا ئوقۇپ بېرەلمىدى. مەن بۇ نەتىجەمدىن تولىمۇ پەخىرلەندىم. ئەگەر مۇشۇ تاپتا يېنىمدا ئاپام ياكى دادام بولۇپ قالغان بولسا - ھە؟ ئاپام يادىمغا يېتىشىگە بايىقى خۇشاللىقىم ئاللىقاياقلارغا يوقاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ سەل ئالدىراش، ئەتە - ئاخشاملاردا مەن بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا ياتاق ئۆيدە مېنى يالغۇز ئۇخلىتىپ قوياتتى. يېرىم كېچىلەردە ئۇنىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى بايقىغىنىمدا، قورقۇنچمۇ ياكى ئۇنى سېغىنىش تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئۆزۈمچە مىشىلداپ يىغلىغۇم كېلەتتى. گاھىدا بېشىمنى يوتقانغا چۈمكىۋېلىپ راستىلا يىغلايتتىم. مېنىڭ يىغامنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. ئاپامنىڭ ھىدلىرى مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ ماڭا ئانچە ئامراقلىق قىلمايۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. يەسلىگە بېرىشتىن ئاۋۋالقى ئاپام بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك دەقىقىلەرنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ قالاتتىم. نەچچە كۈن ئاۋۋال بىر ئەتىگىنى ئاپام مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمگە كىرگەندە ئۇنىڭ بويىنىغا چىڭ ئېسىلىۋالدىم.

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟ — دېدى ئاپام بۇ قىلىقىمدىن سەل ھەيرانلىق ھېس قىلىپ.

— سىزنى سېغىنىدىم.

ئاپام ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— جېنىم بالام، مەن يېنىڭدا تۇرساممۇ سېغىنىدىڭمۇ؟

— ياق، سىز يېنىمدا تۇرمىدىڭىز.

— نەدىكىنى، مانا يېنىڭدا تۇرمايمەنمۇ؟

— ئاخشىمى نېمىشقا يېنىمدا ياتمايسىز؟ ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئاپا دېگەن بالىسىغا ئۆچ بولۇپ قالمايدۇ. بالام. سەن چوڭ بولدۇڭ، ئەمدى يالغۇز يېتىشىڭ كېرەك...

— لېكىن، سىز بولمىسىڭىز قورقىدىكەنمەن.

— هاي، هاي، بۇ گەپ بولمىدى، ئوغلۇم. ئۆز ئۆيىدىنمۇ قورقۇمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن دېگەن ئوغۇل بالا، قەيسەر، باتۇر بولۇشۇڭ كېرەك.

يەنە گەپ قىلسام ئاپامنى راستىنلا خاپا قىلىپ قويۇشتىن بەكلا قورقاتتىم، شۇڭا جىم بولۇپ قالدىم. ناۋادا ئۇ مەندىن رەنجىپ قالسا، ئۇنىڭ ماڭا تىنىق بېرىۋاتقان ھىدلىرىدىن، مەن ياخشى كۆرىدىغان نۇرلۇق ئاي چىرايىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. مەن يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئالىقانلىرىم بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيلىدىم.

— ئاپا، ماڭا ئۆچ بولۇپ قالماڭ، ئەمدى سىزنى قەتئىي خاپا قىلمايمەن.

بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغان ئاپام مېنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ:

— جېنىم قوزام، سەن شۇنچە ئوماق، گەپ ئاڭلايدىغان بالا تۇرساڭ، نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالغۇدەكمەن، قالايمىقان خىياللارنى قىلمىغىن، — دېدى.

... ...

— ئەدىھەم!

مېھراي مۇئەللىمنىڭ تۇيۇقسىز قاتتىق چاقىرىشى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. مەن ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئاپامنىڭ كۆز ئالدىمدىكى نۇرلۇق سىيماسى غايىب بولدى. ساۋاقداشلىرىم خۇددى ماڭا بىر ئىش بولغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراۋاتاتتى.

— مۇئەللىم، مەن...

— چاقىرسام بېشىڭىزنىمۇ كۆتۈرمەيسىز، ماختاپ قويغانغا ئۇچۇپ كېتىپ چۈش كۆرۈۋاتامسىز ـ يا؟

— ياق، ئاپام...

— بۇيەردە ئاپىڭىز يوق، زېھنىڭىزنى يىغىپ ماڭا قاراڭ، ھازىر تېپىشماق ئويۇنى ئوينايمىز.

— ماقۇل، مۇئەللىم.

مېھراي مۇئەللىم ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىۋاتقان باشقا باللارنىمۇ جىملىگەندىن كېيىن، قولىدىكى كىتابقا قاراپ تېپىشماق ئوقۇشقا باشلىدى:

— يازدا شوخ ـ شوخ ئوينايدۇ، قىشتا توڭلاپ ئۇخلايدۇ.

تېپىشماقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزى باللار نېمىشقىدۇر پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى. گۈلگىنە ئىسىملىك قىز ھېچقانداق چىراي ئىپادىسىز قولىنى كۆتۈردى.

— ھە، گۈلگىنە...

گۈلگىنە ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ دۇدۇقلىدى:

— مۇئەللىم... ئۇ نېمە؟

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق. مېھراي مۇئەللىم بېشىنى چايقاپ قويۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— دەرسكە زېھىن قويۇڭلار باللار. مەن سىلەرگە

تېپىشماق ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن، سىلەر ئۇنىڭ جاۋابىنى مەندىن سورىماي، ئۆزۈڭلار ئويلىنىپ تېپىشىڭلار كېرەك. كىم ئەقىللىق بولسا بۇ تېپىشماقنى تېز تاپالايدۇ.

سىنىپ ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. بەزىلەر توختىماي «شىرت ـ شىرت» قىلىپ بۇرنىنى تارتاتتى، بەزىلەر خۇددى تۆت تامدىن جاۋاب چىقىدىغاندەك ئەتراپقا ئەلەڭ ـ سەلەڭ قارايتتى. ھەممىمىز ئويلىنىش ئىچىدە، لېكىن يازدا ئويناپ قىشتا توڭلايدىغان بۇ نەرسە ھېچ ئېسىمىزگە كەلمەيتتى.

ــ دەرەخ،ــ دېدى بىرچاغدا ئەسەت ئىسىملىك بودەك بالا، بۇ تېپىشماقنى تۇنجى بولۇپ تاپقان ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ ئىككى يېنىغا مەغرۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن،ــ ئۇ يازدا يوپۇرماق چىقىرىپ خۇشال ئۇسسۇل ئوينايدۇ، قىشتا يوپۇرمىقى ئۇچۇپ كېتىپ توڭلايدۇ.

باللار قىزىقىش ئىچىدە ئۇنىڭغا بۇيۇندىشىپ قارىغىلى تۇرغاندا، مېھراي مۇئەللىم بېشىنى چايقىدى.

ــ ياق، تاپالمىدىڭىز.

ــ شامال،ــ دېدى يەنە بىر ساۋاقدىشىمىز ئالدىراپ قول كۆتۈرۈپ.

ــ بۇمۇ توغرا ئەمەس،ــ دېدى مېھراي مۇئەللىم،ــ لېكىن ھەرھالدا يېقىنلاشتۇردۇڭلار. بۇ تېپىشماقتا دېيىلگىنى تەبىئەتتىكى بىر جىسىم، سىلەر دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ.

ــ سۇ،ــ دېدى ئادەتتە ناھايىتى كەمسۆز

كۆرۈنىدىغان، بىر قولىدا ئالتە تال بارمىقى بار ئېلشات ئىسىملىك ساۋاقداش.

مېھراي مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ــ ئېلشاتجان بەك ئەقىللىق ئىكەن، ئۇ توغرا تاپتى. بۇ دەل سۇ. سۇ دېگەن يازدا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە شوخ ئويناپ ئاقىدۇ، قىشتا مۇز بولۇپ توڭلايدۇ.

ئەسلىدىلا بىر تال بارمىقى ئارتۇق ئېلشات، بۇ قېتىمقى تېپىشماق دەرسىدە بالىلارنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ باشقىچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىز ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشتۇق ھەم ھەيران قېلىشتۇق. بۇ تېپىشماقنىڭ سۇ ئىكەنلىكىنى ئۇ قانداق بىلىۋالدىكىنە؟

ھېچكىمنىڭ ئارقىدا قالغۇسى كەلمەيتتى. بىرىنچى بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئۇنداق بالىنى مۇئەللىممۇ ياخشى كۆرەتتى، بىزمۇ ياخشى كۆرەتتۇق ھەم ئۇ تەبىئىيلا بىزنىڭ ئۈلگىمىز، باشلامچىمىز بولۇپ قالاتتى. بۇ قېتىم بالىلار سەل جىددىيلەشتى، ئۇششاق پاراڭلار بىردىنلا بېسىلىپ، ھەممىمىز مېھراي مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان يېڭى تېپىشماققا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشتۇق.

ئىككىنچى تېپىشماق ئوقۇلدى:

ئىزى قارا، يولى ئاق،
ئۇزۇنتۇرا بىر ئاداش.
قىسىپ تۇرۇپ بارماقتا،
يۈگۈرتىمىز ئالدىراش.
تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

ئامايسا

مېھراي مۇئەللىم تېپىشماقنى ئوقۇپ بولۇپ بىزگە تەكشى قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاغزى يېرىم ئۇچۇق ھالەتتە تۇراتتى. ھەممەيلەن تېپىشماقنى ئۇنتۇپ، خۇددى كېپىنەك ياكى قۇشقاچقا ئوخشاش بىرنەرسە ئۇچۇپ چىقمىدىغاندەك ئۇنىڭ يېرىم ئۇچۇق ئاغزىغا تىكىلىپلا قالغانىدۇق. سىنىپ ئىچىدىن پەقەت كىملەرنىڭدۇر بۇرنىنى تارتقان، پۇشۇلدىغان، كارتىلدىتىپ بېشىنى قاشلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— قېنى، قايسىڭلار بۇنىڭ جاۋابىنى تاپتىڭلار؟

ھەممىمىز جىم ئىدۇق، لېكىن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ جاۋابىنى بىرىنچى بولۇپ تېپىپ، سىنىپ ئىچىدە قالتىس بولۇش ئارزۇيىمىز كۈچلۈك ئىدى.

— ئالدىڭلاردىلا بار، — دېدى مېھراي مۇئەللىم يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ، — قولۇڭلارنى ئۇزاتساڭلارلا تاپالايسىلەر.

بىز بىردەك ئالدىمىزغا قاراشتۇق. ئۈستەل، دەپتەر، قەلەم، كىتاب ...

— مۇئەللىم، مەن تاپتىم.

قەدىرىيە ئىسىملىك ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئاۋازى ھەممىمىزنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئەمدى يەنە ئويلىنىشقا پۇرسەت قالمىغانىدى. لېكىن، كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ قول كۆتۈرگەن بىلەن جاۋابىنى تاپالماي مېھراي مۇئەللىمدىن سورىماقچىمۇ تېخى.

— ھە، قەدىرىيە...

— ئۇنىڭ جاۋابى... — قەدىرىيە سەل توختىۋېلىپ، ئۆزىدىن پەخىرلەنگەندەك ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى، — قەلەم.

— توغرا،— دېدى مېھراي مۇئەللىم خۇش بولۇپ،— سىلەردە ئىلگىرىلەش بار، بۇ نۆۋەت بىر قېتىمدىلا توغرا جاۋاب بېرىلدى. قېنى دوستۇڭلارنى ئالقىشلاپ چاۋاك چالمامسىلەر؟!

بىز قەدىرىيەگە قېيدىغاندەك سۇس چاۋاك چالدۇق. نېمىدېگەن ئاددىي تېپىشماق بۇ، ھەممىمىز بىلىدىغاندەك، تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا باردەك، ئازراقلا ئويلىساق تېپىۋالىدىغاندەك، لېكىن... بەربىر باشقىلىرىمىز تاپالماي، مۇشۇ قىز تاپتى - دە. مەن ئۆزۈمنى ئەقىللىك ھېسابلىساممۇ، ھەر ئىككى قېتىمدىكى تېپىشماققا جاۋاب بېرەلمىگەنىدىم. ئاپامنىڭ مېنى ئەركىلىتىپ، «سەن بەك ئەقىللىك» دېگەنلىرىنى ئويلاپ يۈزۈم چىمىلداپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئاپامغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

— ئەمدى ئەڭ ئاددىي، شۇنداقلا ئەڭ قىيىن بىر تېپىشماقنى ئېيتىمەن، قېنى كىم تېز تاپالايدۇ؟

— مەن!...

— مەن!...

مېھراي مۇئەللىم تېپىشماقنى ئېيتماي تۇرۇپلا، كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلار ۋارقىرىشىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. مېھراي مۇئەللىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— دۇنيادا كىم ئەڭ چىرايلىق؟— دەپ سورىدى.

بۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايدىغانلا بىر تېپىشماق ئىدى. بايا ھاياجانلىنىپ ۋارقىراشقانلارمۇ تېپىشماقنى ئاڭلاپ جىممىدە تۇرۇپ قېلىشتى.

— مېنىڭ ئاپام،— دېدىم تويۇقسىز قانداقتۇر بىر

هاياجانىنىڭ تۈرتكىسىدە. دېمىسىمۇ ئاپامنى ئويلاشقا باشلىسام ئىلا، كۆز ئالدىمدىكى ھەرقانداق نەرسە غۇۋالىشىپ، ئۇنىڭ سىيماسى قۇياشتەك نۇرلىنىپ كېتەتتى، ھېچكىمنى ئاپامغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، ئۇ قەلبىمدە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ مېھرىبان بىر ئانا ھېسابلىناتتى.

جاۋابىمنى ئاڭلىغان باللار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ ئاپاممۇ چىرايلىق، — دېدى بىر ئىككىسى ئالا – تاغىل ۋارقىرىشىپ. كېيىن باللار بەس – بەستە تالىشىشقا باشلىدى.

— مېنىڭ ئاپام چىرايلىق.

— مېنىڭ ئاپام... چىرايلىق.

مېھراي مۇئەللىم ماڭا قارىدى. بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ رەك توختاپ قالدى. باللار توختىماي چۇرقىرىشىۋاتاتتى. مېھراي مۇئەللىم قولىدىكى كىتابنى يېپىپ قويدى ۋە:

— بولدى، باللار، ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلماڭلار. بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى ئەدىبىم دوستىمىز دېگەندەك بولسۇن. دۇنيادىكى ئانىلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق، — دېدى.

مەن بۇ دەرستىن تېپىشماق تاپقان پەخىرلىك ھېسسىياتقا ئېرىشەلمىگەن بولسام ئۇ، لېكىن ئاپامنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئانا ئىكەنلىكىنى بايان قىلالىغانلىقىمدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. شۇ دەقىقىدە ئاپام مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلاۋاتقاندەك، پېشانەمگە سۆيۈپ ماختاۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

## تۆتىنچى باب

# ئاپام مېنى سۆيۈپ قويمىدى

ئەمدى دادامنىڭ مېنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ۋاقتى چىقمايدىغانلا بولدى، ھەتتا ئىلگىرىكىدەك كەچتە مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ تېلېۋىزور كۆرىدىغان، مەندىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ، قىزىق ـ قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىدىغان كۆڭۈللۈك ئىشلارمۇ ئۆكسۈپ قالدى. ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئاللىقانداق ماتېرىياللار بىلەن ھەپىلىشەتتى، كىملەر بىلەندۇر يان تېلېفوندا توختىماي ئالاقىلىشاتتى، جىق ئادەملەرگە بىر ئىشلارنى ھاۋالە قىلاتتى. ئەتىگىنى يەنە ئالدىراش ناشتا قىلىپ، ماڭىمۇ قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇ يا بىرنەرسىنى يىتتۇرۇپ قويغان ئادەمگە، يا بىرى بىلەن خاپىلىشىپ قالغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. تېخى بۈنى ئاز دەپ، يېقىنىنىڭياقى يېرىم كېچىگىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان ئىشلىرى كۆپەيگىلى تۇردى. ئۇ ھەر ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارايتتىم. مېنى ئەركىلىتىشىنى، «يۈرە بالام، باشقىلاردەك كىچىك ماشىنىمىز بولمىسىمۇ سېنى ئۆزۈم يېتىلەپ يەسلىگە ئاپىرىپ قوياي» دەپ باشلىرىمنى سىيلاپ، قولۇمنى يېتىلىگىنىچە ئېلىپ

مېڭىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، دادامنىڭ ماڭا قاراشقا چولىسى يوق ئىدى.

دادام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاپام ئۆيلەرنى چالا ـ پۇلا يىغىشتۇرۇۋېتىپ مېنى ئالدىراتتى:

ــ تېزرەك ماڭايلى، بالام، كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق.

مەن دادامنىڭ بىز بىلەن كارى بولمايۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا خاموش ئىدىم. ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئۈن ـ تىنسىز ئەگەشتىم. ئۇ خۇشالمۇ ئەمەس، خاپىمۇ ئەمەس بىرخىل كەيپىياتتا كېتىۋاتاتتى. مەن پات ـ پات ئەتراپىمغا قاراپ قوياتتىم. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى، لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىغىلىمۇ چولىسى تەگمەيدىغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئالدىراش مېڭىشاتتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز دادامنىڭ بىر كىچىك ماشىنىدا يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك قىلدىم. شۇغىنىسى، بۇنىڭغا تازا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتىم. ماشىنىنىڭ بەك تېز بولغاچقا، خۇددى بىر كىنو كۆرۈنۈشىدەك «يالت»لا قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ راستىلا دادام بولسا، چوقۇم ماشىنىنى توختاتقۇزۇپ بىزنى سېلىۋالغان بولاتتى ـ ھە؟ چۈنكى، ئۇ ئاپامنىڭ خىزمەتكە، مېنىڭ يەسلىگە كېچىكىپ قالغانلىقىمنى ياخشى بىلىدۇ ـ دە... بەلكىم ئۇنى ئويلاپ ماڭغاچقا كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم يەنىلا قانائەت تاپمايۋاتاتتى.

ــ ئاپا، دادامنى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ دېدىم «خىيالىم»نى دەلىللەپ باقماقچى بولۇپ.

— قەيەردە؟

— هازىرلا... يېنىمىزدىن بىر ماشىنىدا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدىغۇ؟

— شۇنداقمۇ...

ئاپام ئانچە ھەيران قالمىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسى مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. ئۇ ھېچ بولمىسا «ياق بالام، كۆزۈڭگە شۇنداق كۆرۈنۈپ قاپتۇ، داداڭ بولغان بولسا بىزنى كۆرۈپ چوقۇم توختايتتى» دەپ قويغان بولسا مەنمۇ يېنىكلەپ قالاتتىم. بۇ ئىشنى ئۇنچە چوڭقۇر ئويلاپمۇ ئولتۇرمايتتىم.

ئاپامغا قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە چوڭ - چوڭ چامداپ كېتىۋاتاتتى. مەن خۇددى ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىدەك توختىماي پۇلاڭلايتتىم، دەلدۈگۈنەتتىم، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قىينىلاتتىم. ئاپام يېتىلەپ ماڭغان قولۇم ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. قولۇمنى تارتىۋېلىشنى ئويلايتتىم - يۇ، ئاپامنىڭ ماڭا قارىماي كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ چىشىمنى چىشلەپ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىۋاتاتتىم. ئاپامنىڭ كاللىسىغىمۇ نۇرغۇن خىياللار كىرىۋالغان بولسا كېرەك، ئېسى تازا بىر جايدا ئەمەستەك قىلاتتى.

ئاپامنى سەل ئاستىلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا باشلىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ مېنى قىيناۋاتقان سوئاللارنىڭ بىرى ئىدى.

— ئاپا، دادامغا نېمە بولدى؟

كۈتكىنىمدەك ئاپامنىڭ قەدىمى سەل ئاستىلىدى.

— قانداق دەيسەن، بالام؟

— يېقىندىن بېرى ئۇ... مەن بىلەن ئانچە...
مەن ئۇنىڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.
— مەن ساڭا ياخشى قارىيالمىدىممۇ، بالام؟
— ياخشى قارىدىڭىز، لېكىن... دادام...
— ئۇ ئالدىراش.
— نېمىگە ئالدىرايدۇ، ئاپا؟ كىچىك ماشىنا سېتىۋالغىلىمۇ؟
— ياق، ئۇ «زۇڭتۇڭ سايلىمى»غا قاتناشماقچى.
مەن ھاڭۋېقىپ قالدىم. ئاپام مېنىڭ ئۇ گەپلەرنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ يەتتىمۇ، ماڭا قايرىلىپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئەمما، مەن تېلېۋىزوردىن جىق نەرسىلەرنى كۆرگەنىدىم، شۇڭا ئالدىراپ سورىدىم:
— بوشقا ئوخشاشمۇ، ئاپا؟
ئاپامنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.
— بۇنى قانداق بىلىسەن؟
— تېلېۋىزوردىن «زۇڭتۇڭ بوش» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان.
— ھە...
— دادام كاتتا باشلىق بولىدىكەن ـ دە، ئاپا؟
— ھىم...
— ئۇ چاغدا بىزنىڭمۇ كىچىك ماشىنىمىز بولامدۇ؟ دادام مېنى ھەر كۈنى كىچىك ماشىنىدا يەسلىگە ئاپىرىپ قويامدۇ؟
ئاپام ئۈندىمىدى. لېكىن، مېنىڭ بايىقى روھسىز كەيپىياتىم بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى قالتىس ئادەم بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم... ناۋادا

دادام تېلېۋىزوردا ئىسمى ئاتىلىدىغان بىر ئادەمگە
ئايلانسا بۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن بەكمۇ چوڭ ئىش بولغان
بولاتتى. دادامغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ باشقىلارغا
سۆزلىگىنىنى، چىرايلىق ماشىنىلارغا چىقىپ
ماڭغىنىنى كۆرسەم ...

تۇيۇقسىز خىيالىم ئۈزۈلدى. ئاپام قولۇمنى
قويۇۋەتكەنىدى.

— بالام، يەسلىگە كەلدۇق. بالىلار بىلەن ئۇرۇشماي
ياخشى ئوينا. كەچتە كۆرۈشەيلى.

ئۇ ئىلگىرىكىدەك مېنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ
قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدىرىغىنىچە كېتىپ قالدى.
ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، بىرى بىلەن ئازارلىشىپ
قالغاندەك خاپىغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ
تۇردۇم. يۈزۈمنىڭ ئاپام دائىم سۆيۈپ قويىدىغان تەرىپى
قىچىشىشقا باشلىدى. ئاھ، ئاپا! مېنى سۆيۈپ قويسىڭىز
بولاتتى.

يەسلىدىكى بۇ بىر كۈنۈم ئىلگىرىكىگە ئوخشاش
كۈنتەرتىپلەر بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كەتتى.
يېڭىلىق بولدى دېيىشكە توغرا كەلسە، مۇئەللىمىمىز
مېھراي مۇئەللىم ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا كېلەلمەپتۇ.
ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سىنىپقا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان
يەنە بىر مۇئەللىم ۋاقىتىنچە بىزگە دەرس ئۆتۈپ تۇردى.
مەن ئەتىگەنكى كەيپىياتىمدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم، ئەس ـ
يادىم ئاپام بىلەن دادامدا قالدى. ئۇلارنى ئويلىغانسېرى
كۆڭلۈم يېرىم بولدى، يىغلىغۇم كەلدى. چۈنكى، ئۇلار
مېنى ياخشى كۆرمەي مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك
بىر تۇيغۇ كاللامغا كىرىۋالغانىدى... ئاپامدىن، دادامدىن
بۇنىڭ راست ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى سوراپ باقسام

ئۇلار نېمە دەر؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۆيۈمگە كەتكۈم كەلدى. ئاپام: «قوزام، ئۇنداق ئەمەس، بىز سېنى بەك ـ بەك ياخشى كۆرىمىز!» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، دادامنىڭ نېمىگىدۇر ئالدىراشلىق ئىچىدە تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى، جىددىي قىياپىتى، بىرنەرسىلىرىنى تاپالماي ئاپامغا چىچىلغان ھالەتلىرىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ماڭا كۆڭۈل ياسايدىغان سۆزلەرنى قىلىشىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم، ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەندىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، بۇرۇنقى خۇش چاقچاق تەبىئىتىگە قايتسا يەنە كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئۆزۈمنى زورلاپ تۇرۇپ ئىشەندۇرۇشكە تىرىشتىم ...

ئەنە شۇنداق چېچىلاڭغۇ خىيال قايىنىمىدىن خۇددى يۇزىگە سۇ چېچىلغان بالىدەك تۇيۇقسىز ئەندىكىپ دوسكا تەرەپكە قارىدىم. يېڭى مۇئەللىم بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالماي باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇ كۆڭلىدە بەلكىم مېنى دەرسكە كۆڭۈل قويماي ئويناپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان تەنبىھ سۆزلىرىنى يۇتۇۋەتكىنىنى ھېس قىلىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ سولغۇن تۇرقۇمغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ قالدىمۇ ياكى بۇ سىنىپقا ۋاقىتلىق قاراپ تۇرغاچقا بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەي دېدىمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئاخىرىغىچە ماڭا ۋارقىراشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

## بەشىنچى باب

# بۇ چۈشۈمدۇ

ئاپام مېنى ئالغىلى خېلىلا كېچىكىپ قالدى. مەن تېخى ئۇنى مېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ھەرنېمە بولسا ئاخىرى كەلدى.

— مېنى كەچۈر بالام، — دېدى ئاپام خىجىللىق ئىلكىدە كۈلۈمسىرەپ، — مەكتەپتە يىغىن ئېچىلىپ... ئىشتىن سەل كېچىكىپ چۈشۈپ قالدۇق.

— ئاپا...

ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتماقچى بولغانىدىم، لېكىن كۆزلىرىدىكى بىر ئىپادىنى كۆرۈپ توختاپ قالدىم. ئۇ كۆزلىرى ئارقىلىق مېنىڭ چوڭ بولغانلىقىمنى ئەسكەرتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن چۈشەندىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدىم. ۋۇجۇدۇمغا ئىللىق بىر سېزىم تارىدى. ئاپامنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى. مەن ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. چۈنكى، ئاپام ئىللىق قۇياش، ئۇ نۇر چېچىپ تۇرسىلا مېنىڭ كۆڭلۈم توق، ساغلام كۆچەتتەك بەرق ئۇرىمەن.

بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، كۆڭلۈمدە تاتلىق بىر تۇيغۇلا قالدى. ئاپامنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇر ۋە ئوتلۇق ئىدى. ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ئەسلا ھەققىم يوقلۇقىنى

بىلگىنىمدە، بىردىنلا خىجىللىق ئىچىدە يۈزۈم قىزىرىشقا باشلىدى.

— ئاپا...

— ھە، بىرەر ئىش بولدىمۇ، ئوغلۇم؟

— ياق، ئاپا. شۇ... سىزنى سېغىنىپ...

ئاپام پىسسىڭىدە كۈلدى. كۆزلىرىدىن بالقىۋاتقان چەكسىز بىر ئىپتىخار ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ئېڭىشىپ يۈزۈمگە سۆيدى. شۇ ھامان جېنىم يايراپ كەتتى. ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە، ھەممىگە باراۋەر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كۈن ئولتۇرۇۋاتقان بۇ پەيت ماڭا يېڭى بىر كۈن باشلانغاندەك گۈزەل ۋە نۇرانە بىلىنمەكتە ئىدى.

ئۆيگە ئادەتتىكىدىن تېز كېلىپ قالغاندەك بىلىندى. دادام تېخى قايتمىغانىدى، ئۇنىڭ قانداق چاغدا ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىغىمۇ بىر نىمە دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ھازىر بەك ئالدىراش، ئاپام ئېيتقان «زۇڭتۇڭ سايلىمى» ئۇنى شۇنداق ئالدىراش قىلىۋەتكەنىدى.

ئاپام ئۆيگە كىرىپلا سومكىسىدىن بىر يالتىراق بولاقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىدە قويغاندىن كېيىن، ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. مەن شىرە ئۈستىدىكى بولاقتىن تارقىلىۋاتقان مەززىلىك پۇراقنى سېزىپ قالدىم. بۇ مەن ئامراق توخۇ كاۋىپى ئىدى. ئاپام راستىلا مېنى بەك چۈشىنىدىكەن. بۈگۈن يەسلىدە ئىختىيارسىز توخۇ گۆشىنى سېغىنىپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتكەنىدى.

بىركەمدە ئاپام ياتاق ئۆيدىن چىقتى. ئۇ چاچلىرىنى يەلكىسىگە قويۇۋېتىپ، ئۇچىسىغا توق قىزىل

كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. ئۈستىبېشىدىن قىزىلگۈلدەك خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى. ئاپام ماڭا تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ قاپتىمەن.

— نېمە بولدى، ئوغلۇم؟ ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ؟

ھاياجاندا نۇرلانغان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەي قالدىم.

— سىز... سىز... بەك چىرايلىق جۇمۇ، ئاپا.

ئاپام ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ۋاھ... ۋاھ... مېنىڭ ئوغلۇم ئاپىسىغا خۇشامەت قىلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ دېسە.

— سىز بەك بەلەن...

— سەنمۇ بەلەن، ئوغلۇم، — ئاپام شۇنداق دېگەچ قولىدىكى ئويۇنچۇقلارنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

بايا ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ قالغىنىمدا، قولىدىكى ئويۇنچۇقلىرىمغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. يەسلىگە كىرگەندىن بۇيان ئاپام مېنىڭ خالىغانچە ئويۇنچۇق ئوينىشىمغا يول قويمايدىغان بولغانىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئىشلىشىمگە تەسىر يېتىدىكەن. ئويۇننى ئاز ئويناپ، تىرىشىپ ئۆگەنمىسەم كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولالمايدىكەنمەن. ئاپام شۇنداق چۈشەندۈرگەندىن كېيىن مەنمۇ ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنغانىدىم. بۈگۈن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرىمنى ئالدىمغا قويۇشى ۋە كەچ كىرگىنىگە قارىماي خۇددى مېھماندارچىلىققا بارىدىغاندەك چىرايلىق ياسىنىشى مېنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى.

— ئاپا، بىر يەرگە بارامسىز؟

ئاپام ماڭا لاپپىدە قاراپ قويدى. چىرايىدىن ئازراق ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەئە، ئوغلۇم... دوستلىرىم بىر يەرگە مېھمانغا چاقىرغانىدى.

— دادامچۇ؟

ئاپام سائەتكە قاراپ قويدى.

— ئۇمۇ.. بىر يەردە... ساڭا دەپ بەرسەممۇ چۈشەنمەيسەن بالام.

— مەنچۇ؟

— سەن...

كۆزلىرىمگە غىلىلىدە ياش كەلدى. ئاپامنىڭ مېنى ئۆيدە يالغۇز قويۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم، لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا مۇجمەل ئىدى. ئاپام بىلەن بىرگە بېرىش ياكى ئۇنى ماڭدۇرماسلىقنىڭ بىرەر باھانىسى ئۈستىدە ئويلىناتتىم.

ئاپام شىرە ئۈستىدىكى يالتىراق بولاقنى ئاچتى.

— قارا، بالام. سەن ئامراق توخۇ كاۋىپى، ئويۇنچۇقلىرىڭ، يەنە...

— يالغۇز قالسام قورقىمەن.

مەن ھۆرپەيدىم.

— ئوغۇل بالىمۇ قورقامدۇ؟ سەن دېگەن ئەزىمەت.

— ياق، سىز بىلەن بارىمەن.

— بولمايدۇ، — ئاپام كەسكىن رەت قىلىۋەتتى، — ئۇ كىچىك بالىلار بارىدىغان يەر ئەمەس.

— سىز مېنى چوڭ بولدۇڭ دېگەنغۇ؟ — ئاپام بىردەملىككە گېپىنى تاپالماي تۇرۇپ قالدى. مەن

يىغلىدىم،ــ سىز... سىز مەندىن بىزار بولغان ئوخشايسىز...

ئاپام ئاستا كېلىپ پېشانەمگە سۆيدى.

ــ ئۇنداق ئەمەس، ئوغلۇم، مەن ساڭا بەك ئامراق. لېكىن، چوڭلارنىڭ دېگەن جىق ئىشلىرى بولىدۇ، ھەممىلا يەردە بالىلارنى ئېلىپ يۈرۈش ئەپسىز، شۇڭا مېنى چۈشەنگىن، جېنىم بالام. داداڭمۇ ھېلىلا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

ئاپامنىڭ ئىرادىسى قەتئىي ئىدى. كۆز ياشلىرىمغىمۇ پەرۋا قىلمىغان يەردە، ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا نېمە ئامالىم بولسۇن؟!

ئۇ سائىتىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويۇپ:

ــ گېپىمنى ئاڭلا، جېنىم بالام. مانا، ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى، ھازىرلا ماڭمىسام ئۈلگۈرەلمەيمەن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشىدۇ،ــ دېدى ۋە سومكىسىنى ئېلىپ مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى.

مەن خۇيلانغىنىمچە ئۆزۈمنى كىرىسلوغا تاشلىدىم، كۆز ياشلىرىم توختىماي تۆكۈلەتتى.

ــ قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ خالىغان ئويۇنۇڭنى ئوينا، بالام،ــ ئاپام ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە كەينىگە بۇرۇلۇپ تاپىلىدى،ــ پەقەت ئوچاقنىڭ گېزىنى ئاچما، دېرىزىدىن مارىلىما، بىركىم ئىشىك چەكسە قەتئىي ئاچمىغىن. داداڭ بىلەن ئىككىمىزدە ئاچقۇچ بار، ئىشىكنى ئۆزىمىز ئېچىپ كىرىمىز.

مەن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدىم، ئاپام دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ئالدىراش ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. دېرىزىدىن كوچا چىراغلىرىنىڭ سۇس يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار نەگىدۇر ئالدىرىشىپ سىگنال بەرگىنىچە ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۆيىمىز بىردىنىلا كۆزۈمگە يېقىمسىز كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاپام بىلەن ئۆتكەن بايىقى ھاياجانلىق دەقىقىلەر ئاستا ـ ئاستا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پۈتۈن دۇنيا مېنى يالغۇز تاشلىۋەتكەندەك غېرىبانە بىر تۇيغۇ ئىچىمنى ئاچچىق قىلىپ كۆيدۈرەتتى. دادامغا خۇيلىناتتىم، ئاپامغا خۇيلىناتتىم، ئۆزۈمگە خۇيلىناتتىم. كىشىلەر يالغۇز پەرزەنت ئەتىۋارلىق بولىدۇ دېيىشىدىكەن، مېنىڭ ئەتىۋارلىق بولغىنىم قېنى؟ ئاپام كۆز ياشلىرىمغىمۇ پەرۋا قىلماي دوستلىرىنىڭ چېيىغا كېتىۋاتسا، دادام ئاللىقانداق ئىشلار بىلەن ئۆينى، ئاپامنى، مېنى ئۇنتۇپ نە ـ نەلەردە يۈرسە، بىزنىڭ بۇ ئائىلىگە زادى نېمە بولدى؟!

مىشىلداپ يىغلىدىم، ئاخىرىدا ھۆكرەپمۇ يىغلىدىم. يىغامنى تىڭشايدىغان، ماڭا تەسەللى بېرىدىغانمۇ ئادەم يوق. ئۆي ئىچى ئاۋازسىز كىنو كۆرۈنۈشىدەك جىمجىت ۋە سۈكۈتكە پاتقانىدى. كۈنۈپكىسىنى باسسىلا گۈركىرەپ بىر ئىزىدا ئايلىنىدىغان ئايروپىلانىم، بوينىدىكى مەخمەل مۇنچىقىنى بېسىپ قويسام توختىماي قاۋاپ، سەكرەپ كېتىدىغان يۇڭلۇق كۈچۈكۈم، راست ماشىنىدەكلا ئاۋاز چىقىرىپ، چىراغلىرىنى ۋال ـ ۋۇل چاقنىتىپ ماڭىدىغان ساقچى ماشىنام... ھەممىسى خۇددى ھەمراھسىز، شوپۇرسىز قالغاندەك شىرە ئۈستىدە جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئاستا ئۆرە بولۇپ كۈچۈكۈمنىڭ بوينىدىكى مۇنچىقىنى باستىم. كۈچۈك «ھاۋ... ھاۋ... ھاۋ» دەپ قاۋاپ، «تاراق ـ تۇرۇق...

تاراق ـ تۇرۇق» قىلىپ شىرە ئۈستىدە بىر پىرقىراپ، سۈزۈك يېشىل مارجان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە توختاپ قالدى.

ــ ھۇرۇن،ــ دېدىم ئۇنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، ئاندىن ئايروپىلانىمنى ئېلىپ كۇنۇپكىسىنى باستىم،ــ ھازىر قەشقەرگە ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان تەييار بولدى. ئايروپىلانغا تېز چىقىڭلار! گۇر... گۇر...

ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئاپپاق بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى، ئېگىز ئاسماندا يۇلتۇزلار «ۋىل ـ ۋىل» قىلىپ چاقنىشاتتى. ئايروپىلانىم قاناتلىرىنى كەرگىنىچە بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. پاھ، كۆك ئاسمان نېمىدېگەن چەكسىز، نېمىدېگەن گۈزەل! تولۇن ئاي قولنى ئۇزارتسىلا يەتكۈدەك يەردە نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. ناۋادا، يۇلتۇز ياكى ئاي بولۇپ قالسام، ئاسماندا تۇرۇپ ھەممە يەرنى كۆرەلىسەم ـ ھە! قانداق قىلسام ئۇلارغا ئايلىنالايمەن؟ ئايروپىلانىمدىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىرلا سەكرىسەم ئۇلار مېنى تۇتۇۋالارمۇ؟ تۇتۇۋالمىسا شۇنچە ئېگىزدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتسەم قانداق بولار؟ ئاپامدىن، دادامدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ ئۇلار مەندىن ئايرىلىپ قالسا قانداق قىلار؟ يىغلاپ قاقشارمۇ ياكى دادام يەنىلا شۇ ئالدىراشلىقى بىلەن، ئاپام دوستلىرىنىڭ چېيىدا ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرەرمۇ؟

كۆڭلۈم بۇزۇلدى، ئايروپىلان نىشاندىن ئاداشتى.

ــ ئايروپىلاندىن چاتاق چىقتى، يولۇچىلار تېز سەكرەڭلار!

ئەستا، ئەھۋال بەك خەتەرلىك. بۇ كىچىك ئايروپىلان


ئۇيغۇر كىتاب نۇر بىلىكتى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا! پاراشوت ساقلانمىغانىكەن ئەمەسمۇ! يولۇچىلار ئامال يوق بىر ـ بىرلەپ سەكرەشكە باشلىدى. پەستە بولۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى. بىر بولۇت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ــ ھىم، بايا بەك كۆرەڭلەپ كېتىشكەن ئىدىڭلار، ھالىڭلار شۇنچىلىك ئىكەنغۇ. ئاسمان دېگەن بىزگە تەۋە.

ــ ياق، ئاسماندا بىزنىڭمۇ ھەققىمىز بار. بىز ئاي شارىغىمۇ چىققان، سىلەر قانچىلىك ئىدىڭلار؟! شامال قەيەرگە ئۇچۇرسا شۇ يەرگە بارسىلەر، يا چاقىڭلار، يا رولىڭلار يوق.

ــ ئەمىسە چۈشۈپ كېتىۋېرىڭلار.

ــ سىلەر قاراپ تۇرماقچىمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە. سىلەر بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭلار.

ــ خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ چىقمىغانلار يارىماسلاردۇر.

ــ ئەجەب گېپىڭ چوڭ ئىكەن سېنىڭ.

ــ نېمە دېسەڭ مەيلى، لېكىن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلارغا ياردەم قىل.

بۇلۇتنىڭ يۈزى قىزارغاندەك بولدى. ئەتراپىدا ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق بالىلىرىغا ئىشارەت قىلىۋېدى، ئۇلار دەرھال ئەتراپىغا تولىلاشتى.

ــ بوپتۇ ياردەم قىلاي، بىراق ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقىلا كۈچۈم يېتىدۇ، يەر شارىغا ئاپىرالمايمەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئاتموسفېرا قاتلىمى مېنى زېمىنغا يېقىنلاشتۇرمايدۇ، ناۋادا مەجبۇرىي يېقىنلاشسام توزۇپ كېتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەملەر بىر - بىرلەپ تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

دەرھال ساقچى ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردۇم.

— ھۇيت... ھۇيت... ھۇيت... ھۇيت... جىددىي ئەھۋال! جىددىي ئەھۋال! ئايروپىلاندا ھادىسىگە ئۇچرىغانلار تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. دەرھال قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىڭلار!

— بولىدۇ، ھازىرلا بارىمىز.

ئاسماندا جىددىي قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى.

— سەن مۇشۇنداق قاراپ تۇرامسەن؟ — دېدىم كۈچۈكۈمگە ئاچچىقلاپ.

— مەن...مەن... بىر ئويۇنچۇق كۈچۈك، ئۇنداق ئىشلارغا يارىمايمەن..

— ئەمىسە ساڭا ئاش بەرمىسەم بولغۇدەك.

— يىغلايمەن.

— يىغلىساڭمۇ بەرمەيمەن.

— ھى... ھى... ھى...

— بولدى، پوتلاڭنى ئېقىتمىغىنا، ھازىر دېگەن جىددىي ۋاقىت.

— ئەمىسە قاۋاپ بېرەي، ھاۋ... ھاۋ... ھاۋ...

— بېشىمنى تولا ئاغرىتمىساڭچۇ، مەن مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتىمەن.

— جىم تۇرسام ئۆزۈڭ گەپ قىلدىڭغۇ؟

— ياردىمىڭ تېگەرمىكىن دەپ...

— كەچۈرگىن...

ئادەملەر ساق - سالامەت قۇتقۇزۇۋېلىندى، بىراق

ئايروپىلانىم يەرگە چۈشۈپ پارتلاپ كەتتى. ھەممىسى مېنىڭ بىخەستەلىكىم، رولنى چىڭ تۇتماي قالايمىقان خىيالغا بېرىلىپ.

......

ــ سەندە خاتالىق يوق!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز مېنى بەكلا چۆچۈتۈۋەتتى. ئەتراپىمغا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارىدىم. ئويۇنچۇقلىرىم بىلەن ئوينىغان خىيالىي ئويۇنۇمغا بەكلا كىرىشىپ كەتتىممۇ قانداق؟

ئايروپىلانىم تېخىچە بىر ئىمزىدا غارقىراپ ئايلىنىۋاتاتتى. ساقچى ماشىنامنىڭ ئاۋازى ئۆچكەن بولسىمۇ، بەلگە چىراغلىرى يالت ـ يۇلت يېنىپ تۇراتتى. كۈچۈككۈم خۇددى يەيدىغان نەرسە بارمۇ دېگەندەك تۆت قۇيرۇقىنى لىكىلداتقىنىچە ماڭا قاراپ ئەركىلەپ تۇراتتى. دادام كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئىشىككە قارىدىم. كوچىدىكى ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇن ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق. مېنى بىردىنلا قورقۇنچ چىرمىۋالدى.

ــ دادا، ئاپا!

ئۇلاردىن مەدەت تىلىمەكچى بولغاندەك بار ئاۋازىم بىلەن چاقىردىم.

ــ بولدى، ئۇلارنى چاقىرما.

بايىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. قورقۇپ يۈرىكىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى.

ــ سەن... سەن... كىم؟

ــ سېنىڭ دوستۇڭ.

ــ مېنىڭ دوستۇم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ھەئە.

ــ ئەمىسە سېنى كۆرەلمىدىمغۇ؟

ــ پەسكە قارا.

ــ پەسكە قارىدىم... يەنە... كۆرەلمىدىم.

ــ ئىشىك...

ئىشىككە دادامنى ئىزدەپ ھازىرلا قارىغان بولساممۇ، غايىب ئاۋازنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم قارىدىم. قاراپلا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىشىكنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقتىن قىستىلىپ كىرىۋاتقان كىچىككىنە ئىككى ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى.

ــ ئالدىدا سەن كىم.

ــ ياق، ھۆرمەتكە چوڭ سەن، شۇڭا ئاۋۋال سەن كىر.

ــ خوش.

ــ خوش.

ــ خوش دەپ تۇرۇۋەرمەي تېزراق ماڭساڭچۇ، ئاۋۇ بالا ساقلاپ قالدى.

ــ ھەئە، ساقلاپ قالدى.

ــ ئەمىسە ماڭ، مەن بەك قىستىلىپ كەتتىم.

ــ ماڭدىم...

ئۇلار ئەنە شۇنداق دەتالاش قىلىشىپ ئۆي ئىچىگە كىردى. ئۇلارنىڭ بويى ئەللىك سانتىمېتىرچە كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى، ئۇچىسىدىكى چۆرىسىگە قىزىل پەۋاز تۇتۇلغان، پوسمىسى بار تىۋىت تونىنىڭ پېشى يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى.

ــ سىلەر... كىم؟ بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ ـ يا؟

ــ ياق، بىز ھەسەل ھەرىسى باقىقۇچىلار. سەن بەسلىدە بىزنىڭ بىر ھەسەل ھەرىمىز بىلەن دوست

بوپتىكەنسەن، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

— ئۇ دېگەن بىر چۈشتىغۇ؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— ئۆزۈڭ شۇنداق ئويلاپ قالغان.

— راست، ئۇ چاغدا مەن مۈگدەپ قالغانىكەنمەن.

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭمۇ مەيلى. قارىسام قورقۇپ كەتكەندەك قىلىسەن.

— قورقمىدىم... پەقەت ئازراق...

— ھە، ئەمىسە ئولتۇر. پاراڭلىشايلى.

— ئۆيدە چوڭلار يوق، شۇڭا...

— بىلىمىز.

ئۇلار كىرپىسلونىڭ يېنىغا كېلىۋېدى، بويى يەتمەي تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سەل ئويلىنىۋېلىپ شىرەنىڭ يېنىدىلا گىلەمدە ئولتۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەئەينى بىر گىگانت ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئۆزۈمنى سەل بىئەپ ھېس قىلىپ قالدىم-دە، پەسكە چۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. بايىقى قورقۇنچلار ئاللىقاياقلارغا يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قىزىقىش، ھەيرانلىق ئىگىلىگەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ جۈغى بەك كىچىك، خۇددى كارتون ئادەملەردەك ئوماق بولغاچقا، قورققۇدەك يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۆزۈمنى راستىلا ئۇلارنىڭ دوستىدەك ھېس قىلىپ قېلىۋاتاتتىم.

مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قايتىدىن تەپسىلىي سەپسالدىم. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈزى يۇمىلاق ۋە شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدى. قاشلىرى قەلەمدە سىزىپ قويغاندەك توق قارا بولۇپ، كۆزلىرى كىچىك مارجاندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. چىشلىرى

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك كىچىك بولغىنىغا قارىماي ئاقلىقىدىن شۇنچە روشەن ۋە پاكىزە كۆرۈنەتتى. ئەگەر كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلىتىشى، يەڭگىل نەپەس ئېلىشى، پۇت ـ قولىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈشى بولمىغان بولسا، ئېنىقلا ئۇلارنى ئويۇنچۇق قورچاق دەپ قالغان بولاتتىم. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى، پەقەت ئۆيگە ئالدىدا كىرگىنىنىڭ بارمىقىدا يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان كۆزى بار بىر تال كۈمۈش ئۈزۈك بار ئىدى.

ئۇلار گىلەمدە ئازادە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇچىسىدىكى توننى سېلىشتى. ئىچ كىيىمى يېشىل گۈللۈك بولۇپ، گويا نۇرغۇن يوپۇرماقلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى، سەللا مىدىرلىسا يەڭگىل شىلدىرلىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. چاچلىرى قويۇق ۋە قارا بولۇپ، يېڭىلا ئۈنۈپ چىققان بۇغداي مايسىلىرىدەك تىككىدە تۇراتتى.

ــ سىلەردەك ئادەملەرمۇ بار ئىكەن ـ ھە؟ــ دېدىم قىزىقسىنىپ.

ــ بايا دېدىمغۇ، بىز ھەسەل ھەرىسى باققۇچىلار،ــ دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلىۋاتقىنى. يەنە بىرى بولسا ھەر قېتىمدا بېشىنى لىڭشىتىپ ھەمراھىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ تۇراتتى.

ــ لېكىن... راستىنى دېسەم سىلەرنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

ــ بىز ھەممىلا ئادەمگە كۆرۈنۈۋەرمەيمىز.

ــ ئەمىسە...

ــ بىزنىڭ بىر ھەسەل ھەرىسى بىلەن دوست بولغان

ئىككەنسەن، شۇڭا سېنى ئىزدەپ كەلدۇق.

— شۇنداق بىر ئىش بولغان، لېكىن ئۇنى چۈشۈممىكىن دەپ...

— تۇرمۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چۈش، نۇرغۇن ئىشلار چۈشكە ئوخشايدۇ.

— ئۇ... سىلەرگە نېمە دېدى؟

— سېنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بالا ئىكەنلىكىڭنى، بىر تال خاسىيەتلىك تۇمار بېرىشىمىزنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

— خاسىيەتلىك تۇمار؟ توۋا، مەن بۇلارنى كىنولاردا كۆرگەن. قولۇڭدىكى ئاۋۇ ئۇزۇككە ئوخشاش... يەنە هاسا، يەلپۈگۈچ، قۇش پېيى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر. ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— بىز سېھىرگەر ئەمەس، پەقەت خاسىيەتلىك ھەسەل ھەرىسى باققۇچى.

— ئەمىسە ھېلىقى ھەسەل ھەرىسچۇ؟

— ئۇمۇ ئادەتتىكى ھەسەل ھەرىسى ئەمەس، خاسىيەتلىك ھەسەل ھەرىسى.

— بىلدىم. مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— ھېچقانداق، ماۋۇ يوپۇرماقنى ئال، — ئۇ كىيىمىدىكى يوپۇرماقتىن بىر تال سۇغۇرۇپ ئېلىپ ماڭا بەردى.

— بۇنى قانداق ساقلايمەن؟

— كىچىك لوڭقىغا چىلاپ قويساڭ كۆكلەپ بىر تۈپ گۈلگە ئايلىنىدۇ. سەن دوستۇڭنى خىيال قىلغان ھامان ئۇ كېلىپ مۇشۇ گۈلگە قونىدۇ، سىلەر پاراڭلىشىسىلەر.

— رەھمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ ئەرزىمەيدۇ. ئەمدى ئۇخلاپ ئارام ئال، داداڭ بىلەن ئاپاڭ يەنە خېلى ئۇزاقتا كېلىدۇ، بەربىر ئۇلارنى ساقلاپ بولالمايسەن. بىزمۇ قايتايلى.

ــ بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى تاتلىق تۇرۇملەر بىلەن مېهمان قىلاي.

ــ بولدى رەھمەت، بىز ئادەتتىكى يېمەكلىكلەرنى يېمەيمىز .

ــ ئەمىسە...

ــ يەنە بىر گەپ، بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنماي مەخپىي ساقلىشىڭ كېرەك، بولمىسا خاسىيەتلىك يوپۇرماق ئۆز خىسلىتىنى يوقىتىدۇ.

ــ بىلدىم.

ــ خوش!

ــ خوش، ئامان بولۇڭلار!

ئۇلار خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇزۇن تونىنى كىيىپ، پوسمىسىنى بېشىغا ئارتتى، خۇددى ئۆيگە كىرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئىشىكنىڭ ئاستىدىكى ئارىچىدىن قىستىلىشىپ ئۆمىلىگىنىچە چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار ئۇ يەردىن ئۆمىلەپ ئۆتۈۋاتقاندا بەدىنى قەغەزدەك نېپىزلەپ كەتتى. ئۇلار كىرگەندە دىققەت قىلمىغان ئوخشايمەن، بۇنى كۆرۈپ مەن تېخىمۇ ھەيرانۇھەس قالدىم. ئۆي ئىچىدىكى ھېچقانداق نەرسە ئۆزگەرمىگەن، پەقەت يېقىملىق بىر خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى. بۇ خۇش پۇراقنىڭ قولۇمدىكى يوپۇرماقتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلگىنىمدە، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيمۇ ئامالىم يوقلۇقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدىم. سىرتتىكى ماشىنا

ئاۋازلىرى خېلى بېسىققانىدى. يىراق بىر يەردىن جۇشقۇن ناخشا ـ مۇزىكا ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن قولۇمدىكى يوپۇرماققا بىرھازا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، بىرىپ بىر ئىستاكانغا سۇ قۇيدۇم ـ دە، ئۇنى ئاۋايلاپ سۇغا چىلىدىم. يوپۇرماق بىردىنلا ئۇششاق پارچىلاندى، ئۇنى يوقاپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ تۇرغىنىمدا، ئۇ پارچىلار يەنە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ چىرايلىق بىر تۇپ گۈلگە ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن، سۇزۇك قاناتلىرىنى پىلدىرلىتىپ، پارقىراق كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە گۈللەر ئۈستىدە شىرنە يىغىپ يۈرگەن ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى ئىختىيارسىز ئېسىمدىن كەچتى ـ دە، ئۇنى چاقىردىم:

— ھەرىچاق!

ئۆيدە تۇيۇقسىز چۈشىنىمۇ، پاشىمۇ، ئىشقىلىپ بىرنەرسىنىڭ ئۇچقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا راستىلا بىر ھەسەل ھەرىسى دېرىزە تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كېلىپلا گۈلنىڭ ئۈستىگە قوندى ۋە:

— سالام دوستۇم، — دەپ سالام بەردى.

— سالام... سەن راستىنلا ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى شۇمۇ؟ — ھەم ھاياجان، ھەم ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدىم.

— ھەئە، مەن شۇ. مېنى سېغىنغان ھەرقانداق چاغدا ياد ئەتسەڭلا قېشىڭدا پەيدا بولىمەن، قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمىتىڭدە بولىمەن.

— ياق... ياق... دوستلار دېگەن بۇنداق گەپلەرنى قىلىشسا بولمايدۇ. بىز بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


— بولىدۇ، دوستلۇقۇمنى ئىلىك ئېلىپ، بۇ يېشىل يوپۇرماق رىشتىنى قوبۇل قىلغىنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم.

— مەنمۇ شۇ. ھە راست... بۈگۈن بەك جىق ئىشلار يۈز بېرىپ كەتتى. پىكرىم چېچىلىپ، ئۇخلاشقىمۇ كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا ماڭا... ماڭا ئۆزۈڭنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ.

— ماقۇل.

... ...

## ئالتىنچى باب

# «يېشىل يوپۇرماق»

كىمدۇر بىرى قۇلاق تۈۋىمدە شىۋىرلىغاندەك قىلدى ـ دە، ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام يېنىمدا ھېچكىم يوق، دېرىزە ئەينەكلىرىدە تاڭ شەپىقىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جۇلالاپ تۇرۇپتۇ. تېخى بايىلا ئۇخلىغاندەك بىرخىل سېزىم بىلەن كاللام سەل گاراڭ ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتىم. ئاپام ئاشخانىدا ناشتىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. گۆشناننىڭ مەززىلىك ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلغاندا بىردىنلا قورسىقىمنىڭ بەكلا ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان ھەممە پۇراقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىمگە تارتتىم. ئاپام گۆشنان پىشۇرۇشقا بەك ئۇستا ئىدى، ئۇنىڭ پات ـ پات تەييارلاپ بېرىدىغان گۆشنان، سۈت، تۇخۇم، ھەسەل، كالا گۆشى ـ كەرەپشە قورۇمىسى قاتارلىق ناشتىلىقلىرى بىزنى ھەقىقىي لەززەت قوينىغا باشلاپ كىرەتتى. كۆڭۈلگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان ناشتىلىق بىلەن ئەتىگەنلىك كەيپىياتىمىزمۇ ياخشى بولاتتى.

ـــ ئورنىڭدىن تۇردۇڭمۇ، بالام؟ ـــ دېدى ئاپام ئاشخانا ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ماڭا قاراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ ھەئە، ئاپا، ــ ئاۋازىم غارالڭ ـ غورۇك چىقتى، بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس ئىدى.

ــ بۈگۈن يەسلىگە بارمىغاندىن كېيىن، يەنە بىردەم ئۇخلىۋالساڭ بولاتتىغۇ؟

ــ ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى.

ــ بوپتۇ ئەمىسە، يۈزۈڭنى يۇيۇپ تەييار بول، ناشتىلىق ھازىرلا پۈتىدۇ.

ــ ماقۇل، ئاپا.

ئەمدىلا تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىمگە ئاپام يەنە چاقىرىپ قالدى:

ــ ئەدىھەم!

ــ ھە، ئاپا.

ــ ئاخشام سىرتقا چىقتىڭمۇ، بالام؟

ــ ياق.

ــ ئەمىسە...

ــ بىرەر ئىش بولدىمۇ، ئاپا؟

ــ بىر ئىشقۇ بولمىدى، ئاۋۇ گۈل...

ئاپامنىڭ گېپى بىلەن تەڭلا ئالدىراش ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. تاماق شىرەسى ئۈستىدىكى ئىستاكاندا تولىمۇ چىرايلىق بىر تۇپ گۈل تۇراتتى، ئۇششاق چېچەكلىرى ئۈستىگە يۇلتۇزنىڭ نۇرلىرى چېچىلىپ قالغاندەك شۇنداق جۇلالىق، پۇرىقىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇن پارقىراق كۆزلەر ماڭا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ــ ئۇ گۈلنى... ئۇ گۈلنى مەنمۇ ئۇقمىدىم، ئاپا، ــ دېدىم ھەيرانلىق ئىچىدە گاڭگىراپ.

— ئەمىسە دادائ ئەكەلگەن ئوخشىمامدۇ؟
— دادامۇ گۈلگە ئامراقمۇ، ئاپا؟
— بەلكىم.
— مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرەر قېتىم گۈل ئېلىپ كەلگىنىنى زادىلا كۆرمىدىم.

ئاپام جىمىپ قالدى. ئاشخانىنىڭ ئىشىكى يېپىلغاندىن كېيىن، ئارقامغا يېنىپ گۈلنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى تىرناقچىلىك كېلەتتى، لېكىن تولىمۇ نېپىز بولۇپ، بۇ تەرىپىدىن قارىسا ئۇ تەرىپىنى كۆرگىلى بولاتتى، تۇتسا قولغا يېپىشىپ تۇراتتى. ئادەم ئۇنىڭغا قارىغانسېرى چېچەكلەر ئاستا ــ ئاستا چوڭىيىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— ياخشىمۇسىز!

گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سىيلاۋاتقان بارماقلىرىم خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. ئالاقزەدە بولۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم. ئاشخانىدىن ئاپامنىڭ بىرنەرسە توغرىغاندىكى «تاراق ــ تۇرۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. چوڭ ئىشىكتىنمۇ بىركىم كىرگەندەك ئەمەس ئىدى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان شۇ پەيتتە، بىرتال چېچەك لوڭڭىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ــ دە، ماڭا قاراپ يېنىك تەۋرىنىشكە باشلىدى.

— ھەيران قېلىۋاتامسىز؟

شۇنداق، بۇ گۈل سۆزلەۋاتاتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ماۋۇ چېچەك ماڭا گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى تۇتالماي ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. گۈلنىڭ قېشىدىن نېرى كېتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، پۇتلىرىم قېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قالغاندەك پەقەت مىدىرلىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلدىن كۆچلۈك خۇش پۇراق تارقىلىپ، نېرۋىلىرىمنى بىھوش قىلىۋەتكەندەك بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم.

— كى... كىم...

— قورقماڭ، مەن ئاخشام چوڭ لوقمان بىلەن كىچىك لوقمان سىزگە بەرگەن ھېلىقى يېشىل يوپۇرماق شۇ ئەمەسمۇ. سىز مېنى يەنىلا «يېشىل يوپۇرماق» دەپ چاقىرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى، خۇددى چۈشۈمدىكىدەك غۇۋا بىر كۆرۈنۈش غىل - پال ئېسىمدىن كەچتى.

— چوڭ - كىچىك لوقمان دېگەنلەر كىم؟

— يوسىمىسى بار ئۆزۈن تىۋىت تون كىيىۋالغان ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى باققۇچىلارچۇ.

ئىشلار ئاستا - ئاستا ئېسىمگە كېلىشكە باشلىدى. ئاخشام تولىمۇ شېرىن ۋە قىزىقارلىق بىر چۈش كۆردۈم دەپ ئويلىغاندىم. قارىغاندا بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن ئوخشىمامدۇ؟! بىراق... بىراق...

مەن ئېسىمنى يىغىپ بۇ «يېشىل يوپۇرماق» گۈلگە قايتىدىن سەپسالدىم. نەق ئۆزى شۇ، ئاخشام بىر تال يېشىل يوپۇرماقنى ئۆز قولۇم بىلەن مۇشۇ ئىستاكانغا چىلىغاندىم... تۇۋا، مۇشۇنداق ئىشلار رېئاللىقتا راستىلا يۈز بېرەمدىغاندۇ؟ ياكى مەن تېخىچىلا چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەنمۇ؟

تۇيۇقسىز بۇ ئىشلارنى ئاپامدىن سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم، چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئاپامنىڭ بىلىدىغانلىرى جىق ئىدى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟ — دېدى «يېشىل يوپۇرماق»

خۇددى كۆڭلۇمدىكىنى بىلىۋالغاندەك، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. — بۇ سىرنى باشقىلارغا ئېيتىسىڭىز بولمايدۇ، ئىككى لوقمان سىزنى ئاگاھلاندۇرغانغۇ.

ئەمدى يەنە گۇمانسىراشنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى. كۆز ئالدىمدا بىر تۇپ گۇل خۇددى ئادەمدەكلا گەپ قىلىۋاتسا، نېمىمۇ دېيەلەيتتىم.

— مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دېدىم ئاخىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ.

— هېچقانداق، بۇرۇن قانداق ياشىغان بولسىڭىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق ياشاۋېرىسىز. پەقەت زېرىككەندە يېڭى دوستلىرىڭىز بىلەن ئويناپسىز، مۇمكىن بولغان ئارزۇلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز.

— هە... ئۆمۈچۈك پالۋان جىككىدا ئوخشاش خاسىيەتلىك ئادەم بولامدىم؟

— ئۇ... ئۇ... جىك دېگىنىڭىز كىم؟

— كىنودىكى ئادەم، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇ كىنوغا ئوخشاش بىر توقۇلما، كۆز بويامچىلىق.

— لېكىن... لېكىن مەن كىنو كۆرۈشكە بەك ئامراق.

— كۆرسىڭىز بولىدۇ، بىراق سىز كىنودىنمۇ قالتىس.

— راستمۇ؟

— راست، كېيىنچە چوڭقۇر چۈشىنىپ قالىسىز.

— سىز مەن بىلەن دائىم مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرامسىز؟

— بەزى چاغلاردىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سىز هازىر كۆرگەن بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆرەلمەيسىز.

— بىلدىم، يالغۇز قالغان ۋاقتىمدا قىزىق ـ قىزىق هېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرسىڭىز مەن بەك خۇش بولاتتىم.

— بولىدۇ، بىز تېخى يەنە جىق ئىشلارنى قىلىمىز. ۋويي... ئاپىڭىز چىقىپ قالدى، خوش!

مەن ئىتتىك ئارقامغا قارىدىم. ئاپام پەتنۇسقا سېلىنغا ناشتىلىقنى كۆتۈرگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

—تېخىچە يۇزىڭنى يۇماپسەنغۇ؟— دېدى ئاپام مېنىڭ گۇلنىڭ قېشىدا هاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ.

— مانا...هازىرلا، ئاپا.

مەن ئالدىراپ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ پات ـ پات شىرە ئۈستىدىكى غەلىتە گۇلگە قاراپ قوياتتىم. ئاپام بولسا هېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق، شىرەگە ناشتىلىق تىزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بايىقى يوقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋالغان چېچەكمۇ جايىغا چۈشۈۋالغانىدى.



## يەتتىنچى باب

# دادام كۈلدى

يۈزۈمنى يۇيۇپ چىقىۋېتىپ دادام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. كۆزلىرى غەمكىن، ئەپتىدىن بىرى بىلەن قېيىدىشىپ قالغاندەك بىئارام كۆرۈنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ دادامنى كۆرۈپلا تاتلىقىقىنا بىر تۇيغۇ مېنى سۆيۈپ ئۆتۈپ كەتتى. پەخىرلىنىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— دادا...

ئۇ ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويدى، خۇددى مېنى تونۇيالمايۋاتقاندەك كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلاتتى. كېيىن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ئەسنەك ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى. قارىغاندا ئاخشام دادام بەكلا كېچىدە كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كەلگىنىنى مەنمۇ سەزمىگەنىدىم. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تولۇق بولمىغانىدى.

— ھە، بالدۇر تۇرۇۋاپسەنغۇ بالام؟

ئۇ مەن بىلەن سالاملىشىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندەك شۇ گەپنى دەپلا تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، تېز بۇياققا كەل، تاماق سوۋۇپ قالدى.

مەن ئاپامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ناشتىلىقنىڭ مەززىلىك ھىدى ئىشتىھايىمنى قوزغاپ، نەپسىم تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى، بىراق دادام داستىخانغا كەلمەي تۇرۇپ تاماق يېيىشكە مېنىڭ كۆڭلۇم ئۇنىمايتتى.

— قېنى، ئالە،— دېدى ئاپام ئالدىمدىكى تەخسىگە بىر پارچە گۆشنان ۋە بىرنەچچە چوكا قورۇلغان كالا گۆشى بىلەن كەرەپشىنى سېلىپ قويغاندىن كېيىن.

مەن تازىلىق ئۆيى تەرەپكە قارىدىم، دادامدىن شەپە يوق ئىدى.

— دادام چىقىسۇنچۇ، ئاپا،— دېدىم قولۇمغا چوكىنىمۇ ئالماستىن.

— داداڭ چىققۇچە بىز يېگەچ تۇرايلى،— دېدى ئاپام پىيالىلەرگە چاي قۇيغاچ.

— دادام دېگەن ئۆينىڭ چوڭى، سىز دائىم تاماقنى ئاۋۋال چوڭلاردىن باشلاش كېرەك دەيتتىڭىزغۇ؟

ئاپام كۆزلىرىمگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئارقىدىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتۇېتىپ چوكىسىنى ئاستا شىرەگە قويدى.

— ماقۇل، داداڭنى ساقلايلى،— دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

ئاپامنىڭ مېنى قوللىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنراق سۈرۈلدۇم. مۇشۇ تاپتا تاماقنىڭ ھىدىدىنمۇ بەكرەك ئاپامنىڭ تىنىقلىرى مېنى ھۇزۇرلاندۇرماقتا ئىدى.

— ئاپا، سىز بەك ياخشى،— دېدىم ئەركىلەپ.

ئاپام بېشىمنى پەپىلەپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن نۇرغۇن ئىشنى قايتىدىن ئويلاشمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا.

— نېمە دېدىڭىز، ئاپا؟

— ھېچ... ھېچنېمە، ئوغلۇم چوڭ بولۇپتۇ دەۋاتىمەن.

— راست، مەن چوڭ بولدۇم ئاپا، يەنە...

بىردىنلا «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ ئەسكەرتىشى يادىمغا يېتىپ، گېپىمنى ئىتتىك توختىتىۋالدىم-دە، لاپپىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. بايىقى ئوتتۇرىغا چىقىۋالغان چېچەك ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك يېقىملىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

— ھە، يەنچۇ؟ — دېدى ئاپام ماڭا قىزىقسىنغاندەك قاراپ.

— يەنە... يەنە...

مەن قىلغىلى گەپ تاپالماي دۇدۇقلاپ قالدىم.

— يەنە ئاپام بولمىسا يىغلايمەن - دە.

— يىغلىمايمەن، — دېدىم ئىتتىك، لېكىن يەسلىدىكى ئاپام كەتكىلىۋاتقاندا يىغلىغان چاغلىرىمنى ئەسلەپ بىردىنلا خىجىل بولۇشقا باشلىدىم. ئاپام ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ مېنىڭ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ، — ئوغلۇم يىغلىمايدۇ، پەقەت ماڭا چىدىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق... — دېدىم بېشىمنى لىڭشىتقاچ.

ئاپامنىڭ نەزىرى يەنە «يېشىل يوپۇرماق»قا چۈشتى. ئۇ قولىنى سوزۇپ «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ يوپۇرماق، چېچەكلىرىنى سىيلاشقا باشلىدى. كۆتمىگەندە ئۇنىڭ

تىرناقلىرى خۇددى خېنە قويغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئاپام قورقۇپ كېتىپ ئىتتىك قولىنى تارتىۋالدى، لېكىن تىرناقلىرى يەنىلا قىزىل بويالغان پېتى قالدى. مەن «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ بۇنداقمۇ خاسىيىتى بارلىقىدىن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. قارىغاندا ئۇ ئاپامغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغاندەك تۇراتتى. ئىچىمدە قاتتىق خۇشال بولغان بولساممۇ، بىراق ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىم تۇرۇۋالدىم.

ئاپام بارماقلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى بارغانچە سۈزۈلۈپ جۇلالاپ كېتىۋاتاتتى.

- تووا، — دېدى ئاپام، — ئەجەب غەلىتە گۈلكىنا بۇ.

ئۇ «يېشىل يوپۇرماق»نى دادامنى ئېلىپ كەلدى دەپ ئويلىغاچقا، بىردىنلا ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقى كۆچىيىپ كەتتى بولغاي، ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا دادامنى چاقىردى:

— جاپپار، تېزرەك بولۇڭ، تاماق سوۋۇپ قالدى.

دادامنىڭ «مانا ھازىر» دېگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىرپەستىن كېيىن تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. دادام يۈزىنى يۇيۇپ، چىشىنى چوتكىلاپ چىققاندا چىرايى سەل ئوچۇقلىشىپ قالغانىدى، پەقەت ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرغاچ خۇددى ئېغىر ئەمگەكتىن توختىغان ئادەمدەك بىرنەچچە قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دېدى ئاپام ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا سەپسالغاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

— ياق، ئاخشام ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك بىر تەلەپپۇزدا، ئاندىن بىزنىڭ تېخىچە تاماق يېمەي ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى، — ۋوي، سىلەرمۇ يېمەپسىلەرغۇ؟

— ئوغلىڭىزدىن سوراڭ، — دېدى ئاپام، — ئۇ چوڭ بوپتۇ، دادىسى داستىخانغا كەلمىسە تاماق يېمەيدىكەن، تېخى مېنىمۇ توسۇپ قويدى.

ئاپامنىڭ ماختىشىدىن شۇنچىلىك خۇش بولدۇم. هازىر مەن ئۇچۇن دادامنىڭ دىققىتىنى تارتىش، ئۇنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى ئاڭلاش تولىمۇ مۇھىم ئىشتەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

دادام ماڭا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇنى هەرهالدا يوقتىن ياخشى دېيىشكە بولاتتى.

— قېنى، ئەمىسە تاماق يەيلى، — دېدى دادام ۋە بېشىنى چۆكۈرۈپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئاپام بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ تاماق يېيىشىگە بىردەم قاراپ تۇردۇق.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى دادام بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ.

— هېچنېمە، — دېدى ئاپام.

— ئەمىسە تاماق يەڭلار.

شۇ گەپتىن كېيىن ئاپام ئىككىمىز ئىتائەتمەنلىك بىلەن تاماق يېيىشكە كىرىشتۇق. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بولۇپ تاماق يېيىشى هەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ۋە هۇزۇرلۇق بولىدىكەن. مەن بۇلارنى ئىلگىرى كۆپ هېس قىلغان بولسامۇ، هەر قېتىم مۇشۇنداق جەم بولغاندا يېڭىچە بىر هاياجان، سۆيۈنۈش مېنى پەيلەشكە باشلايتتى. ئاپام بىلەن دادامنىڭ

ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغاندا ئىشتىھايىممۇ باشقا چاغلاردىكىدىن بۆلەكچە ئېچىلىپ كېتەتتى. ئىككىسىگە مەپتۇنكارلىق بىلەن پات ـ پات قاراپ قوياتتىم. «بەخت دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدىكى شادلىقىمنى.

دادام خۇددى يېنىدا ھېچكىم يوقتەك جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ تاماق يېيىشى شۇنچىلىك بىمالال كۆرۈنگەندەك قىلغىنى بىلەن، بىر لوقما تاماقنى بەكلا ئۇزۇن چاينىشى، ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يۇتۇشى يەنىلا كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىقتىن شۇنچىلىك ئىچىم سىقىلدى. بىر ئادەم بېشىدا قاراپ تۇرۇپ مەجبۇرىي تاماق يېگۈزۈۋاتقاندەك ئۆزۈمنى بىئارام ھېس قىلدىم.

ــ جاپپار، بۇ گۈلنى قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭىز؟

ئاپامنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى مېنى دىڭگىدە چۆچۈتۈۋەتتى. دادام خۇشياقمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاپامغا قارىدى.

ــ قايسى گۈلنى دەيسىز؟ــ دېدى ئۇ ئاچچىقى كەلگەندەك چىرايىنى بىرقىسما پۈرۈشتۈرۈپ.

ــ ماۋۇ گۈلنىچۇ.

دادام شىرە ئۈستىدىكى گۈلگە راستلا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك، ئاپامنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئادەمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا كۆز ئالدىدىكى نەرسىنىمۇ كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ، بۇ تۇيغۇ مېنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مۇشۇ گۈلنىما؟ — دېدى ئۇ خۇددى گۈلدىن بىرگىنىۋاتقاندەك بېشىنى سەل ئارقىسىغا قاچۇرۇپ تۇرۇپ.

— ئاخشام كەلسەم مۇشۇ يەردە تۇرۇپتىكەن.

— ئاخشام؟ ئاخشام سىرتقا چىققانمىدىڭىز؟

ئاپام ۋىللىدە قىزىرىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— زاھىدەلەر بىر چاي ئۆتكۈزۈپتىكەن... بەكلا تۇرۇۋالدى، سىزگە تېلېفون قىلسام تېلېفونىڭىز ئېتىك، شۇڭا...

— ھىم، چاي ئوينايدىغان بولۇپ كەتتىم دەڭ.

— مۇشۇ بىر قېتىملا، ئەمدى ئۇنداق چايلارغا زادىلا قاتناشمايمەن.

دادام قولىدىكى چوكىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىدى، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى. ئۇنىڭ تۇرقى بىر ئىشنى خىيال قىلىۋاتقانغىمۇ، ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقانغىمۇ ئوخشايتتى.

ئاپامنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ۋە دادامغا بولغان مىننەتدارلىق ئالامەتلىرى يوقالدى. ئۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك، ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك پات - پات لەۋلىرىنى چىشلەپ قوياتتى. ئۇ دادامغا يەنە قانداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، دادام بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى.

— دېمەك... ئۆيگە تۇيۇقسىز بۇ گۈل پەيدا بولۇپ قالدى؟

دادامنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ھەئە، — دېدى ئاپام پەس ئاۋازدا، — مەن تېخى سىزنى ئەكەلگەن ئوخشايدۇ دەپ...

— بۇ قانداق ئۆي بولۇپ كەتتى؟ — دېدى دادام قوللىرىنى سىلكىپ، — بىرنەرسە پەيدا بولۇپ قالسىمۇ ھېچكىم بىلمەيدىكەن، بىرنەرسە يوقالسا تېخىمۇ بىلمىگۈدەك ئەمەسە.

ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى پەقەت ئويلىمىغانىدىم. ئەمدى راست گەپ قىلمىغىنىم ئۈچۈن ئۆرتىنىشكە باشلىدىم. بىر بەلەن باشلانغان كۆڭۈللۈك سەھەر مېنىڭ راست گەپ قىلماسلىق سەۋەبىمدىن بۇزۇلدى، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە مەن سەۋەبچى ئىدىم. ئاپامغا، دادامغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ ھېسابلىغانسېرى كۆڭلۈم بىر ۋەھىمىدىن تاقەتسىزلىنەتتى، قورقۇۋاتاتتىم. ئەقلىمنى بىلگۈدەك بولغاندىن بۇيان دادام بىلەن ئاپامنىڭ بىر - بىرىگە بۇنچىلىك قوپال مۇئامىلە قىلغىنىنى بىلمەيتتىم. مۇبادا مۇشۇ گۈل سەۋەبلىك ئۇلار ئازارلىشىپ قالسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك بولاتتى.

— ئاپا، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم ئاخىرى تاقەت قىلالماي.

— نېمىگە؟ — دېدى ئاپام سەل ھەيران بولۇپ.

— بۇ... بۇ گۈلنى مەن ئېلىپ كەلگەن.

ئاپام ئىتتىك دادامغا قارىدى، لېكىن دادامنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ تۇراتتى. ئارىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئوڭشاش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى.

— ئەتىگەن سورىسام نېمىشقا بىلمەيمەن دەيسەن؟ —

دېدى ئاپام بىردىنلا چىچىلىپ، ئۇنىڭ راستىلا ئاچچىقى كەلگەنىدى.

ئاپامنىڭ مەن ئامراق چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان يىغىنىڭ ئۇچىدەك بىر نۇر ئۇدۇل كېلىپ يۈرىكىمگە سانجىلدى. ۋۇجۇدۇمنى ئاچچىق بىر تۈيغۇ چىرمىۋالدى. قانلىرىم ئۇيۇشۇپ قالغاندەك كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، خاپىلىق ئىچىدە ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئەزەلدىن ئاپامنىڭ ماڭا بۇنچىلىك ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن مېھىر - مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئىدى، كۈن نۇرىنى ئەسلىتىدىغان تەبەسسۇم، جىلۋىلىرى مېنى چەكسىز ئىللىقلىققا چۆمدۈرەتتى. ئەجەبا، ئۇ بۇ ئىش سەۋەبلىك ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغانمىدۇ؟ مېھرى سۇسلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئېھ، ئاپا... ئاپا... جېنىم ئاپا، ماڭا ھەرگىز ئۆچ بولۇپ قالماڭ!

— ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالمىغاچقا ئۇ گۈلنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھازىر... — مەن ئاپامغا مەيۈسانە قاراپ قويدۇم، بىراق ئاپامنىڭ قاپقى تۈرۈلگەن پېتى چىرايىنىمۇ ئاچماي ئولتۇراتتى. «دادا» دېدىم ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ تەمە قىلىپ، لېكىن دادامنىڭمۇ ماڭا قارايدىغان كۆزى يوقتەك ھامان ئاشۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇش چاقچاق، گەپدان مىجەزى نەگە كەتتىكىنە؟

ماڭا يىغا ياماشتى، شۇنداقتىمۇ پاڭگىدە يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم.

— ناھايىتى بىر توپ گۇلنىڭ ئىشىغۇ؟— دېدى ئاپام بىردىنلا چېچىلىپ،— تېخى سىزنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ خۇش بولۇپ...

دادام ئاستا بېشىنى بۇراپ، ئاپامغا ئالايدى.

— ئۇنداقتا خاتالىق مەندە ئىكەن ـ دە؟

— ياق، مەندە. مەن سىزدىن سورىماي چايغا باردىم. بىراق تېلېفونىڭىز ئېلىنمىسا ماڭا نېمە ئامال.

— گەپ قىلمىسام بولغانىكەن ئەسلىي.

— گەپ قىلىڭ، بۈگۈن زادى گەپ قىلىندىغان يەرگە كەلدۇق، خېلى بولدى مېنىڭمۇ قورسىقىم كۆپۈپ ئاران تۇرغىلى.

—! ئەمىسە دەڭ.

— دەيمەن،— ئاپام مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى،— مەن بىر قېتىم چايغا بېرىپ قويسام شۇنچە كايىيسىز، ئەجەبا سىز يېرىم كېچىگىچە ئۆيگە كەلمىسىڭىز، ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىڭىز بولمىسا، مېنىڭ ئاچچىقىم كەلمەمدىكەن؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا بىر كۈن كەچكىچە خىزمەت قىلىپ ھېرىپ ـ چارچايمەن، دوستلىرىم بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇشقاچ ھاردۇق چىقارغۇم كېلىدۇ، بىراق ئىشتىن چۈشۈپمۇ يەنە ئۆي، بالا دەپ ئالدىراش يۈرىمەن... مەنمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان، نېمىنىڭ يوللۇق، نېمىنىڭ يولسىزلىقىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار.

دادام ئۇھ تارتىپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— سىزنىڭچە مەن سىرتتا بىكار ئويناپ يۈرۈپتىمەن ـ دە؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— ئەجەبا، تارتقان جاپا، تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئائىلىمىز ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!
— سىز نېمىگە تىرىشىۋاتىسىز؟
— بىلمەمسىز؟
— بىلمەيمەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مېنىڭ ئۆزۈكسىز ھەر خىل ئىمتىھانلارغا قاتنىشىۋاتقانلىقىمنى، بوش ۋاقىتلىرىم بولسىلا ئۆگىنىشكە بارىدىغانلىقىمنى راستىلا بىلمەمسىز؟
ئاپام جىمىپ قالدى. ئۇ ئېسەدەشتىن توختىمىغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىكى بايىقى قەھرلىك ئۇچقۇنلار خېلى پەسلەپ قالغاندى.
— بىز بىر - بىرىمىزدىن يىراقلىشىپ كېتىپتىمىز، — دېدى دادام ئۆھسىنىپ قويۇپ، — بىراق مەن ئۆزۈمنى ئىزچىل ئائىلىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن دەپ ئويلايمەن.
— بىزگە ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقى، سىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭىز كېرەك.
ئاپام شۆلارنى دەۋېتىپ ئاستا بېشىمنى سىيلىدى. ئۇ بايىقى ئاچچىقلىنىشى ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئاپامنىڭ مۇشۇ سىيلىشى بىلەن كۆڭلۈمدىكى خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئاپام راست دەيدۇ، بىزگە خاتىرجەملىك، ئىللىقلىق، مېھىر - مۇھەببەت كېرەك. ئېھ دادا، چىرايىڭىزنى ئېچىڭ، بۇرۇنقىدەك خۇش چاقچاق، مېھرىبان تۇرقىڭىزغا قايتىڭ!

مەن شىرەدىكى «يېشىل يوپۇرماق»قا قارىدىم، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، چېچەكلىرى سولىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم، تەڭقىسلىق ئىچىدە نەچچە قېتىم قولۇمنى ئۇزاتماقچى بولۇپ يەنە تۇرۇپ قالدىم. «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ سىرلىرىنى ئاپامغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنىمۇ بىلمەيتتىم.

ــ بۇ ئائىلىگە نېمە بولدى؟

چۆچۈپ ئىككى يېنىمغا قارىدىم، ئاپام بىلەن دادام باشلىرىنى سىلىشىپ جىمجىت ئولتۇراتتى.

ــ بۇ ياققا قاراڭ.

«يېشىل يوپۇرماق»دىن سادا چىقمۇاتاتتى. دەرھال ئۇنىڭغا قارىدىم، يۈرىكىم دەككە ـ دۈككىدە، ئىككىمىزنىڭ پارىڭىنى ئاپام ـ دادام ئاڭلاپ قالسا ئۇقۇشماسلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى.

ــ قورقماڭ، ــ دېدى «يېشىل يوپۇرماق» خىيالىمنى بىلىۋالغاندەك تەمكىن ھالدا، ــ ئۇلار پارىڭىمىزنى ئاڭلىيالمايدۇ، سىز ماڭا دېمەكچى بولغان گەپلىرىڭىزنى ئىچىڭىزدە دېسىڭىزلا بولدى.

ــ مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن ئائىلىمىزدە بىرمۇنچە خاپىلىق پەيدا بولدى، ــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ــ ياق، خاتا ئويلاپ قاپسىز، بۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولغان ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەسلىدىنلا شۇنداق بىر قېيىداشلار ساقلىنىپ كېتىۋاتاتتى، بۈگۈن ئاخىرى پارتلىدى.

ــ بۇلارنى سىز بىلەمتىڭىز؟

www.uyghurkitap.com

— پەرەز قىلدىم.

— قانداقسىغا...

— ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ بولالمىغاندا ئاشۇنداق تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇلار بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى.

— ئىشلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئادەملەر بەك ئۆزگىرىشچان.

— ئۇنداقتا سىز ئادەم ئەمەسما؟

— ئادەمدەك تۇرامدىم؟

— ماڭا ئوخشاشلا گەپ قىلالايدىكەنسىزغۇ ئەمىسە؟

— قانداق جانلىقتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، شۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيمەن.

— بىلدىم، ئەمدى ئاپام بىلەن دادام ياخشى ئۆتەلەمسۇ؟

— بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

— ئۇلار تەگىشىپ قالسا مەن بەك ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ ۋەزىپەم سىزگە ياردەم قىلىش.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ «يېشىل يوپۇرماق»تىكى چېچەكلەر ئاستا - ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، يوپۇرماقلىرىمۇ ئەسلىي رەڭگىگە قايتتى. بايا ئۇلارمۇ خاپا بولۇپ قالغانىكەن - دە، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۆي ئىچىنى بىردىنلا كۈچلۈك خۇش پۇراق ھىدى قاپلىدى. مەن كۈچەپ - كۈچەپ نەپەس ئالدىم، ئۆپكەم لىققىدە شېرىنلىككە تولدى، ئۆزۈمنى خۇددى مۇگدەك بىسىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم، بىرى ئىللىق باغرىغا تارتىۋاتقاندەك راھەتلەندىم.

— رىسالەت!

دادام ئاپامنى چاقىرىۋاتاتتى. ئاپام بېشىنى كۆتۈرۈپ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— كەچۈرۈڭ، سىزگە چېچىلىپ قالدىم، — دېدى ئاپام يۇمشاق ئاۋازدا.

— مەنمۇ شۇ، يېقىنىنىڭياقى بەك چارچاپ كەتتىم، شۇڭىمۇ كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، سىلەرگە قەستەن ئازار بەرگۈم يوق ئىدى...

دادام سۆزلەۋاتقاندا چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، كۆزلىرى يېقىملىق، نۇرلۇق ئىدى، يۈزلىرىدە خىجىللىق ئالامەتلىرىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، خۇش پۇراق گۈلدىن ئەمەس، دادامنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مانا بۇ مېنىڭ نەزىرىمدىكى دادام ئىدى.

ئۇ ئاپامغا گېپىنى تۈگىتىپ، دىققىتىنى ماڭا بۇرىدى.

— تاماقنى جىقراق يېگىن قوزام، بۈگۈن سىلەرنى دولان شارقىراتمىسىغا ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلەي.

ئاپام كۈلدى، مەنمۇ كۈلدۈم، ئەمدى دادامىمۇ كۈلسە بىزنىڭ ئۆيدە باش باھارنىڭ ئاپتىپى پارلايتتى. «ئېھ، دادا، ئاپا! ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، پەقەت سىلەرنىڭ كۈلكەڭلار، مېھىر ـ مۇھەببىتىڭلار كېرەك!» دەپ ئاۋازىمنىڭ بېرىچە توۋلىغۇملا كېلەتتى.

— دادا، سىزمۇ كۈلۈڭە، — دېدىم ئۇنىڭ ئۆسۈك ساقاللىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

دادام كۈلدى.

## سەككىزىنچى باب

# قاتناش ھادىسىسى

«يېشىل يوپۇرماق»نىڭ خاسىيىتى بىلەن دادام، ئاپاملار بىر دەمدىلا يارىشىپ قالغان شۇ كۈندىن تارتىپ، ئۆيىمىزدە يەنە ئىللىق بىر كەيپىيات داۋام قىلىشقا باشلىدى. ئاپام بۇرۇنقىدەكلا سەھەر تۇرۇپ مەززىلىك ناشتىلىقى بىلەن بىزگە ھۇزۇر ۋە قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان بولدى. ناشتىدىن كېيىن ئاپام مېنى يېتىلەپ يەسلىگە ماڭسا، دادام خىزمىتىگە ئالدىراتتى. بىز ھەر كۈنى سەھەر خۇشال - خۇرام ھالدا خوشلىشىدىغان بولدۇق. بۇ ئەھۋال ماڭا خۇددى ھاۋا ئىچىلىپ، تۇمانلار تارقىغاندىن كېيىنكى ئىللىق قۇياش نۇرىنىڭ پۈتۈن ئالەمگە نۇر چاچقىنىدەك تۇيۇلاتتى. ئاپامغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ قاملاشقان قامىتىگە، نۇرانە چىرايىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتىم؛ ئاپامنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىدىن پەخىرلىنىپ، چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىغا چۆمۈلەتتىم؛ ئۆزۈمنى بېتون خىش ياتقۇزۇلغان كوچىغا ئەمەس، بۇلۇتلار ئۈستىگە دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتىم.

كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، كاللامغا يەنە دادامنىڭ غېمى چۈشتى.

— ئاپا، دادام «زوڭتوڭ» بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم بىر كۈنى ئەتىگەندە يەسلىگە كېتىۋېتىپ ئاپامدىن.

ئاپام تويۇقسىز قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ماڭا قارىدى، ئاندىن ھېلىقى چاغدا ئۆزىنىڭ قىلغان گېپى ئېسىدىن كەچتى بولغاي، ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى.

— قانداق دەيسەن، ئوغلۇم؟ — دېدى ئۇ مەندىن ياندۇرۇپ سوراپ.

— سىز ئۇنى «زوڭتوڭ» سايلىمىغا قاتناشماقچى دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟

— ھەئە، شۇنداق دېگەن.

— ئەمىسە...

ئاپام ئاستا كېتىۋېتىپ بېشىنى چايقىدى. قارىغاندا ئۇ سۆزلىرىمگە جاۋاب بېرىشتە ئىككىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىختىيارسىز ئۇنى يەنە ئاچچىقلىنىپ قالارمۇ دەپ تەشۋىشلىنىشكە باشلىدىم. ھازىر مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم ئۇنى رەنجىتىپ قويۇش ئىدى. مەن ئاپامنىڭ خاپىغان چىرايىنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم، ئائىلىمىزدىكى ئىللىق كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. لېكىن، ئاپامدا خاپا بولۇش ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى يەنىلا شۇنداق تەمكىن ئىدى، يېنىك شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ پېشى خۇددى مېنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك يۈزۈمگە سىيپاپ ئۆتەتتى.

— سايلام مەغلۇپ بولدى، — دېدى ئاپام ئاخىرى سۆزۈمگە جاۋاب بېرىپ.

كۆڭلۈم لاسسىدە بولۇپ قالدى، دادام توغرىسىدا سۈرگەن شېرىن - شېكەر خىياللىرىم گويا تاش

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە چۈشكەن پىيالىدەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

— نېمىشقا؟— دېدىم ئۆزۈمنى يىغلىۋېتىشتىن ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىپ،— دادامنى باشقىلار بوزەك قىلدىمۇ؟

— ياق،— دېدى ئاپام يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ كېتىۋېتىپ،— ئۇنىڭ ئامىتى كەلمەي قالدى.

— ئەمدى دادام كىچىك ماشىنا ئالالامدۇ؟

ئاپامنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ كېتىۋاتقان بارماقلىرى سەل بوشىغاندەك قىلدى، لېكىن قەدەملىرى ئاستىلىمىدى.

— دادىڭ ساڭا شۇنداق دېگەنمۇ؟

— ھەئە.

— ماشىنا ئېلىش مۇھىم ئەمەس بالام، ئادەم مەنزىلىگە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئەمەس، ئىرادىگە، ئۆزىدىكى ساپاغا تايىنىپ يەتكىلى بولىدۇ .

ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ، ئۇنى قوللاش مەقسىتىدە بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئاپام بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى.

— ئاپا، كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭغان ئاۋۇ ئادەملەر ئىرادىسىز ئادەملەر ئىكەن ـ ھە؟ مەن كىچىك بولسامۇ يەسلىگە مېڭىپ بارالايمەن.

ئاپام ئۈندىمىدى. گېپىمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىراق دادامنىڭ ئەمدى ماشىنا ئالالمايدىغانلىقىنى بىلگىنىمدە، ماشىنىسى بار ئادەملەرگە ئىختىيارسىز ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالغانىدى.

— بولدى، بالام، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مەن يىل ئاخىردا ساڭا توك بىلەن ماڭىدىغان كىچىك ماشىنا ئېلىپ بېرەي،— دېدى ئاپام بىردەم ماڭغاندىن كېيىن.

— ئىمراننىڭكىدەكمۇ ئاپا؟
— ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىلىنى.
— رەھمەت ئاپا.
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇددى ھازىرلا كىچىك ماشىنىغا ئېرىشكەندەك گۇلقەقەلىرىم ئېچىلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ دېگەن بەرىبىر ئويۇنچۇق ماشىنىلارغۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بۇ چوڭ كوچىدا ماڭغىلى بولسۇن؟! مەن سىيلىشتۇرماقچى بولغاندەك كوچىدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا سەپسالدىم. ئۇلارنىڭ چاقىمۇ چوڭ، ئۆزىمۇ چوڭ ئىدى، ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتسە يەر ـ جاھاننى تىترىتىپ، بوراندەك ماڭاتتى.
— دادام ئەمدى «زۇڭتۇڭ» بولالامدۇ ئاپا؟
— تىرىشسا بىرگەپ بولا، لېكىن بۇ مۇھىم ئەمەس. سەن بۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرما ئوغلۇم، چوڭلارنىڭ ئىشى جىق، چۈشىنىپ بولالمايسەن.
— ماقۇل، دادام «زۇڭتۇڭ» بولمىسىمۇ بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلسا مەيلى ئاپا.
— دادىڭ ياخشىمۇ؟
— بەك ياخشى.
— مەنچۇ؟
— سىز تېخىمۇ ياخشى.
— ئوماق ئوغلۇم، يەسلىگە كەلدۇق، خوش!
— خوش ئاپا.
ئاپام مېنى يەسلى دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ ئارقىسىغا ياندى. بىردەم قاراپ تۇردۇم، ئۇ دوقمۇشتىن كېسىپ ئۆتۈپ نېرىقى كوچىدا كۆزدىن غايىب بولدى. ئاپام كەتكەندىن كېيىن دادامنىڭ ئىشىنى يەنە

ئويلىنىشقا باشلىدىم... ئۇ نېمىشقا «زۇڭتۇك» بولالمىغاندۇ؟ خەق ئېلىشۇالغۇچە قاراپ تۇرماي، كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىپ كىچىكرەك «زۇڭتۇك» بولسىمۇ مەيلى ئىدى ـ دە. ئەمدى ئۇنى تېلېۋىزوردا كۆرەلمەيدىغان، دوستلىرىم ئالدىدا ماختىنالمايدىغان بولدۇم. ھەي دادا، ھەي دادا، سېنى بەك قالتىس چاغلايتتىم، بۇ قېتىم بوش كېلىپ قاپسەن ـ دە...

دادامنىڭ ئىشى كاللامغا كىرىۋالغاچقا، بۈگۈنكى دەرسلەرگە تازا كۆڭۈل قويالمىدىم. چۈشتە باللار ئۇخلاشقا ياتقاندىمۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بىزگە قاراۋاتقان مېھراي مۇئەللىم كارىۋاتقا يۆلىنىپ مۈگدەپ قالغانىدى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. ئاپتاپ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولۇپ، سېمونت مەيدانمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. قۇياشنىڭ كۆزۈمنى چېقىشىغىمۇ پەرۋا قىلماي، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈككە كىردىم. مەقسىتىم ھېلىقى ھەسەل ھەرە دوستۇمنى تېپىپ پاراڭلىشىش ئىدى. بىراق، گۈللۈككە كىرىپلا ئۇمىدسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. پورەك ـ پورەك ئېچىلغان گۈللەرنىڭ بىرسىمۇ قالماي توزۇپ كېتىپتۇ. مەززىسى قالمىغان گۈللۈكتە بىرنەچچە تال چېۋىندىن باشقا ھاشارات كۆرۈنمەيتتى. ئېسىمگە ئۆيدىكى «يېشىل يوپۇرماق» كەلدى. ناۋادا ھازىر ئاشۇ گۈل يېنىمدا بولغان بولسىدى، بىرلا چاقىرسام ھەسەل ھەرىسى دوستۇم شۇھامان قېشىمدا پەيدا بولاتتى.

بىردىنلا كاللامدا ئۆيگە بېرىپ كېلىش خىيالى پەيدا بولدى. ئۆيىمىز ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ئۆزۈم يالغۇزمۇ بېرىپ كېلەلەيتتىم. ئاپامنىڭ كۈندە مېنى

ئەكىلىپ ـ ئەكىتىشى يەسلىنىڭ تەلىپى بويىچە بولۇۋاتقان ئىش ئىدى.

گۈللۈكتىن چىقىپ دەرۋازا تۈۋىگە باردىم. ئاپامغا غەلىتە نەزەردە قارىغان ھېلىقى دەرۋازىۋەن ئۆخلاپ قالغان بولۇپ، كىچىك ئىشىك تاقاق ئىدى. دەرۋازىنىڭ قانىتىنى بوشقىنا تارتىۋىدىم، ئىلىقلىق زەنجىر بىر تەرەپكە سىيرىلىپ، ئىككى قانات ئوتتۇرىسىدىن مەن پاتقۇدەك ئارىلىق چىقتى ـ دە، شۇ يەردىن غىپپىدە ئۆتتۇۋالدىم.

كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى، پەقەت كىچىك ماشىنىلار قۇيرۇقى ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. دادامنىڭ شۇنداق ماشىنىلاردا ئولتۇرالمىغانلىقىنى ئويلىسام ئىچىمگە بىر ئاچچىق كىرىۋېلىپ خۇيۇم تۇتاتتى، لېكىن كىمگە ئاچچىقلىنىشنى بىلمەيتتىم. ئەگەر دادام ئاشۇ ئىنتىلگەنلىرىگە ئېرىشەلىگەن بولسا، ئائىلىدە تېخىمۇ خۇشخۇي، مېھرىبان بولۇپ كەتمەسمىدى؟!

مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم. يەنە ئىككى كوچا ئۆتسەملا ئۆيىمىزگە يېتىپ باراتتىم. بىراق، قېرىشقاندەك ئاپام بىلەن ماڭغاندا بىردەملىككىلا بىلىنمىدىغان بۇ يول، ھازىر تولىمۇ ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈدىغان ئېغىزلاردىمۇ ماشىنىلارنىڭ تولىلىقىدىن ساقلاشقا مەجبۇر ئىدىم، چۈنكى مەن باشقىلاردەك ماشىنىلارنى ئارىلاپ يولدىن ئۆتۈشتىن قورقاتتىم.

ئاخىرى ئۆيىگىمۇ يېتىپ كەلدىم. كارىدوردىكى ئەنجۈر تەشتىكى ئىچىدە ئېھتىيات ئۈچۈن قويۇپ قويۇلىدىغان بىر تال ئاچقۇچ بارلىقىنى بىلەتتىم. ئىشىكنى ئېچىپ

ئۆيگە كىرگىنىمدە «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ خۇش پۇراق ھىدى شۇ ھامان دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. بىر ئىستاكان سوغۇق چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ھېلىقى بىر تال چېچەك لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى.

— ۋۇي، ئەدىھەمجان، يالغۇز قايتىپ كەپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ .

— ھەئە، — دېدىم ئۆزۈمچە پەخىرلىنىپ، — يەسلىدە زېرىكىپ كەتتىم.

— جىق ئاداشلىرىڭىز بارغۇ؟

— ئۇلار ئۇخلاپ قالدى.

چېچەك بىردىنلا ئۇزىراپ ـ ئۇزىراپ خۇددى كۆزۈمگە كىرىپ كېتىدىغاندەكلا ئالدىمغا يېقىنلاشتى.

— كۆزىڭىزگە قارىسام، سىزدە بىر ئىش باردەكلا قىلىدىغۇ؟

— نېمە ئىش؟

— چوقۇم ماڭا بىر ئىشنى دېگىلى كەلدىڭىز.

— سىز راستىنلا بەك يامان ئىكەنسىز، ئېيتىڭا، مەن قاچانلىقتا خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىمەن؟

«يېشىل يوپۇرماق» ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— مەندىن سورايدىغان ئىشىڭىز بۇ ئەمەسقۇ دەيمەن، — دېدى.

— شۇنداق، ئاپامنىڭ دېيىشىچە دادام «زوڭتوڭ» بولالماپتۇ، ئۇنىڭ ئامىتى كەلمەپتىمىش، «زوڭتوڭ»لۇقنى باشقىلار تارتىپ كېتىپتۇ، — دېدىم مەيۈسلەنگەن ھالدا.

«يېشىل يوپۇرماق» تېخىمۇ قاتتىقراق كۈلۈشكە باشلىدى.

— نېمانداق كۆلۈۋېرىسىز؟ — دېدىم سەل رەنجىگەن ئاھاڭدا.

— دادىڭىزنى كىم «زۇڭتۇڭ» بولىدۇ دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ.

— ئاپام.

— ئۇ سىزگە چاقچاق قىلىپ قويۇپتۇ. زۇڭتۇڭ دېگەن بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى، بەك چوڭ ئەمەلدار. دادىڭىز بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭدىن يامان چىقىپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ. لېكىن، دادام ئەمدى كىچىك ماشىنا ئالالمايدىغان بولدى. ھازىر بۇ ھويلىدا پەقەت بىزنىڭلا كىچىك ماشىنىمىز يوق.

— كىچىك ماشىنىسى بولۇش شۇنداق مۇھىممۇ؟

— دادام شۇنداق دېگەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە كىچىك ماشىنىسى بولۇش ئۇنىڭ ئابرۇيىغىمۇ مۇناسىۋەتلىكمىش.

— قۇرۇق گەپ! — «يېشىل يوپۇرماق» تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، — بۇ ئادەملەردىكى قارىغۇلارچە ئەگىشىش، ئۇلار بەزى نەرسىلەرنى قەستەن ئۆزلىرىگە يۈك قىلىۋېلىپ، بىكاردىن بىكار جېنىنى قىينايدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىشلار بەك ئاددىي، لېكىن مەنىلىك، گەپ ئۇنى قانداق ھېس قىلىشتا.

— مەن ئۇنداق گەپلەرنى چۈشەنمەيمەن، پەقەت دادامنىڭ «زۇڭتۇڭ» بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا ئولتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداق بولغاندا دادام بىزگە تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئائىلىمىز ئىللىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتەتتى.

— ھەي... سىز يەنىلا بالىدە بالا.

«يېشىل يوپۇرماق» ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى.

— سىز ماڭا ياردەم قىلىمەن دېگەنغۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە دادامنىڭ بىر كىچىك ماشىنىسى بولسۇن.

— بۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— نېمە؟ سىز مەن ئادەتتىكى يوپۇرماق ئەمەس، قولۇمدىن جىق ئىشلار كېلىدۇ دەۋاتامتىڭىز؟

— مەن پەقەت بالىلارنىڭ كىچىك ـ كىچىك ئارزۇلىرىنى ھەل قىلالايمەن.

— ئەمىسە مەن ھەسەل ھەرىسى دوستۇمنى ئىزدەي، ياكى ھېلىقى قورچاقتەك كىچىك ئىككى لوقماننى ئىزدەي.

— ئۇلارمۇ بەرىبىر مەن دېگەننى دەيدۇ.

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭ نېمە پايداڭلار بار ماڭا؟

تۇيۇقسىز «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزگە ئوخشماي قالدىڭىز شاكىچىك، سىز بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىڭىز بولمايدۇ. دوستلۇقنى پايدا ـ مەنپەئەت بىلەن ئۆلچەش نامەردلەرنىڭ ئىشى. بىز پەقەت بالىلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىمىز.

ئۇنىڭ گېپىدىن يۈزۈم ۋىللىدە قىزاردى، ئۆزۈمنىڭ بەكلا ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ پەقەت ماڭا ئەگىشىپ گەپ قىلالايدىغان بىر گۈل خالاس، يەنى مېنىڭ پىكىرداش دوستۇم، بىر تال يېشىل يوپۇرماق، شۇنداقلا ھەم بىر گۈل. مەيلى ئىككى لوقمان

بولسۇن، مەيلى ھەسەل ھەرىسى بولسۇن مېنىڭ ياخشى دوستۇم، ئۇلارغا قالايمىقان تەلەپ قويۇش ھەقىقەتەن چەكتىن ئاشقانلىق ئىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم خىجىللىق ئىچىدە.

— ھېچقىسى يوق، — «ئېشىل يوپۇرماق»نىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، — كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىز قانداقتۇر جەمئىيەتتىكى ئابرۇيپەرەسلىك كېسىلىگە ئەگەشمەكچى ئەمەس، پەقەت ئائىلىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىناقلىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن غەم يەۋاتىسىز.

— شۇنداق، شۇنداق، مەن دادام بىلەن ئاپامنىڭ يەنە تەگىشىپ قېلىشىنى پەقەت خالىمايمەن.

— بەزى ئىشلار ئۇنداق ئاسان ئەمەس، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مەن سىز دېگەندەك ئادەملەر نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى پەيدا قىلىپ بەرسەم، دۇنيا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئادەملەر نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەپسى مەڭگۈ قانائەت تاپمايدۇ.

— خاپا بولماڭ، ئەمدى سىزگە ھەرگىز ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويمايمەن.

— مېنى چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت. مەن پەقەت بالىلارنىڭ دۇنياسىدىلا ئۆز خاسىيىتىمنى ساقلىيالايمەن.

— بىلدىم، مەن يەسلىگە قايتاي، ئاپام ئالغىلى كەلسە مېنى تاپالماي ئەنسىرەپ قالىدۇ.

— ماقۇل، يولدا دىققەت قىلىڭ، بولۇپمۇ كوچىدىن

بۇ كىتاب نۇر بىلىق ئۇيغۇر كىتابلار تور بېكىتى www.nurbilikkitap.com

كېسىپ ئۆتكەندە. ئادەملەر ئۇچۇن ماشىنا ئامەت ھەم ئاپەت. مەن دادىڭىزغا ئامەت تىلەيمەن.

— خوش!

— خوش شاكىچىك بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمەن.

مەن ئۆيدىن چىقىپ ئاچقۇچنى بۇرۇنقىدەكلا ئەنجۈر تەشتىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، يەسلىگە قاراپ ئالدىراپ يول ئالدىم. پىيادىلەر يولىدا ئادەملەر سەل كۆپىيىپ قالغاندەك بىلىندى. مەن بۇ يوللاردا دائىم ئاپام بىلەن مېڭىپ كۆنۈپ قالغاچقا، ھازىر خۇددى يولنى خاتا مېڭىۋاتقاندەك ئەندىكىپ-ئەندىكىپ ئىككى يېنىمغا قاراپ قوياتتىم. ئاپامغا ئەگىشىپ ماڭغاندا بەخىرامان بېسىلغان قەدەملىرىم مانا ئەمدى ئاۋايلاپ، ئېھتىيات بىلەن بېسىلاتتى. ئۆزۈمنى تېزلا ھېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئاپامنىڭ ئاشۇ يېتىلىشىدە نېمە خىسلەت بارلىقىنى بىلەلمىسەممۇ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان مەدەت، كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. كېتىۋاتىمەن، ئەمما قەدەملىرىم بىرى ئېسىلىۋالغاندەك ئېغىر ۋە جانسىز ئىدى. ئۆيگە كەلگەندىكى قىزغىنلىقىم يوق بولغاچقىمۇ ياكى بۇ يوللاردا ئاپامسىز مېڭىش ھەقىقەتەن تەسمۇ بىلمىدىم، يول ماڭا راستىلا ئېغىر كېلىشكە باشلىغاندى، باش - كۆزلىرىمدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى.

كېتىۋېتىپ كوچىدىن ئۆتكەن ماشىنىلارغا پات - پات قاراپ قوياتتىم، بىرەرسىدىن دادام بېشىنى چىقىرىپ مېنى چاقىرىدىغاندەكلا. لېكىن، ئۇلار يولدىكى مەندەك

بىر كىچىك بالىغا قارار كۆزى يوق، ماشىنىسىدا غادايغىنىچە ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. تۇرۇپلا ماشىنا توغرىسىدا يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم: «كىچىك ماشىنا راستلا مۇھىممىدۇ؟ ئادەملەر ئىككى پۇتى تۇرۇپمۇ يەنە نېمىشقا پىيادە مېڭىشقا ئېرىنىدۇ؟ ئادەم ئۈچۈن پۇت مۇھىممۇ، ماشىنا مۇھىممۇ؟ ياكى ئۇلار پۇتتىن زېرىكىپ، ئۇنى ئىشلەتكۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟...»

مەن شۇلارنى ئويلىغاچ ئىككى پۇتۇمغا قارىدىم. پۇت ئادەمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەزا بولۇپلا قالماي، يەنە ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئەزا ئىكەن. پۇت بولمىسا ئادەم نېمىگە ئوخشاپ قالىدىغاندۇ ـ ھە؟ ئادەملەرنى پۇتسىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىۋېدىم، بۇ كۆرۈنۈشتىن ئۆزۈممۇ قورقۇپ كەتتىم.

ئىككى يېنىمغا تولا قاراپ ماڭغاچقىمۇ، بىردىنلا بېشىم قايغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختىماي ئۆتۈۋاتقان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى مېڭەمنى بەكلا چارچىتىۋەتتى. بۇ ئاۋازلار خۇددى كۆرۈنمەس ئوقتەك ئۇدۇل قۇلىقىمدىن كىرىپ مېڭەمنى تىتما ـ كاتاڭ قىلىۋەتتى. ئاپام بىلەن ماڭغاندا گەپ بىلەن بولۇپ، بۇلارغا ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىكەنمەن. لېكىن، ھازىر بۇ شاۋقۇنلارنىڭ دەستىدىن بېشىم يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قىيلىۋاتاتتىم. ئاھ، ئاپامنىڭ خاسىيىتى نېمدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە؟

يەنە بىر كوچا قالدى، مۇشۇ كوچىدىن ئۆتسەملا

www.kutubxana.com كىتاب قويۇپ بېرىش

يەسلىگە كېلىمەن، ئۇ يەردىكى دوستلىرىمنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بۇ ئۇلگۇر ئاۋازلاردىن جىق ياخشى. مېھراي ئاچاشنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىمۇ جانغا ئارام بېغىشلايدۇ.

ئاخىرقى دوقمۇشتىن قايرىلدىم.

ــ ھەي بالا!...

بىرىنىڭ ئەنسىز چاقىرغىنىنى ئاڭلاندى. مەن بۇرۇلۇپ قارىماقچى بولدۇم، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدىم، ماشىنىنىڭ تورمۇز قىلغاندىكى چىرقىراق ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر جىسىم ماڭا قاتتىق ئۇرۇلدى. ئاسمان ـ زېمىن پىرقىراپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، بىرى ئېغىز ـ بۇرنۇمنى چىڭ ئېتىۋالغاندەك نەپسىم بوغۇلۇپ تىنالماي قالدىم. ئاخىرى ئۆزۈم بىلەن قوشۇپ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدۇم.

توققۇزىنچى باب

# دوختۇرخانىدىكى كۈنلەر

تولىمۇ قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تىپىرلاپ يۈرەتتىم، كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، پۈتۈن ئەزايىم چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى، تۇمەنمىڭ ماشىنىلار ئۈستۈمدىن بېسىپ ئۆتۇۋاتقاندەك ئېزىلەتتىم. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن ئاۋازىدىن بېشىم يىڭنە سانجىغاندەك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بەكلا قورقۇپ كەتكەچكە، توختىماي دادام بىلەن ئاپامنى چاقىراتتىم. ئۇلار نەگە كەتتىكىنە؟ ياكى ھەر ئىككىلىسى مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ يەنە چاي ئويناشقىلى كەتكەنىمىدۇ؟ توۋا، ئاپام ئەمدى ئۇنداق چايلارغا بارمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندەك قىلغان، ئۇلار زادى نەگە كەتتى؟

كۆز ئالدىم سەل يورۇغاندەك بولدى. ئۆيىمىزنىڭ چوڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولۇپ، ئىككى ئادەمنىڭ گەپ تالاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سەن كىرگىن.

— ياق، ئاۋۋال سەن كىرگىن، سەن ھۆرمەتكە چوڭ.

— ئەستاغپۇرۇللا، دائىم شۇنداق قىلىسەن، ئاۋۋال كىرمەيدىغان ئادەم يا بىر چەتكە تۇرمايسەن، ئىشىكنى توسۇپ.

پوسمىسى بار، قىزىل پەۋاز تۇتۇلغان ئۇزۇن تىۋىتون كىيگەن ئىككى ئادەم ئىشكتە قىستىلىشىپ گەپ تالىشىۋاتاتتى. بۇ ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى باققۇچى چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار ئىدى.

— قورۇق پاراڭ سالماي تېزرەك كىرسەڭلارچۇ، بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى، — دېدىم ئۇلاردىن ئاغرىنىپ.

ئۇلار شىپىرلىشىپ ئۆيگە كىردى.

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟

بۇ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرەلمىدىم، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋازى بەكلا ئوخشىشاتتى. مەن بويۇنداپ قارىدىم، لېكىن ئۇلارنى كۆرەلمىدىم. كارىۋات ئۇلاردىن خېلىلا ئېگىز ئىدى.

— سىلەر قەيەردە؟ — سورىدىم سەل تېرىكىپرەك.

— يېنىڭدا، ۋاي ـ ۋۇي نېمانداق ئېگىز يەرگە چىقىۋالدىڭ؟

— بىلمەيمەن، پۇت ـ قولۇمدا سېزىم يوق، مىدىرلىيالمايۋاتىمەن.

— پۇتۇڭ بىلەن بېشىڭنى ئاق داكا بىلەن تېڭىۋاپسەنغۇ؟

— بۇنىمۇ بىلمەيمەن، ھېچ ئىش ئېسىمدە يوق.

— بىزنى بۇرۇنراق چاقىرساڭ بوپتىكەن.

— سىلەر ياردەم قىلالمايسىلەر، «يېشىل يوپۇرماق» ماڭا شۇنداق دېدى.

— ئۇ جىق ئىشلارنى بىلمەيدۇ، بىز ئۇنى ساڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈنلا قويۇپ قويغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ بىزنىڭ يول بەلگىمىز، بىز ئۈچۈن سىگنال تارقاتقۇچى ماياك.

ــ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ھېچ چۈشەنمىدىم... ۋايىيەي... ئەجەب ئاغرىدى ماۋۇ پۇتۇم... قورۇق گەپ ساتقۇچە بىرەر ئامالىنى قىلساڭلارچۇ؟

ــ ئاچچىقلانما، ئاچچىقلىنىش ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق. مانا ھازىرلا ئامالىنى قىلىمىز.

بىردەمدىن كېيىن راستلا يەڭگىللەپ قالدىم، ئاغرىق ئازابىمۇ يوقاپ كەتتى.

ــ ئەمدى كۆزۈڭنى ئاچ!

... ...

بىرى كۆزۈمنى ئېتىۋالغان نەرسىنى ئېلىۋەتتىمكىن، قاپاقلىرىم سەل يەڭگىللەپ، كۆزۈم ئاستا ئېچىلدى. بېشىمدا دادام بىلەن ئاپام قاراپ تۇراتتى. ياتقان يېرىمنىڭ ئۆز ئۆيىمىز ئەمەس، دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم. يېنىمدا يەنە چىرايلىق بىر سېستىرا ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىنى يەڭگۈشلەۋاتاتتى.

ــ كۆزىنى ئاچتى!

بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ــ خۇداغا شۈكۈر، ئاخىرى كۆزىنى ئاچتى، جېنىم بالام، يەيدىغان رىزقى بار ئوخشايدۇ.

ئاپام شۇنداق دەپ يىغلاۋاتاتتى.

كېيىن ئاق خالات كىيگەن سېمىز بىر ئادەم كىردى. ئۇ دوختۇر بولسا كېرەك، مېنى بىر قۇر كۆزىتىپ، تىڭشىغۇچ بىلەن يۈرەك سوقۇشۇمنى تىڭشاپ بېقىپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى.

ــ ئۇ خەتەردىن ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

ــ ئۇنىڭ پۇتى... ــ دېدى دادام دوختۇرغا ئەنسىز قاراپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، يەنە بىر ـ ئىككى كۈن كۆزىتىپ، بالىنىڭ ئەھۋالى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىمىز، بالىنىڭ يېشى كىچىك، ئۈستىخانلىرى تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ.

— رەھمەت دوختۇر.

— پۇل تۆگەپتۇ، بالىنىڭ ياخشى داۋالىنىشىغا تەسىر يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋاقتىدا پۇل تولۇقلىۋېتىڭلار.

— ماقۇل، دوختۇر، هازىرلا پۇل تۆلەي.

دادام مەيۇس هالدا ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، دوختۇرغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

— بالام، قانداقراق تۇرىسەن؟ — دېدى ئاپام. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تېخىچە قۇرىمىغانىدى.

— ياخشى...ئاپا...

ئەمەلىيەتتە قاتتىق چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك هالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم، سەللا ئۆزۈمنى قويۇۋەتسەم كۆزۈم يۇمۇلغىلى ئارانلا تۇراتتى. قولۇمنى ئاپامغا ئۇزاتماقچى بولدۇم، لېكىن مىدىرلىتالمىدىم. ئاپام مۇددىئايىمنى چۈشەندىمۇ قانداق:

— قوزغالما، بالام، — دەپ يۈزۈمنى سىيلاپ قويدى.

— مەن نېمە بولدۇم ئاپا؟ نېمىشقا پۇت ـ قولۇم مىدىرلىمايدۇ؟

— سەن... سەن... هادىسىگە يولۇقتۇڭ، بىر ماشىنا سېنى سوقۇۋېتىپتۇ.

شۇندىلا بىر ئىشلار غۇۋا ئېسىمگە كەلگەندەك بولدى، بىراق پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاچقا، كۆپ ئويلاشقا ماجالىم يەتمەي قالدى.

— ئاپا، ھەممە يېرىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئاپام لەۋلىرىنى چىشلىدى، ئەمەلىيەتتە دادام بىلەن ئاپامنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، بېشىمدا قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. مەن بىرسىنىڭ ياردىمىگە شۇنچىلىك موھتاج ئىدىم، ئۇ بەدىنىمدىكى چىدىغۇسىز ئاغرىقنى توختىتىپ، پۇت ـ قولۇمنى مىدىرلىغىلى قويسا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەركىن ھەرىكەت قىلسام قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

— ئاپا، بەك ئۇسساپ كەتتىم، — دېدىم قۇرۇغان لەۋلىرىمنى تەستە مىدىرلىتىپ.

— ماقۇل، بالام.

ئاپام بىرنەچچە قوشۇق چاي ئىچكۈزۈپ قويدى. مەن خېلى ئارام تېپىپ قالدىم. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز يەنە يۇمۇلدى. لېكىن، ئانچە ئۇزاق ئۇخلىيالمىدىم، ئاغرىقتىن ئىڭراپ ئويغىنىپ كەتتىم. پۇتۇمدىن باشلانغان بىر ئاغرىق ئاستا ـ ئاستا مېڭەمگە ئۆرلەپ، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدىنىم قىينىلاتتى. مەن نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتىم. نورمال ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن بىر ئادەم تۇيۇقسىز بۇنداق بولۇپ قالسا، رېئاللىقنى قوبۇل قىلماق ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. كوچىدىكى ماشىنىلارنىڭ كېتىۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېدى، ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. ئاجايىپ بىر ۋەھىمە ئىچىدە كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ «ماشىنا ئادەملەر ئۈچۈن ئامەت ھەم ئاپەت» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى... ناۋادا دادام ماشىنا ئالسا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا ئوخشاش بالىدىن بىرنى سوقۇۋەتسە، ئۇ بالىمۇ مەندەك



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدا قىينالسا، ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «بالامنى تۆلەپ بەر» دەپ دادامنى قىستىسا، دادام ئامالسىز ئۇ بالىنىڭ ئورنىغا مېنى بېرىۋەتسە... ئاھ، ماشىنا، ماشىنا... سەن مەندىن نېرى تۇر! مېنى ئۆز پۇتۇم بىلەن بۇ زېمىندا ئەركىن، بىمالال ماڭغىلى قوي، مەن پۇتى يوق بالا بولۇشنى خالىمايمەن. يەتتە ئەزايىم ساق تۇغۇلدۇم، يەتتە ئەزايىم ساق ھالدا بۇ ھاياتنى داۋاملاشتۇرغۇم بار...

پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى. يەرگە چۈشۈپ مېڭىش ئەمەس، كارىۋاتتا يېتىشمۇ ئېغىر كەلمەكتە ئىدى. بەل، پۇتلىرىم قىزىپ ئاغرىيتتى، ئۆزۈمنى تىكەن ئۈستىدە ياتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئىلگىرى ئۇخلاپ قانمايدىغان ئادەم، ئەمدى ئۇيقۇ دېگەننى ئىزدەپمۇ تاپالمايۋاتاتتىم. تومۇرلىرىمدا قىرىق ئاياغ ئۆمىلەۋاتقاندەك تىنىمسىز بىئاراملىق ئىچىدە تولغىناتتىم. شۇ خىل ئازاب ئىچىدە يېتىپ ئىختىيارسىز ئۆيدىكى «يېشىل يوپۇرماق»نى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ نېمە بولۇپ كەتتىكىن؟

ــ ئاپا، ــ دېدىم بېشىمنى ئاپام تەرەپكە سەل بۇراپ، ــ ھېلىقى... تاماق شىرەسىدىكى گۈل...

ئاپامنىڭ چىرايى تاتارغان، تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ قالغانىدى. ئاپام سۆزۈمنى ئاڭقىرالمىدى بولغاي:

ــ مېنى كەچۈر بالام، ــ دېدى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.

ــ ئاپا، ئۇ گۈلگە بىر ئىش بولدىمۇ؟

ــ گۈل؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەئە، ھېلىقى سىزنىڭ تىرناقلىرىڭىزنى قىزىل بوياپ قويغان گۈلچۇ، ئاپا.

— گۈل... مەن بىلمىدىم بالام، ئەس - يادىم سېنىڭدە تۇرسا، گۈلگە قارىغىلى كىمنىڭ رايى.

— ئاپا، ئۇ گۈل....

— بولدى، ئارام ئالغىن بالام.

— دادام قېنى؟

— دوختۇر بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپ كەتتى.

— پۇتۇمنى قاچان ئوپېراتسىيە قىلىدىكەن؟

— بىلمىدىم، دوختۇر... دوختۇر ئۇ...

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟

— دوختۇر... سېنى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەيدۇ، بالام.

— ئەمىسە ھېچ ياخشى بولالمايمەنغۇ؟

— ياخشى بولۇپ كېتىسەن، بالام.

ئاپامنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش تۆكۈلگىلى تۇردى. ئۇ يىغلىسىلا مەن ئازابلىنىپ كېتىمەن، ياش ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىمدىن ئاقىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۆز يېشى ئەمەس كۆز نۇرى، زىنىخىدىكى تەبەسسۇم بولۇشنى خالايمەن.

— ئاپا، يىغلىماڭ.

— يىغلىمىدىم.

— ماڭا ھېلىقى گۈلنى ئەكېلىپ بەرسىڭىز.

— بۇ ھالىڭدا ئۇ گۈلنى نېمە قىلىسەن، بالام؟

ئاپامغا راست گېپىمنى ئېيتالمايتتىم، ئۇ گۈلنىڭ مەيلى قالتىس خىسلىتى بولسۇن - بولمىسۇن ئاربىدىكى ۋەدىگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك ئىدى.

— بۇرنۇمغا دورا پۇراپ بىئارام قىلىۋېتىدىكەن،— دېدىم ئاخىرى ئورۇنلۇق سەۋەبتىن بىرنى تېپىپ،— ئۇ گۈل بەك خۇش پۇراق ئىدى.

ئاپام بىردەم تۇرۇپ كېتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ماقۇل، بالام.

ئەتىسى ئاپام «يېشىل يوپۇرماق»نى ئېلىپ كەلدى. ئاپام ئۇنى ئېلىپ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، ياتاق ئىچى شۇنچىلىك بىر خۇش پۇراققا تولدىكى، ياندىكى كارىۋاتلاردا ئېغىر كېسەل تارتىپ ياتقان بىرنەچچە بىمار تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىشىپ كەتتى. ئاپام «يېشىل يوپۇرماق»نى باش تەرىپىمدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ بەردى.

— ئوھوي... سىزگە نېمە بولدى؟— دېدى «يېشىل يوپۇرماق» ئاپام ماڭا ناشتىلىق ئالغىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

— مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم شۇ، — دېدىم ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى قىسقىلا ئېيتىپ بەردىم.

— مەن ئېيتقان ئىدىم، ماشىنا...

— بولدى، ئۇ گەپنى قىلىشمايلى،— دەپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتىم، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى،— مەن زېرىكىپ كەتتىم. بەدىنىم توختىماي ئاغرىيدۇ.

— ئەلۋەتتە، يارىلانغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ - دە.

— مەن بەك قىينالدىم.

— بىلىمەن.

— ئەمىسە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىردەم ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالسىڭىز ياخشى بولۇپ قالىسىز.

— يوق گەپنى قىلماڭە، نەدىكى ئۇيقا ئىكەن ئۇ.

— چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك.

— سىز راستىلا ھېچ ئىشنى ئۇقمايدىكەنسىز، بىلەمسىز، مەن ئۇخلىيالماس بولۇپ قالدىم.

— ئەمدى ئۇخلىيالايسىز.

بىر تال چېچەكلەر ئاستا سوزۇلۇپ كېلىپ مېنى پەپىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن تارقىغان خۇش پۇراق ئىچىدە تولىمۇ شېرىن بىر ئۇيقۇ مېنى باغرىغا باستى. مەن قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىم.

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچقاندا دادام بىلەن ئاپام بېشىمدا قاراپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، ئاغرىق ئازابىمۇ يوقاپ كەتكەندى.

— دادا، ئاپا...

— ئەجەب ئۇخلاپ كەتتىڭ بالام، قانداقراق تۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى ئاپام.

ئاپامنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى يەنىلا ياشاڭغىراپ تۇراتتى، دادامنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل ئەنسىزچىلىك بار ئىدى.

— خېلى ياخشى.

— پۈتۈك يەنە ئاغرىۋاتامدۇ ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى دادام زورىغا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلىپ.

— ھازىر ئاغرىمىدى.

دادام لەپپىدە قىلىپ ئاپامغا قاراپ قويدى. ئۇلار بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، بىراق نېمە

ئىشلىقىنى پەقەتلا پەرەز قىلالمىدىم. دادام ئالدىراش چىقىپ كېتىپ، بىر چاغدا ھېلىقى سېمىز دوختۇرنى باشلاپ كىردى. ئۇ مېنى تەپسىلىي تەكشۈردى، پۇتۇمنىڭ ھەممە يېرىنى بوشقىنا تۇتۇپ چىقتى، ئاندىن ھەيرانلىق قاپلىغان كۆزلىرى بىلەن دادامغا قاراپ:

ــ بالىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ياخشى ئىكەن، سىرتتىن دورا ئەكىرىپ بەرمىگەنسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق دوختۇر، ئەتىگەن تۇيۇقسىز قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى، ــ دېدى دادام سەل جىددىيلىشىپ.

ــ ئۇخلىسا ياخشى، قارىغاندا يەنە بىرنەچچە كۈن كېچىكتۇرۇپ كۆزىتىپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ، ناۋادا راستتىنلا مۆجىزە كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭ پۇتىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس.

ــ ماقۇل دوختۇر، سىزگە كۆپ رەھمەت، بولسا ئامال قىلىپ ئوغلۇمنىڭ پۇتىنى ساقلاپ قالسىڭىز.

ــ بىز تىرىشىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ.

دوختۇر شۇنداق دەپلا چىقىپ كەتتى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق، ئەندىشە، يەنە ئاللىقانداق غەم ـ قايغۇلارنىڭ سايىسى قاپلىۋالغاندەك ئىدى.

ــ دادا، پۇتۇمنى ساقلاپ قېلىش دېگەن قانداق گەپ؟

ئاپام ـ دادام ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى، ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇشتى ـ يۇ، لېكىن ھېچقايسىسى گەپ قىلالمىدى. ئاپام كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

ــ گەپ قىلساڭلارچۇ؟ ــ دېدىم تەخىرسىزلىنىپ.

ــ بولدى، بالام. ئارام ئالغىن، مەن چىقىپ تاماق ئېلىپ كىرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دادام شۇنداق دېگەچ ئاستا سىرتقا قاراپ ماڭدى.
— ئاپا، ئېيتىڭە، دوختۇرنىڭ دېگىنى...
— بولىدۇ، بالام. ئۇ مۇھىم ئەمەس، بەزى ئىشلارنى ئاڭلىمىغاندىن ئاڭلىمىغان ياخشى، ھەممىمىزدە مەخپىيەتلىك بار.
مەن جىم بولۇپ قالدىم. ئاپام خۇددى مېنىڭ سىرلىرىمدىن خەۋەردار بولۇپ قالغاندەكلا گەپ قىلىۋاتاتتى. ياكى «يېشىل يوپۇرماق» يولدا كەلگۈچە ئاپامنى بەزى سىرلاردىن خەۋەردار قىلىپ قويدىمىكىن؟...
ئىتتىك «يېشىل يوپۇرماق»قا قارىدىم.
— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ ئىككى يانغا چايقىلىپ قويۇپ، — سىر ئاشكارىلانمىدى.
— ئەمىسە ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سىز بىلەمسىز؟
— سىزنىڭمۇ بىلگۈڭىز بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە.
— قورقۇپ كېتەرسىزمىكىن.
— قورقمايمەن.
— ئوغۇل بالا گېپىگە ئىگە بولۇش كېرەك، جۇمۇ.
— ھىم...
— ئۇلار سىزنىڭ پۇتىڭىزنى كەسمەكچى.
— نېمە؟!
مەن قاتتىق ۋارقىراپ بېشىمنى كۆتۈرۈۋەتتىم. يېنىمدا تۇرغان ئاپام مەندىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن قورقۇپ كېتىپ:
— ۋاي بالام، نېمە بولدۇڭ؟ — دېگىنىچە مېنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاقزەدىلىك ئىچىدە چەكچىيىپ كەتتى.

مەن سوغۇق تەرلەپ، ئۆزۈمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم... ئادەم ئۈچۈن پۈتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولامدۇ؟! ھەممە جانلىقلار پۇت ـ قولى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىپ، پۇت ـ قولى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ. ناۋادا پۇتۇم بولمىسا مەن نېمىگە ئوخشاپ قالىمەن؟ يىلتىزى يوق دەرەختەك، چاقى يوق ماشىنىدەك كېرەكسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايمەنمۇ؟ ئۇنداق ياشىغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئاھ، پۇتۇم! مېنى تاشلاپ كەتمە، بىر ئۆمۈر مېيىپلىق ئازابىنى تارتىپ ياشاشقا مەن چىدىيالمايمەن. مەن بىر ئاجىز بالا، پۇتۇم بولغانلىقى ئۈچۈنلا باشقىلارغا يېتىشىپ ماڭالايمەن، نىشانىم ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمەن...

كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈشكە ئاران قالدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى «يېشىل يوپۇرماق» ماڭا تەسەللى بېرىپ، — بايا بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— بىراق... بىراق... پۇتۇم بولمىسا ياشىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدىم ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى يوشۇرالماي.

— ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئادەمنىڭ بېشىغا نى ـ نى قىسمەتلەر كېلىدۇ.

— مەن چىدىمىدىم، كۆز ئالدىم غۇۋالىشىۋاتىدۇ.

— دېدىمغۇ ئۈمىدۋار بولۇڭ، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ گېپى، تەقدىر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

— ماڭا كىم ياردەم قىلىدۇ؟

— ئۆزىڭىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئىرادە بولسىلا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

— ئىرادە... ئىرادە...

— بولدى، بولدى، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئاپىڭىزمۇ قورقۇپ كەتتى، ئۇنى ئازابلاشنى خالىمايسىزغۇ دەيمەن.

— شۇنداق.

— ئەمىسە جىم بولۇڭ.

— جىم بولاي، بىراق پۇتۇم...

— ئۇنى ئويلىماڭ، ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— بارلىق دوستلارغا ئىشىنىڭ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئىشىنىڭ.

— ماقۇل.

— ئاپىڭىزغا تەسەللىي بېرىپ قويۇڭ، ئۇ قورقۇپ كەتتى.

ئاپام تېخىچە مېنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇ راستىلا بەك قورقۇپ كەتكەنىدى، يۈرىكىنىڭ قاتتىق دۈپۈلدىشىنى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئاپا، ھېچ ئىش يوق ئەنسىرىمەڭ، — دېدىم ئاپامنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ.

— ئەجەب قاتتىق ۋارقىرىدىڭ، — دېدى ئاپام.

— قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئاپام گېپىمگە ئىشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ قويدى. شۇنداق، مەن ئۇخلىمىغانىدىم، ئۇخلىمىغان ئادەمنىمۇ قارا باسامدۇ؟ بىراق، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، ئاپام جىق ئىش كۆرگەن ئايال، تۇرمۇش ئۇنى جىق نەرسىلەرگە ئىشەندۈرۈۋەتكەن، شۇڭا ئۇ يەنىلا ئىشەندى.

## ئونىنچى باب

# پۈتۈم كېسىلمەيدىغان بولدى

ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ، ئاغرىق پەسەيگەندىن كېيىن، دادام بىلەن ئاپامنىڭ كۆڭلىمۇ سەل جايىغا چۈشۈپ قالغانىدى. گەرچە دوختۇر پۈتۈمنى كېسىشنى كېچىكتۈرۈشنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق بۇنى ئويلىسام قورقۇنچ يەنىلا روھىمنى بوغۇپ تۇراتتى. پۈتسىز تۇرقۇمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم، ئۇنداق قاباھەتكە مېنىڭ نېرۋىلىرىم بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كۈن ئولتۇرۇشقا ئازلا قالغانلىقىنى بىلدىم. ئىككى يېنىمدىكى كېسەل كارىۋىتىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئىڭرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەگەر ئاپامغا دەپ «يېشىل يوپۇرماق»نى ئەكەلدۈرۈۋالمىغان بولسام، بۇ يەردىكى دورا ھىدى ۋە باشقا سېسىق پۇراقلارغا چىدىغىلى بولماسكەن. ئۇ توختىماي خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغاچقا، كېسەلخانىنىڭ ھاۋاسى يامان ئەمەس ئىدى. دادام ئازراق ئىشى چىقىپ قېلىپ ئۆيگە قايتقان، ئاپام ماڭا تاماق ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. چۈشتىن بۇرۇن ياخشى ئۇخلىۋالغاچقا، ھازىر ئۇيقۇممۇ كەلمەي، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزەر سالغاچ خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم. ئىشىك تۈۋىدە كىملەرنىڭدۇر گەپ تالاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەن كىرگىن.

— ئاۋۋال سەن كىر، سەن دېگەن ھۆرمەتكە چوڭ.

— ئەمىسە بىر چەتكە تۇرمامسەن، دائىم شۇنداق قىلىسەن ئىشىكنى توسۇپ...

— مانا...

بۇ ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بولدۇم. مەن تولۇق ھوشىمغا كېلىشتىن ئاۋۋال، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق گەپ تالاشقانلىقىنى چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم.

— كىرىۋېرىڭلار! — دېدىم ئۇلارنى ئالدىرىتىپ. راستىمنى ئېيتسام ئۇلارنىڭ ئوماق تۇرقىنى بەكلا سېغىنغانىدىم. ئۇلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى خۇددى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالغاندەك يېقىن مېڭىشىپ كېسەلخانىغا كىردى. «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ چېچەكلىرى بىردىنلا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بەس - بەستە چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ھۇشت! — دېدى چوڭ لوقمان، — نېمىگە چۇرقىرىشىسىلەر، بۇ دېگەن كېسەلخانا.

چېچەكلەر جىم بولدى، لېكىن بىردەم ئۇزىراپ بىردەم قىسقىراپ قىلىق چىقارغىلى تۇردى. كىچىك لوقمان كېسەلخانىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپلا ئارقىسىغا داجىپ:

— ۋايىيەي، قانداق يەر بۇ؟ سېسىق پۇراقنىڭ دەستىدىن تىنالمايلا قالدىم، — دېدى.

يېنىمدىكى ئىككى كارىۋاتتا ياتقان كېسەللەرمۇ

قاتناش ھادىسىسىدە ئېغىر يارىلانغانلار بولغاچقا، ئۇلاردىن ئاققان قان، يىرىڭلار پۇراپ، كېسەلخانا ئىچىنى بىر ئالغانىدى. ھېلىمۇ «يېشىل يوپۇرماق» خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغاچقا بىزگە ئانچە بىلىنىپ كەتمىدى، ئەمما سىرتتىكى ساپ ھاۋادىن كىرگەن ئادەم ئەلۋەتتە بۇلارنى بەكرەك ھېس قىلاتتى، چۈنكى بىز كۆندە پۇراۋېرىپ بۇ خىل پۇراققا كۆنۈپ قالغانىدۇق.

— بولدى قاقشىما، — دېدى چوڭ لوقمان، — دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى گۈللۈكتەك خۇش پۇراق دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

— لېكىن بۇ يەر....

— كېسەل بار يەردە مۇشۇنداق پۇراق بولىدۇ، كېسەل ئۆزىنىڭ مەرەزلىكىدىن ساق تەنلەرنى ناكار قىلىپ يىقىتىدىغان گەپ. بولدى، بىردەم گەپنى ئاۋۇتماي جىم تۇرغىنا، ئاۋۋال بۇ شاكىچىك دوستىمىزدىن ئەھۋال سورىۋالايلى.

ئۇلار يېنىمغا كەلدى، لېكىن كارىۋات ئېگىز بولغاچقا مەن كۆرەلمىدىم.

— قېنى سىلەر؟

— مانا يېنىڭدا، نېمانداق ئېگىز يەرگە چىقىۋالدىڭ؟ — دېدى كىچىك لوقمان.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى كۆلكەم قىستاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئوماقلا بولۇپ قالماي يەنە گەپلىرىمۇ بەك يۇمۇرلۇق ئىدى.

— بىزنى كەچۈر، — دېدى چوڭ لوقمان، — ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

— خېلى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— مەن بۇ بالىغا چوقۇم بىر ئىش بولىدۇ دېگەن، — دېدى كىچىك لوقمان كارىۋاتقا بويۇنداپ قاراپ، — بىز تۇنجى كۆرۈشكەندىلا چىرايىدىن بىر كېلىشمەسلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەن.

— بىلسەڭ قانداق قىلالايتتىڭ؟ — دېدى چوڭ لوقمان ئۇنىڭغا كايىپ، — بەزى يۈز بېرىش مۇقەررەر بولغان ئىشلارنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ئۇ ھايات ئىكەن، مۇشۇنىڭ ئۆزى بەخت. ۋۇي، سەن نېمىشقا بىر - ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىشنى بىلمەيسەن؟

— كەچۈر، ئويلىغانلىرىمنى دېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم، — دېدى كىچىك لوقمان دەرھال ئەپۇ سوراپ.

— بەزى ئىشلارنى ئويلىسىمۇ كۆڭۈلدە بىلگەن ياخشى، ئادەملەر نېمىشقا گۈلگە ئامراق بىلەمسەن؟ ئۇ پاكىز، خۇش پۇراق، يەنە گۈزەل.

— بولدى، بولدى، ماڭا دەرس سۆزلەيمەن دېمەي، ماۋۇ بالىنىڭ ھالىنى سورا.

— ئەمىسە گېپىمنى بۆلمەي تۇر.

— ئوبدان.

مەن ئازراق سۇرۇلۇپ كارىۋاتنىڭ قىرىغا كەلدىم، ئۇلار ماڭا بويۇندىشىپ قاراپ تۇراتتى.

— بەكلا ياداپ كېتىپسەن، — دېدى چوڭ لوقمان.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، پۇتۇم ساقايسىلا بولاتتى، بىراق...

— بىر ئىش بولدىمۇ؟

— ئۇلار... ئۇلار پۇتۇمنى كېسىمىز دەيدۇ.

— ۋاي خۇدايىم، پۇتۇڭ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

— شۇ، پۇتۇمدىن ئايرىلسام ئازاب ئىچىدە تۇگىشىپ كېتىمەن.

— ھەي، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلساڭچۇ، — دېدى كىچىك لوقمان تاقەتسىزلىنىپ.

— بىلىمەن، گېپىمنى بۆلمەي تۇر دېدىمغۇ. مېنى يۆلەپ قويغىنا، ئۇنىڭ يېنىغا چىقاي.

چوڭ لوقمان كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئېسىلدى. مەن قولۇمنى سۇنۇپ ئۇنى تارتىۋالدىم. ئۇ ئايىغىم تەرەپكە كېلىپ جايلاشتى ـ دە، يوتقاننى قايرىپ پۇتۇمغا قارىغىلى تۇردى.

— نېمىدېگەن ئۇزۇن ھەم چىرايلىق پۇت بۇ.

بىردىنلا كۆڭلۇم بۇزۇلۇپ، مېنى يىغا تۇتۇشقا باشلىدى. ھەر قېتىم پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالىدىغىنىمنى ئويلىساملا، بارلىق ئۇمىد، ئىشەنچلىرىم بەربات بولۇپ، چەكسىز ئازاب دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتەتتىم. كەلگۈسۈم تولىمۇ قاراڭغۇ ۋە ۋەھىمىلىك تۇيۇلاتتى.

— يىغلاۋاتامسەن؟ — دېدى چوڭ لوقمان كۆزلىرىمگە تىكىلىپ.

— ياق، — دېدىم كۆز ياشلىرىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— غەم قىلما، بىز بار.

كۆڭلۇمدە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى، لېكىن پۇتۇم بولمىسا ئۇلارنىڭ بولغىنىنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ئۇلار ئاران ئىككى غېرىچ كېلىدىغان بويى بىلەن يا مېنى كۆتۈرەلمىسە. بارچە تارتقۇلۇق مەن بىلەن، ئازاب پەقەت مېنىلا بوزەك ئېتىدۇ.

چوڭ لوقمان كارىۋاتتىن بويۇنداپ دېرىزىدىن سىرتىغا قاراپ قويۇپ:

— كۈن ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ياكى نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم، ئىشقىلىپ بىرخىل ئۇمىدسىزلىك بارا ـ بارا مېنى تۇگەشتۇرمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇلار خاسىيەتلىك ھەسەل ھەرىسى باققۇچى بولغاندىكىن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تەقدىر ـ قىسمەتنى ئۆزگەرتىۋېتەرمىكىن دېگەن خىيالىممۇ بار ئىدى.

شۇ ئارىدا ئاپام تاماق ئېلىپ كىردى، كىچىك لوقمان كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈندى، چوڭ لوقمان مېنىڭ ئاياغ تەرىپىمدىكى يوتقانغا پۈركىنىۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئاپام ئۇلارنى كۆرەلمەيتتى.

ــ قورسىقىڭ ئېچىپ كەتتىمۇ بالام،ــ دېدى ئاپام ئىللىقلىقىنا كۈلۈپ،ــ ئاشخانىدا ئادەم بەك جىق، ئۇزاقراق ساقلاپ قالدىم.

ــ بەكمۇ ئېچىپ كەتمىدى، ئاپا،ــ دېدىم چوڭ لوقمان مۆكۈنگەن ئايغىم تەرەپكە قاراپ قويۇپ.

ــ ئۇنداق دېمەي بۇ تاماقنى ئىسسىقىدا يەۋال.

ئاپام چۆپى قەغەزدەك نېپىز يېيىلغان بىر قاچا نارىن ئېلىپ كىرگەنىدى. تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىنلا ئىشتىھايىم قوزغىلىپ، ئېغىزىمغا سېرىق سۇ يىغىلدى. ئاپام مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن تاماقنى كارىۋاتنىڭ شىرە ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تاختىيى ئۈستىگە قويۇپ بەردى.

تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. ئاپام مېنىڭ تاماق يېيىشىمگە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇردى. بىردەمدىلا قاچىنى بىكارلاپ قويدۇم.

ــ يارايسەن، ئوغلۇم،ــ دېدى ئاپام مەمنۇنىيەت بىلەن،ــ تاماقنى ياخشى يېگەن بالا ساغلام بولىدۇ.

ئاپامغا قاراپ مەيۈسانە كۈلۈپ قويدۇم. مېيىپ بولۇپ قالغىنىۋاتسام، ماڭا يەنە نەدىكى ساغلاملىق ئىكەن ئۇ. ئەمما، كۆزۈم پارقىراپ تۇرغان ئىكەن تاماق يېيىشىم كېرەكتە. ئۆزۈمنىڭ ئاچ كۆز بالا ياكى ئەمەسلىكىمنى بىلمەيمەن، بىراق ئەسلىدىنلا ئىشتىھايىم ياخشى ئىدى، باشقا بالىلاردەك تاماق تاللاپ يېگىلى ئۇنىماي ئاتا ـ ئانىسىغا جاپا سالىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتىم. بەلكىم بۇ ئاپامنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنىڭ بەك لەززەتلىكلىكىدىن بولسا كېرەك.

قورساق تويغاندىن كېيىن، مېنى ئاستا ـ ئاستا مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. ماڭا قارايمەن دەپ ئەتىگەندىن كەچكىچە چېپىپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن ئاپام، كېسەلخانىنىڭ بوش يېرىگە سېلىنغان ئەدىيالنىڭ ئۈستىدە يانپاشلىدى. ئەسلىدىلا خىزمىتى ئالدىراش ئاپام مەن ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئالدىراش ۋە پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمگە بەكلا ئاچچىقىم كېلەتتى. يەسلىدىن ئوغرىلىقچە ئۆيگە بارغىنىمغا پۇشايمان قىلاتتىم. گەرچە ھازىرغىچە يا دادام، يا ئاپام مېنىڭ ئوغرىلىقچە ئۆيگە بارغانلىقىم توغرۇلۇق بىرنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، خىجىللىق، پۇشايمان ئىچىدە ئۆرتىنىپلا كېلىۋاتاتتىم. گاھىدا بۇ ئىشلارنى بەگباشلىقىمغا بېرىلگەن جازادەكمۇ ھېس قىلىپ قالاتتىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ جېكىلىشىگە پەرۋا قىلماي، يەسلىنىڭ تۈزۈمىگە بويسۇنماي كۆرگەن ئاقىۋىتىم شۇ بولدى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بالىلىرىنى ماشىنىدىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا ئاغزى ئۇپراپ كەتكۈدەك دەرىجىدە توختىماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم. ھازىر ماشىنىلار شۇ دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتىكى، ئۇلار خۇددى ئۇركۈگەك كالىدەك دوقۇرمىغان تار كوچا، كەڭ كوچا، ئۇزۇن كوچا، خالتا كوچىلار قالمايدۇ. جاھاننىڭ ھەممىسى ماشىنا دۇنياسىغا تەۋەدەك، گۇركىرەپ ئۇيان ـ بۇيانغا بىر ماڭغىلى تۇرسا پىيادىلەر قاچقىلى يوچۇق تاپالماي كېتىشىدۇ. ماشىنا ھەيدىگەنلەر قالتىس، ئۇلارنى كۆرگەن ھامان يول بوشىتىپ بەرمىسىڭىز، رەھىمسىز چاقلار ئاستىدا خۇددى ماگا ئوخشاش چەيلىنىدىغان گەپ.

ــ ئۇخلاپ قالدىڭمۇ شاكىچىك؟

يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى كۆزۈمنى ئېچىپ چوڭ لوقمانغا قارىدىم. ئۇ يوتقاننى قايرىۋېتىپ، پۇتۇمنى تۇيتۇز قىلىش ئۇچۇن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

ــ نېمە قىلاي دەيسەن؟ ــ دېدىم ھەيرانلىق بىلەن.

ــ كارىڭ بولمىسۇن.

ــ بۇ پۇتۇمنى دوختۇردىن بۇرۇن كېسىۋېتەي دېدىڭمۇ يا؟

چوڭ لوقمان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ نېمە دەيدىغانسەن، مۇنداقلا بىر...

ــ سەن يا دوختۇر بولمىساڭ، كېسەل پۇت بىلەن ھەپىلىشىپ. ئاغرىقى قوزغىلىپ كەتسە ۋارقىراپ تاشلايمەن جۇمۇ.

ــ قەيسەر بول، بۈگۈن ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرىسەن.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەل قىزىقىپ قالدىم. ئۇ

ئۇزۇن تونىنى سىلىقلىغان بولۇپ، ئىچ كىيىمىدىكى يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۇراتتى.

— ھە، قاراپ تۇرماي سەنمۇ چىقە، — دېدى ئۇ كىچىك لوقمانغا قاراپ.

كىچىك لوقمان كارىۋاتنىڭ قىرىغا كېلىپ ئېسىلىۋېدى، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدىم. ئۇمۇ چاپىنىنى سىلىپ تاشلاپ چوڭ لوقمانغا ياردەملىشىپ پۇتۇمنى تارتقىلى تۇردى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى كىچىك لوقمان پۇتۇم سەل تۈزەلگەندىن كېيىن.

— ھازىر بىلىسەن، — چوڭ لوقمان «يېشىل يوپۇرماق»قا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە، يېشىل يوپۇرماق، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى.

«يېشىل يوپۇرماق» خۇشال بولۇپ چاۋاك چالغاندەك شىلدىرلاپ كەتتى، ئاندىن بىر تال چېچەك بىردىنلا سوزۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خوش، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

— بارلىق ھەسەل ھەرىلىرىنى چاقىر، بۇ يەرگە كەلسۇن.

— ھەممىسىنى؟...

— ھەئە.

— ئويلاپ بېقىڭ، ھەممىسى كەلسە بۇ ئۆيگە پاتمايدۇ.

چوڭ لوقمان بېشىنى قاشلاپ قويۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، ئالدىرىغاندا... بولىدۇ، ئۈزۈڭ مۆلچەرلەپ بىر ئىش قىل، لېكىن ئۇلار بەك تېز بولسۇن.

«يېشىل يوپۇرماق»تىن خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ غۇڭۇلدىغىنىدەك بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلدى — دە، ھەپەش

دېگۈچىلا بىر توپ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئالدى كېسەلخانا ئىچىگە كىرىپ بولدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ قانىتى شۇنچىلىك سوزۇك، كۆزلىرى تېخىمۇ پارقىراق، ھەرىكىتى تولىمۇ رەتلىك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلارنىڭ بېشىدا يەنە يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك بىر نۇرنىڭ يالتىراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ھە، ئەسلىدە بۇ ئۇلارنىڭ كېچىدە ئىشلىتىدىغان قولچىرىغى ئىكەن ـ دە! نېمىدېگەن قالتىس، بۇلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق خىسلەتلىك ھەسەل ھەرىلىرى ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپلا شۇنچە تېز سۈرئەتتە كېلىشىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

— ماۋۇ بالىنىڭ پۇتىنى ئوراڭلار، — دېدى چوڭ لوقمان ئۇلارغا بۇيرۇق بېرىپ.

ھەسەل ھەرىلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ پۇتۇمغا قونۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازى كېسەلخانا ئىچىنى بىر ئالدى، بىراق بۇ ئاۋازلارنى يا ئاپام، يا ئىككى يېنىمدا ياتقان بىمارلارنىڭ ھېچقايسى ئاڭلىمايۋاتقاندەك قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن كىرگەن ھەسەل ھەرىلىرى قونۇۋېرىپ، پۇتۇممۇ كۆرۈنمەي قالدى. مەن بىر تۇرۇپ بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئۈمىدلىنىپ شادلانسام، بىر تۇرۇپ بۇ سان ـ ساناقسىز ھەسەل ھەرىسىنىڭ پۇتۇمنى يەپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتىم. ئۇلار پۇتۇمنىڭ ئۈستىدە مىغىلدىشىپ توختىماي غۇڭۇلدايتتى، بېشىدىكى ھېلىقى «چىرىغى»نىڭ نۇرىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ «ۋال ـ ۋۇل» چاقناپ تورۇسنى يورۇتۇپ ئۆتەتتى.

— قانداقراق؟ — دېدى چوڭ لوقمان چىرايىمغا تىكىلىپ.

— بىرەر ئۆزگىرىش بولغاندەك ئەمەس دېدىم كۆزلىرىم يېرىم يۇمۇق ھالەتتە.

— سەبرى قىل.

— بۇلار پۇتۇمنى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— دېسەمۇ چۈشەنمەيسەن، پەقەت ساڭا ياردەم قىلىۋاتىدۇ خالاس.

بايىقى شېرىن مۇگدەك يەنە كەلدى، ھەرقانچە قىلسامۇ كۆزۈمنى ئاچالمىدىم. لېكىن، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

— ئۇخلىغىن، قېنىپ - قېنىپ ئۇخلىۋال.

بۇ ئاۋاز ئاپامنىڭ ياكى ئىككى لوقماننىڭ ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم...

ئەتىسى كېسەلخانىدىكى «تاراق - تۇرۇق» ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. پۇتۇم شۇنچىلىك يەڭگىل تۇيۇلدى. ئاخشامقى ھەسەل ھەرىسىنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆزۈمچە «يەنە چۈش كۆرۈپتىمەن - دە» دەپ ئويلاپ قالدىم. بىر سېستىرا كېسەلخانا ئىچىنى تازىلاۋاتاتتى. ئاپام يەردىكى ئەديالنى قاتلاپ ئېلىۋەتكەن بولۇپ، ئۆزى يوق، ناشتا ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتىمۇ ياكى باشقا ئىشقا ماڭدىمۇ بىلمىدىم. بۈگۈن كەيپىياتىم بولەكچە ياخشى ئىدى.

— ئۇھ، ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپتۇق - ھە.

بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايغىم تەرەپكە سورۇلۇپ قالغان يوتقاننىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لوقماننى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدىم. كېيىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئۇلاردىن ئاستا سورىدىم:

— سىلەر... سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ قاچان كەلگەنتىڭلار؟

— نېمە بولدى ماۋۇ بالىغا، — دېدى چوڭ لوقمان كېلىپ پېشانەمنى تۇتۇپ كۆرۈپ، — قىزىپ قالغاندەكمۇ ئەمەس بولمىسا، يا ئېسىنى يوقاتتىمىكىن.

— ھەي، ئاخشامقى كارامەت تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى كىچىك لوقمان پىخىلداپ كۈلۈپ.

— بەلكىم.

— بىراق، پۇتى ساقىيىپ ئۆزى ئېلىشىپ قالمىسا بولاتتىغۇ.

— ئېغىزىڭنى ئۇشۇتمىسەڭچۇ.

— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟

— ھېچنېمە دېمە.

مەن ئاخشام بولغان ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقىپ، ئۇلارغا قاراپ ئۆزۈممۇ كۈلۈپ كەتتىم ۋە:

— كەچۈرۈڭلار، چۈش كۆرگەن ئوخشايمەن دەپ قاپتىمەن، — دېدىم.

— نېمانداق جىق چۈش كۆرىدىغان بالا سەن ؟— دېدى كىچىك لوقمان.

— ھى... ھى... ھى...

— بولدى، بىز قايتايلى. ئەمدى ئاھ ئۇرۇپ، ئازاب چېكىپمۇ يۈرمە، پۇتۇڭ يوقاپ كەتمەيدىغان بولدى، — دېدى چوڭ لوقمان كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ.

— راستمۇ؟ — ئىتتىك پۇتۇمغا قارىدىم. پۇتۇم خۇددى

يېڭى بىخ چىقارغان گۈل بەرگىدەك يۇمران، چىرايلىق كۆرۈندى، ئۇنىڭدىكى جاراھەت ئىزلىرىمۇ يوقالغانىدى. بىر تۇرۇپ بۇ كۆرۈنۈشكە ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى، ئۇلار خۇددى خىيالىي تۇيغۇدەكلا بىلىندى. بىراق، بۇ مۆجىزىگە ئاخىرى يەنىلا ئىشەنمەي بولمايتتى، مەن چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان سېھىر دۇنياسىغا كىرگەنىدىم. بۇ مېنىڭ تەلىيىم بولسا كېرەك.

— خۇش بولدۇڭمۇ؟ — دېدى كىچىك لوقمان.

— ئەلۋەتتە، ھازىر سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدىم خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە پاتقۇزالماي ھاياجانلانغان ھالدا.

— بىز دېگەن دوست، تۇزۇت قىلىش كەتمەيدۇ. ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت، ئەمدى ماڭمىساق بولمايدۇ، — دېدى چوڭ لوقمان.

— يېنىمدا تۇرساڭلارچۇ، — دېدىم ئۇلارغا قىيالماي.

— ياق، قىلىدىغان ئىشىمىز بەك جىق.

— ئەمىسە خوش، سىلەرگە كۆپ رەھمەت.

— ياخشى ئارام ئال.

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ كارىۋاتتىن پەسكە سەكرەپلا غايىب بولدى.

ئاپام ناشتىلىق كۆتۈرۈپ كېسەلخانىغا كىردى.

— ئويغاندىڭمۇ بالام؟ — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ.

— ئويغاندىم، ئاپا، — دېدىم جەينىكىمگە تايىنىپ ئۆرە بولۇۋېتىپ.

— ھاي ـ ھاي بالام، مىدىرلىما، — ئاپامنىڭ يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭ ئېچىلىپ كەتتى، — پۇتۇڭ قوزغىلىپ كەتسە بولمايدۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئاپا، — دېدىم مەغرۇرانە كۈلۈپ.

ئاپام يوتقان سىرتىدا تېخىچە ئوچۇق تۇرغان پۇتۇمغا مۇنداقلا قاراپ، ھەيرانلىقتىن ئاۋازى خېلىلا چىڭ چىقىپ كەتتى:

— ۋاي توۋا، سېنىڭ پۇتۇڭ...

مەن پەقەت كۈلۈپلا قويدۇم ـ دە، ئاپامنىڭ قولىدىكى مانتىنى ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم.

ئەسلىي بۈگۈن پۇتۇمنى كېسىدىغان كۈن ئىدى. ناشتىدىن كېيىن مېنى تەكشۈرۈشكە كىرگەن دوختۇرنىڭ ھەيرانلىقى ئاپامنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولدى. ئۇ پۇتۇمغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزاق قېتىپ قالدى، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە ئۇنىڭ ئەقلى ھەقىقەتەن يەتمەيۋاتاتتى. ئۇ بىرسىگە پىچىرلاۋاتقاندەك لەۋلىرى توختىماي مىدىرلايتتى، بىراق نېمە دېگىنىنى ئۇققىلى بولمايتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى ئاخىرى ئەتراپتىكىلەر ئاڭلىغۇدەك چىقتى، ئەمما بۇ سوئالنى كىمدىن سوراۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى.

بۇنىڭ جاۋابىنى مېنىڭدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى ئەلۋەتتە، ئەمما مېنىڭ ئېيتىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرگەن سېستىرالارمۇ ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى.

دوختۇر ئاخىرى ياردەمچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ دوختۇر يەنە نۇرغۇن دوختۇرلارنى باشلاپ كىرىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىنى تۇتۇپ تەكشۈردى، مېنىڭدىن ئاغرىۋاتقان ـ

ئاغرىماي ئۇقالىشتانلىقىمنى سورىدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى چىرايلىق سېستىرا كىرىپ ماڭا ئاسما ئوكۇل سالدى.

— ئوغلىڭىزنىڭ پۇتىنى كەسمەيدىغان بولدۇق، — دېدى ئۇ ئاپامغا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولغاندەك ئالاھىدە بىر تەلەپپۇزدا.

— راستىمۇ؟ — ئاپام ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك بىرخىل ھاياجاندا سورىدى.

— راست، ئۇنىڭ پۇتى ساقىيىپ قاپتۇ، سۇنغان يېرىمۇ تۇتۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، سەل تۇرۇپ پۇتىنى رەسىمگە ئېلىپ ئاخىرقى دىياگنوزنى چىقىرىدۇ.

ئاپام خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قالغان بالىدەك، مېنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ئاھ، جېنىم بالام، سەن مېيىپ بولۇپ قالمايدىكەنسەن، مەن... مەن... ھازىرلا بۇ خەۋەرنى داداڭغا يەتكۈزەي.

ئاپام دادامغا تېلېفون قىلىش ئۈچۈن كارىدورغا چىقىپ كەتتى.

— سىزدە بىرەر خىسلەت بارمۇ قانداق، شاكىچىك؟ — دېدى ئۇ سېستىرا ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ماڭا گۇمانىي نەزەردە قاراپ.

— يا... ياق... — دېدىم سىرىم پاش بولۇپ قالغاندەك ھودۇقۇپ.

— سىزدىكى ئۆزگىرىشنى دوختۇرلار قوبۇل قىلالمايۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

مەن چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغان قىياپەتتە چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدۇم. شۇ ئارىدا كۆزلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چەكسىز خۇشاللىق نۇرلىرى بالقىپ تۇرغان ئاپام كېسەلخانىغا قايتىپ كىردى.

— داداڭ ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى، بالام، — دېدى ئۇ هاياجاندىن تېز - تېز نەپەس ئېلىۋېتىپ، — ئۇ سېنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىڭنى تەبرىكلەپ، هازىرلا بىر دەستە گۈل ئېلىپ كېلىدىغان بولدى.

مەن «يېشىل يوپۇرماق»قا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدۇم.

— هىم، دادىڭىز گۈل ئېلىپ كەلگۈدەك، — دېدى «يېشىل يوپۇرماق» ئازراق رەشىكى قوزغالغاندەك بىر تەلەپپۇزدا.

## ئون بىرىنچى باب

# بىر دەستە گۈل

مەن بىر تامچىدىن، بىر تامچىدىن چۈشۈۋاتقان ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم، يېنىمدىكى كارىۋاتتا ياتقان بىمار مەن تەرەپكە ئۆرۈلدى. ئۇمۇ قاتتىق ھادىسىدە يارىلانغان بولۇپ، ئوڭ پۇتى ئىككى يەردىن سۇنغان، بىرنەچچە تال قوۋۇرغىسى دەز كەتكەنىكەن. ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، پۇتىغا پولات تاختا بېكىتىلىپ قويغاچقا ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈشىمۇ تەس ئىدى، پەقەت باللىرىنىڭ ياردىمىدىلا مىدىرلىيالايتتى. ھازىر ئۇنىڭ بىر تەرەپكە ئۆزى ئۆرۈلەلىگىنىگە قارىغاندا كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى.

— ئۇھ، بالام، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز مەندىن ئەھۋال سوراپ.

مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي، خۇددى غەلىتە جاندارنى كۆرۈپ قالغاندەك ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. نەچچە كۈنىڭياقى ئۇ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كېچە - كۈندۈز ۋايساپلا چىققانىدى، ئەمدى تۇرۇپلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ئەھۋال سورىشى ھەقىقەتەن ئويلىمىغان بىر ئىش بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئاخشام، — دېدى ئۇ مەن جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەكلا غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن. بىر توپ ھەسەل ھەرىسى كېسەلخانىغا كىرىپ ھەممە يەرگە يامراپ كەتكۇدەك، ئۇلارنى قوغلاپمۇ قوغلاپ بولالمىغۇدەكمەن، ۋارقىراي دېسەم ئاۋازىم چىقمىغۇدەك. ئاخىرى بىر توپى سىزنى ئورىۋالدى، يەنە بىرنەچچىسى مېنىڭ باش - كۆزۈمگە يېپىشىپ چېقىۋالدى، ئاغرىق ئازابىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىرقىراپ كەتتى. بىراق، ئەتىگەن قارىسام شۇنداق يەڭگىللەپ قاپتىمەن...

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىمچە ئۇن - تىنسىز تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنى قورقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، گېپىنى توختىتىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن يەنىلا ئىپادە بىلدۈرمىدىم.

— قورقما بالام، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ دېگەن بىر چۈش، مانا سەنمۇ ساپ - ساق تۇرۇپسەنغۇ.

— سىز... سىز... راستىلا شۇنداق چۈش كۆردىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ ھەيرانلىق قاپلىغان چىراي ئىپادىسىنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشىپ، — سىزنى ئالداپ نېمە قىلاي بالام، مېنى ھېكايە توقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— ياق، ئاخشام مەنمۇ شۇنداقىراق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى، ئەپتىدىن گەپلىرىمگە ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەيۋاتقىنى چىقىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ بېشىنى

كۆتۈرۈپ كۈلۈپ قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— ئوخشاش بىر چۈش... — دېدى.

— ھەئە، ئوخشاش بىر چۈش، — دېدىم ئۆزۈمچىلا.

مەن يەنىلا سەل تېڭىرقاپ تۇراتتىم... ئاخشام بولغان ئىش قانداقلارچە ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالىدۇ؟ ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنىمۇ داۋالاپ قويدىمۇ ـ يا؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار ماڭا بۇ سىرنى باشقىلارغا ئېيتماسلىق توغرىسىدا ۋەدە قىلغۇزغان ئەمەسمىدى؟... كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى... راست ئۇ كىشىنىڭ تۈيۈقسىز بالىلىرىنىڭ ياردىمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈشى بىكار ئەمەسكەن، ھەرىلەرنىڭ خاسىيىتى ئۇنىڭغىمۇ يۇقۇپتۇ، بىر ياخشى ئىشتىن باشقىلارمۇ مەنپەئەت كۆرۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى لوقمانغا بولغان خۇرسەنلىكىم ھەسسىلەپ ئاشتى، ئۇلارغا كۆپرەك رەھمەت ئېيتىۋالالمىغانلىقىمدىن بەكلا ئۆكۈندۈم. مەن ھاياجانلىق كۆزلىرىم بىلەن شىرە ئۈستىدىكى «يېشىل يوپۇرماق»قا قارىدىم.

— قانداقراق؟ — دېدى ئۇ.

— ياخشى، لېكىن ئاۋۇ ئادەم قانداق بولۇپ...

— دۆڭگە چۈشكەن يامغۇر ئويغىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

— مەن تېخى ئىككى لوقماننىڭ قولىدىن بۇنچىلىك ئىش كېلەمەس دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ئۇلار ئۆز خاسىيىتىنى داۋراڭ قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلىمۇ؟

مەن خىجىل بولۇپ كۈلۈپ قويدۇم.

www.uyghurkitap.com



— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بەزى غەلىتە ئىشلارغا ئادەمنىڭ سەل ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدىكەن شۇ.
— ھاياتنىڭ ئۆزى غەلىتىلىك بىلەن تولغان تۇرسا، يەنە قايسى غەلىتىلىككە ھەيران قالاتتىڭىز.
— ئۇلارنىڭ مەندىن باشقىمۇ يەنە دوستلىرى بارمۇ؟
— بار، خېلى جىققۇ دەيمەن، تەپسىلاتىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.
— ماۋۇ ياتقان كىشىمۇ ئۇلارنىڭ دوستىمۇ؟
— ياق، ئۇلار پەقەت باللارغىلا يېشىل يوپۇرماق تارقىتىدۇ، يېشىل يوپۇرماق تارقىتىلمىغان بالا ئۇلارنىڭ دوستى بولالمايدۇ.
— ھە، بىلدىم.
شۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىنى يۈزۈمگە تارتتىم.
ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئىشلار كاللامنى چىرمىۋالغاچقا، روھىي جەھەتتىنمۇ خېلى چارچاپ قالغانىدىم، شۇنىڭغا باقماي ئۈزۈكسىز كەلگەن خىياللار ئېسىمنى مالىمان قىلاتتى. خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ بولالماي ھېرىپ ھالىمدىن كېتەتتىم ـ دە، مۈگدەشكە باشلايتتىم. پەقەت ئۇيقۇلا ماڭا بىردەم بولسىمۇ ئارامچىلىق بېرەتتى. بىراق، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇيقۇم پات ـ پات بۇزۇلۇپ تۇراتتى. ھازىرمۇ بىرى مېنى ئۇيقۇ ئىچىدىن تارتىپ چىقتى. ئەسلىي يۇمشاق بىر قول بىلىكىمنى تۇتقانىدى. قارىسام ئىككى لوقمان ئىكەن. خۇشاللىق ئىچىدە ئۇلارغا بېقىپ:
— سىلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدىم
— ئۇنداق دېمە، بىز دېگەن دوست تۇرساق، — دېدى چوڭ لوقمان.

— سىلەر بولمىغان بولساڭلار پۈتۈم كېسىلىپ كېتەتتى.

— بۇ ئۆزۈڭنىڭ تەلىيى، — دېدى كىچىك لوقمان.

— ئاۋۇ ئادەممۇ بار... — دېدىم يېنىمدىكى كارىۋاتتا ياتقان بىمارنى كۆرسىتىپ.

چوڭ لوقمان ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— شۇنداق توغرا كېلىپ قالدى، ئەسلىي ئۇ پىلانىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئادەم، — دېدى.

— ئۇ چۈشىدە سىلەرنى كۆرۈپتۇ.

— راستمۇ؟

— ئۆزى شۇنداق دېدى.

چوڭ لوقمان كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇ چۈش ئەمەس، خۇددى ساڭا ئوخشاشلا جۆيلۈپتۇ بۇ ئادەم، — دېدى كىچىك لوقمان.

— بەلكىم، لېكىن شۇنىڭ بىلەن كېسىلى شىپا تېپىپ قالدى، — دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ.

— ھەرگىز سىرنى دەپ سالما، — دېدى چوڭ لوقمان.

— بىلىمەن، دادام بىلەن ئاپامغىمۇ ئېيتمىغان تۇرسام، يات ئادەملەرگە دەپ يۈرەمدىم.

— يارايسەن، بىز شۇڭا سېنى تاللىغان.

ئۇ شۇنداق دەپلا بىلىكىمنى قاتتىق بىر سىقىۋىدى، چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق مېڭەمگىچە چىقىپ سىرقىرتىۋەتتى. مەن چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يېنىمدا چوڭ ـ كىچىك لوقمان ئەمەس، ھېلىقى خۇش چىراي سېستىرا قىز بىلىكىمدىن ئوكۇل يىڭنىسىنى تارتىۋېتىپتۇ.

— ئوكۇلىڭىز تۇگەپتىكەن، يىڭىنىنى تارتمۇيتەي دەپ... — ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن پۇرۇشۇپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپ دەرھال كەچۇرۇم سورىدى، — ئەستا، ئويغىنىپ كېتىشىڭىزنى ئويلىماي بىخەستەلىك قىپتىمەن، مېنى كەچۇرۇڭ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئازراقلا چۆچۈپ قالدىم شۇ، — دېدىم زورۇقۇپ كۇلۇپ.

ئۇمۇ كۇلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپامغا ئوخشاشلا يېقىملىق ئىدى، شۇڭىمۇ ئۇنى كۆرسەملا روھلىنىپ كېتەتتىم.

شۇ ئارىدا كېسەلخانىغا دادام بىلەن ئاپام كىرىپ كەلدى. دادامىنىڭ قولىدا يوغان بىر دەستە گۇل بار ئىدى. ھەر خىل رەڭدىكى بۇ گۇللەردىن يېقىملىق خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى. دادامىنىڭ چىرايىمۇ خۇددى ئاشۇ گۇللەردەك جىلۋە قىلىپ، نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كېلىپ بىر قولى بىلەن مېنى قۇچاقلىدى، ئاندىن گۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— تېزرەك شىپا تېپىشىڭنى تىلەيمەن، ئوغلۇم.

— رەھمەت دادا.

ئاپامۇ كېلىپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. مەن ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقىدىن قاتتىق سۆيۈندۇم. ئىلگىرىكى تاتلىق تۇيغۇ يەنە بىر قېتىم ۋۇجۇدۇمنى سىلكىپ ئۆتتى. بىز مۇشۇ گۇلگە ئوخشاشلا بىر دەستىگە ئايلاندۇق. ئۇنىڭ مەززىلىك ھىدىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا، كۇنلەرنىڭ مەڭگۇ شۇنداق داۋام قىلىشىنى، تۇرمۇشىمىزنىڭ خۇددى مۇشۇ گۇلدەك رەڭدار، خۇش پۇراق ئۆتۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. مەن ئۇچۇن

دادام بىلەن ئاپامنىڭ جىلۋىسىدىنمۇ قىممەتلىك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ۋە مېنى مەڭگۈ شۇنداق قىزغىن سۆيۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ــ سىلەر تولىمۇ بەختلىك بىر ئائىلە ئىكەنسىلەر، ــ دېدى سېپىترا قىز ئاپامغا قاراپ.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاپامنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

ــ رەھمەت سىڭلىم، سىزنىڭمۇ شۇنداق بەختلىك بىر ئائىلىڭىزنىڭ بولۇشىنى سەممىمىي ئۈمىد قىلىمەن، ــ دېدى ئاپام ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئېلىپ بوشقىنا ئاۋازدا:

ــ مەن توي قىلغان... ــ دېدى.

ئاپام گەپنى خاتا قىلىپ قويغاندەك لەۋلىرىنى چىشلىدى.

ــ كەچۈرۈڭ.

ــ لېكىن، ــ سېپىترا قىز گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ بەختىم كەلمىدى...

ئاپام ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى، كېيىن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ:

ــ بولدى ئازابلانماڭ سىڭلىم، تۇرمۇش مەنزىلىڭىز تېخى ئۇزاق، ئالدىڭىزدا تالاي بەختلەر سىزنى ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، ئۈمىدۋار بولۇڭ، ــ دېدى.

ــ رەھمەت ھەدە، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغىنىڭىزدىن خۇش بولدۇم، ــ سېپىترا قىزنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدە تاتلىق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، بۇ سېپىترا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزغا ئىچىم ئاغرىدى، خۇددى ئاپامغا بىر ئىش بولغاندەك ئازابلاندىم.

قۇچىقىمدىكى بىر دەستە گۈل ھىلىھەم شۇنداق خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. بىراۋلار قولىقىمغا پىچىرلىغاندەك قىلدى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ سىېسترا قىزغا قارىدىم، ئاندىن:

— ھەدە، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دادام بىلەن ئاپامنىڭ مۇھەببىتى سىڭگەن بۇ گۈلنى سىزگە ھەدىيە قىلاي،— دەپ قولۇمدىكى بىر دەستە گۈلنى ئۇنىڭغا سۇندۇم.

ھەممەيلەن ماڭا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى، بولۇپمۇ سىېسترا قىزنىڭ كۆزلىرىدە قايتىدىن ياش ئەگىشكە باشلىدى. ئۇ سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن گۈلنى ئالدى.

— رەھمەت...— ئۇ گۈلنى ئېلىپ قېنىپ - قېنىپ پۇراپ قويۇپ، دادام بىلەن ئاپامغا قارىدى،— سىلەرگىمۇ رەھمەت، تولىمۇ ئەقىللىك ۋە ئوماق بالاڭلارنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىۋاتىمەن. بەختىڭلارغا كۆز تەگمىسۇن.

— سىزمۇ چوقۇم بەختلىك بولالايسىز سىڭلىم،— دېدى ئاپام ئىللىقتىنا كۈلۈمسىرەپ.

— رەھمەت ھەدە، مەن چىقاي، سىلەر ئازادە پاراڭلىشىڭلار.

سىېسترا قىز چىقىپ كەتتى. مەن گۈلنى باشقىلارغا بېرىۋەتكىنىمدىن دادام رەنجىدىمۇ قانداق دەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، بىراق دادامنىڭ چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇمدىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمىدىم. ئاپاممۇ

خۇشاللىق، ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشاپ قالغانىدى.
ــ قالتىس ئىش قىلدىڭ بالام، ــ دېدى ئاپام ئاستا يېنىمدا ئولتۇرۇۋېتىپ، ــ باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشمۇ ئېسىل پەزىلەت.
ــ ئۇ سېستىرا ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ، ئاپا، ــ دېدىم قىلغىنىمغا سەۋەب كۆرسەتمەكچى بولغاندەك.
ــ بىلىمەن، ــ دېدى ئاپام، ــ مېھىر ـ مۇھەببەت ئادەمنى ساپلاشتۇرىدۇ.
ــ يارايسەن ئوغلۇم، ــ دېدى داداممۇ، ــ سېنى كىچىك بالا دېگىلى بولمىغۇدەك، نېمىنىڭ ھېسداشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قاپسەن.
مەن «يېشىل يوپۇرماق»قا قارىدىم. سۈكۈتكە پاتقان «يېشىل يوپۇرماق» مېنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى سېزىپ:
ــ مەن ئويلىغاندىنمۇ قالتىس ئىكەنسىز، بايا دېگەن سۆزلىرىمگە خىجىل بولۇۋاتىمەن، ــ دېدى.
ــ ياق، ئەسلىي سىزنىڭ خۇش ھىدىڭىز ماڭا ئىلھام بەردى، ــ دېدىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.
ــ سىزنى ئۆزۈمگە قېتىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ.
ــ بىز ئاللىقاچان قېتىلىپ بولغانغۇ، شۇڭا يېنىمدىن ئايرىماي، كېسەلخانىغا ئېلىپ كەلدىمغۇ.
ــ توغرا، سىز راستتىنلا بەك قالتىس.
مەن خۇشاللىق ئىچىدە ئەتراپىمغا باقتىم، كېسەلخانا ئىچى كۈچلۈك خۇش پۇراققا تولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئون ئىككىنچى باب

# «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ ھېكايىسى

ئەسلىي دوختۇرخانىدىن ئالدىراپ-ئالدىراپ ئاللىقاچان چىقىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى، بىراق ھېلىقى سېمىز دوختۇر يەنە بىر مەزگىل كۆزەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇنداق تۇيۇقسىز ياخشىلىنىپ قېلىشتا بىرنەچچە خىل سەۋەب بار ئىكەن، بۇلارنىڭ بىرى ئۇستىخان ۋە مۇسكۇللار غەيرىي تەرەققىي قىلىپ قېلىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ خەتەرلىك ئىمىش. دادام ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غىڭ-پىڭ قىلالمىدى. دېمىسىمۇ ھەقىقىي سىردىن خەۋىرى بولمىغان ئادەمنى دوختۇرنىڭ قورقۇتۇشلىرى ئازدۇرماي قالامتى.

شۇنداق قىلىپ كېسەلخانىدىكى زېرىكىشلىك كۈنلىرىم ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. بىر تۇرۇپ ھېلىقى كۈنى يەسلىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ كەتكەنگە ئوخشاش، دوختۇرخانىدىنمۇ غىپپىدە چىقىپ كېتىشنى ئويلىدىم-يۇ، يەنە كۈتۈلمىگەن بىرەر ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قېلىپ، دادام بىلەن ئاپامغا يۈز كېلەلمەسلىكىمدىن قورقتۇم.

— ئەجەب ئىچىم سىقىلدى، — دېدىم «يېشىل

يوپۇرماق»قا ھال تۆكۈپ،— پۈتۈم ساقىيىپ بولغان تۇرسا، بۇ يەردە بىكاردىن - بىكار يېتىۋاتىمەن دېسە.
— ئەمدى ۋايسىماڭ،— دېدى ئۇ،— مەن باشتىلا سىزگە ماشىنىلاردىن ئېھتىيات قىلىشنى ئېيتقان.
— تېخى دوختۇرخانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىمگە ياردەم قىلارمىكىن دېسەم، ئەكسىچە مېنى ئەيىبلەۋاتامسىز؟
— ئاچچىق ساۋاق بەكرەك ئەستە قالسۇن دەيمەنغۇ، ھى - ھى - ھى ...
— ھېلىمۇ كۆپايە، مەن ئەمدى مەكتەپكە كىرمىسەم بولمايدۇ.
— يەسلىگە بارمامسىز؟
— ياق، مەكتەپ يېشىغا توشتۇم، تەتىلدىن كېيىن ئاپام مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەتتى، قېرىشقاندەك بۇلار مېنى دوختۇرخانىدىن چىققىلى قويماي....
— راستلا مەكتەپكە ئالدىراۋاتامسىز؟
— ئەلۋەتتە.
— ئەمىسە چوڭ - كىچىك لوقمانلار كەلگەندە بىر گەپ بولسۇن.
— ئۇلار قاچان كېلىدۇ؟
— مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە.
مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم. گەرچە «يېشىل يوپۇرماق» خاسىيەتلىك نەرسە بولسىمۇ، بەزى ئىشلارغا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ چامىسى يەتمەيتتى.
كېسەلخانا ئىچى نېئون لامپىنىڭ يورۇقىدا ئاپپاق كۆرۈنەتتى. ئىككى تەرىپىمدىكى بىمارلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندى، ئاپام

كىتاب ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com



مەكتەپتىكى كەچلىك نۆۋەتچىلىكنى بىر دوستىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇش ئۈچۈن كېتىپ، تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى «يېشىل يوپۇرماق» چىرايىمدىكى بىئاراملىقنى كۆرۈپ، — پۇتىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، بەك ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.

— ئەمىسە سىزگە ھېكايە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟

— ماقۇل.

ھېلىقى ئاخشىمى ئۇ ئۆزۈن بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەتىسى ھەممىنى ئۇنتۇپ قالغاندىم. بىراق، «يېشىل يوپۇرماق»قا ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتىشقا بولمايتتى، بىلىپ قالسا ھېكايىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالماپسىز دەپ مەندىن رەنجىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى.

— قايسى ھېكايىنى ئاڭلىغۇڭىز بار؟ — دېدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ.

— قانداق بولسا بولۇۋېرىدۇ، پەقەت قىزىقارلىق بولسىلا...

— ماقۇل ئەمىسە، سىزگە «ئاقتاش بىلەن كۆكتاش» نىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي.

— ماقۇل.

ئۇ ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا، تەڭرىتېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان «توشقان دەرياسى»دا ئاقتاش ۋە كۆكتاش ئىسىملىك ئىككى تاش بالا ياشايدىكەن. ئۇلار بۇ دەريادىكى تاشلار پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىكەن.

بىر كۈنى دەريا بويىدا بىر توپ ئىنسان بالىلىرى ناخشا ئېيتىپ ئويناپتۇ.

ئاقتاش، كۆكتاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
ئىككى قاشتىن يىغىلدۇق،
دەريا بويىدا جىق ئاداش.
ئوينىغىلى بالا بارمۇ؟

ئاقتاش، كۆكتاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
كەلدى سۇلار شارقىراپ،
ئوينىساڭلار جىق ئاداش!

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش دەريا بويىدىكى بالىلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىزنى چاقىرىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، سۇدىن چىقىپ باققۇسى كەپتۇ. بىراق، بۇ يەرنىڭ قائىدىسى شۇنداق چىڭ بولۇپ، بىرمۇ تاشنىڭ سىرتقا چىقىشىغا يول قويۇلمايدىكەن، ھەتتا بۇ ئىككى بەگزادىگىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئەمما، بالىلارنىڭ ناخشىسى ئۇلارنى زادىلا ئارامىدا قويماپتۇ.

ــ سىرتتا ناخشا ئېيتىپ بىزنى چاقىرىۋاتقانلار بىزنىڭ دوستىمىزمۇ نېمە؟ ــ دەپتۇ ئاقتاش.

ــ ئۇلارمۇ بىزدەك تاشمىدۇ؟ ــ دەپتۇ كۆكتاش.

ــ بىلمىدىم، چىقساق كۆرەتتۇق.

ــ ئەمىسە چىقىپ باقمايلىمۇ، مېنىڭ قىرغاقتىكى دۇنيانى بەكمۇ كۆرگۈم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— يۇرە ئەمىسە، بىر ئامال قىلىپ باقايلى.

ئۇلار تىنۇش چىقارماي قىرغاق تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. يىراق، دەريادىكى تاشلارنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكىنى توسۇپ قالغۇچى قېرى قاراۋۇل تاش تولىمۇ سەزگۈر ئىكەن، ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇ ئىككى شاھزادىنى سېزىۋاپتۇ.

— توختاڭلار! — دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ قېرى قاراۋۇل.

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش ئۆزىنىڭ بايقىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ جايىدا چىپپىدە توختاپ قاپتۇ.

قېرى قاراۋۇل يېقىن كېلىپ ئۇلارنى تونۇپتۇ ـ دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ۋوي، ئىككى شاھزادەم ئىكەنغۇ بۇ، نەگە ماڭدىڭلار بالىلىرىم؟

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش نېمە دېيىشىنى ئۇقالماي تۇرۇپ قاپتۇ. قاراۋۇل ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىش بارلىقىنى ئويلاپ، تېخىمۇ زىغىرلاپ سوراشقا باشلاپتۇ:

— پادىشاھلىقىمىزدا بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟

— ياق، — دەپتۇ ئاقتاش.

— ئەمىسە ھۇدۇقۇۋاتقاندەك كۆرۈنىسىلەرغۇ؟

— ھۇدۇقمىدۇق.

— راست گېپىڭلارنى ئېيتىڭلار، مەن بۇ ئېقىندىكى يېشى ئەڭ چوڭ تاش، ھەرقانداق ئىشنى بايقىۋالالايمەن.

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، راست گەپلىرىنى ئېيتىش قارارىغا كەپتۇ.

— بىز سىرتقا چىقماقچى، — دەپتۇ ئاقتاش.

— بىزنى دوستلىرىمىز ساقلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ كۆكتاش.

قىرى قاراۋۇل بېشىنى چايقاپ:

— مەن تا ھازىرغىچە سىرتتا بىرەر تاشنىڭ دوستى بار دەپ ئاڭلاپ باقمىدىم، سىلەر مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دەپتۇ.

— ئالدىمىدۇق، راستلا شۇنداق، بايا سىز ئۇلارنىڭ بىزنى چاقىرىپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

قىرى قاراۋۇل بىردەم ئويلىنىپ ئاندىن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بىر توپ ئىنسان باللار شۇنداقراق ناخشا ئېيتقاندەك قىلغان، — دەپتۇ.

— ھە شۇ، ئۇلار بىزنى چاقىرغان، — دەپتۇ كۆكتاش.

— بىراق، قائىدىمىزدە تاشلار سىرتقا چىقسا قەتئىي بولمايدۇ.

— بىز پەقەت بىردەم ئويناپلا قايتىپ كېلىمىز، يىراققا كەتمەيمىز، — دەپتۇ ئاقتاش.

قىرى قاراۋۇل تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قاپتۇ، ياق دەي دېسە بۇ ئوماق شاھزادىلەرگە قىيمايدىكەن، ماقۇل دەي دېسە پادىشاھنىڭ جازاسىدىن قورقىدىكەن. لېكىن، ئۇ بۇ دەريانىڭ قوۋۇقىدا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، ھېچبىر يېڭىلىققا شاھىت بولۇپ باقمىغانىكەن، گاھىدا ئۆزىنى بۇ يەردە بىكارغىلا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ يەردىن كىرىش - چىقىش بولمىغاچقا، قوۋۇق دەرۋازىسىمۇ تىنىپ كەتكىلى تۇرغانىكەن. قىرى قاراۋۇل شۇلارنى ئويلاپ، ئاخىر بىر قارامىلىق قىلىپ، بىرەر

يېشىلىق ياراتقۇسى كەپتۇ ـ دە، مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ.

— بوپتۇ، بالىلىرىم، — دەپتۇ ئۇ ئاقتاش بىلەن كۆكتاشقا قاراپ، — مەن سىلەرگە بىر قېتىم يول بېرەي، تېزرەك قايتىپ كېلىڭلار، ئەمما شەرتىم شۇكى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوقۇم سىرتتىكى دۇنيانى ماڭا سۆزلەپ بېرىشىڭلار كېرەك.

— ماقۇل، ماقۇل، رەھمەت سىزگە!

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش شۇنداق دەپلا قوۋۇقتىن چىقىپ قىرغاق تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ۋاھ، نېمىدېگەن گۈزەل! ياپيېشىل يايلاق، قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىق، يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان باغلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرغان قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى... قىرغاققا چىقىپلا ئاقتاش بىلەن كۆك تاشنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، خىلىغىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— ۋاھ، ۋاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق، — دەپتۇ ئاقتاش ئېسىنى يىغىپ.

— شۇنداق، بەك گۈزەل مەنزىرىلەركەن بۇ، دەريا تېگىدە تۇرۇپ، دۇنيادا بۇنداق مەنزىرىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتۇق، — دەپتۇ كۆكتاشمۇ ھاياجانلىنىپ.

ئۇلار ئەتراپنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن:

— ھە راست، بىزنى چاقىرغان ئىنسان بالىلىرى نەدىدۇ؟ — دەپتۇ ئاقتاش بۇيەرگە چىقىشتىكى مەقسىتىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— شۇ، بۇ يەردە بىرەر بالىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، بىز خاتا ئاڭلاپ قالدۇقمۇ، يا؟ — دەپتۇ كۆكتاش سەل گۇمان بىلەن.

ــ خاتا ئاڭلىمىدۇق، ــ دەپتۇ ئاقتاش ئىشەنچ بىلەن، ــ ئۇلار بىزنى قايتا ـ قايتا چاقىرمىدىمۇ؟! بىز سەل نېرىراق بېرىپ باقايلى.

ئەسلىي بايىقى ناخشا ئېيتقان باللار، دەريا قاراۋۇلى بۇ ئىككىيلەننى تۇسۇۋالغاندا، ئويۇنلىرىنى تۇگىتىپ قايتىپ كېتىشكەندى. ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ بۇ ئىككى تاش باللىنى چاقىرمىغان، ئويۇندىكى ناخشا تېكىستى شۇنداق ئىدى.

ئاق تاش بىلەن كۆك تاش چىملار ئۈستىدە گىلەمدە ماڭغاندەك يەڭگىل، راھەت مېڭىپ دەريا بويىدىن يىراقلىشىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، نۇرغۇن چاتقاللىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ، باغلارنى ئارىلاپ چىقىپتۇ، لېكىن باللارنى تاپالماپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق مېڭىپ ئاخىر بىر ئاسفالت يولغا چىقىپ قاپتۇ.

ــ بۇ قانداق يەردۇ؟ ــ دەپتۇ كۆكتاش ھەيران بولۇپ.

ــ قورۇپ كەتكەن دەريامىكىن، ــ دەپتۇ ئاقتاش، ــ قارىغىنا، ماۋۇ قارا نەرسىنىڭ ئارىسىدا بىزگە ئوخشاش تاشلار بارىكەن.

ــ راست، شۇنداقكەن، ــ دەپتۇ كۆكتاش ئايىغى ئاستىدىكى يەرگە سىنچىلاپ قاراپ، ــ بۇ يەر پۈتۈنلەي چاپلىشىدىغاندەك قىلىدۇ، بىزنىمۇ ئۆزىگە چاپلاشتۇرۇۋالارمۇ؟

ــ ئەمىسە بۇ يەردىن چىقىپ كېتەيلى، ــ دەپتۇ ئاقتاش ئەنسىرەپ.

ئۇلار يولدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئايىغى ئاستىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

ــ سىلەر كىم؟ نەدىن كەلدىڭلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىشىپتۇ.
— پەسكە قاراڭلار!
ئۇلار شۇندىلا ھېلىقى قارا نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى بىر تاشنىڭ ئۆزلىرىدىن گەپ سوراۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ.
— بىز... بىز... دەريادىن كەلدۇق، — دەپتۇ ئاقتاش ۋە ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يىپپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— ھەقىقەتەن جۇرئەتلىك ئىكەنسىلەر، — دەپتۇ ھېلىقى تاش.
— ئۆزىڭىزچۇ؟ — دەپتۇ كۆكتاش ئۇنىڭمۇ كىملىكىنى بىلمەكچى بولۇپ.
— بىز ساينىڭ تاشلىرى، — دەپتۇ ئۇ تاش، — ئۇزۇن يىل سايدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتتۇق، كېيىن ئادەملەر يوغان - يوغان ئاپتوموبىللارنى ئېلىپ كېلىپ بىزنى توشۇدى، ئاخىرى قارامايغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇ يولغا يېيىمتتى.
— ئەمىسە بۇ قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئەمەس ئىكەندە؟
— بۇ دېگەن يۇقىرى سۈرئەتلىك قاتناش يولى.
— سىز بۇ قارا نەرسىنىڭ ئىچىدىن چىقالامسىز؟
— ياق، ھەم چىققۇممۇ يوق، بۇ يەردە تۇرۇش مېنىڭ ۋەزىپەم.
— ئاھ، نېمىدېگەن ئازابلىق... — دەپتۇ ئاقتاش.
— نېمىسى ئازابلىق؟ — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ ساي تېشى، — بىز بۇرۇن ھېچنېمىگە كارغا كەلمەي سايدا بىكار ياتقاندۇق، ھازىر ئىنسانلار ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇۋاتىمىز.
ئاقتاش بىلەن كۆكتاش بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە

دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇشۇپتۇ. كېيىن ئۇلار بۇ جاھاندا يەنە قانداق يېڭى نەرسىلەر بار كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن داۋاملىق مېڭىش قارارىغا كەپتۇ.

— ئەگەر مۇشۇ يولدىن چىقماي ئالغا ماڭساڭلار شەھەرگە بارىسىلەر، — دەپتۇ ساي تېشى ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىپ، — ئۇ يەر تېخىمۇ كارامەت.

ئەگەر راستىلا شۇنداق كارامەت يەر بولسا، ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ كۆرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ ـ دە.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ ئاقتاش بىلەن كۆكتاش ھاياجان ئىلكىدە ساي تېشىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، شەھەردە دوستلىرىم ئۇچراپ قالسا سالام دەپ قويۇڭلار، — دەپتۇ ساي تېشى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماقۇل.

ئاق تاش بىلەن كۆكتاش يولىغا راۋان بوپتۇ. بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقىسىدىن گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. ناھايىتى يوغان بىر «مەخلۇق» بۇ تەرەپكە ئۇچقاندەك كېلىۋاتقۇدەك.

— ۋاي ـ ۋۇي! نېمە مەخلۇق بۇ!

ئۇلار تەڭلا ۋارقىرىشىپ بەدەر قېچىپتۇ. ئەمما، ئۇ يوغان «مەخلۇق» بىردەمدىلا ئۇلارغا يېتىشىۋاپتۇ.

— ۋايجان!

«مەخلۇق» كۆكتاشنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— بىر نېمە بولمىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاقتاش

جايىدا قاقشان قوزۇقتەك قېتىپ قالغان كۆكتاشقا قاراپ.

— ئەجەب قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەن، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى، — دەپتۇ كۆكتاش ئېسىنى يىغىپ.

— نېمە دەيدىغانسەن، يۈرىكىڭ تاش تۇرسا، قانداقمۇ قېپىدىن چىقىپ كەتسۇن، — دەپتۇ ئاقتاش قورقۇپ كەتكەن كۆكتاشنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش ئۈچۈن چاقچاق قىلىپ.

— قويە چاقچىقىڭنى، نېمىدۇ ئۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم.

— قانداق قىلىمىز؟ داۋاملىق بۇ يولنى بويلاپ ميڭۋېرەمدۇق ياكى پەسكە چۈشۈپ كېتەيلىمۇ؟

— مىڭۋېرەيلى. ھېلىقى ساي تېشى بىزنى بۇ يولدىن چىقماي ماڭساڭلار شەھەرگە بارىسىلەر دېدىغۇ، يولدىن چىقىپلا كەتسەك شەھەرنى تاپالمايمىز.

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ يولدىن بايىقىغا ئوخشاش «مەخلۇق»لار ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. تاشلارمۇ بارا ـ بارا بۇنىڭغا كۆنۈپ قورقمايدىغان بوپتۇ. «مەخلۇق»لار دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ تاشلار ھېچنېمە بولمىغاچقا، ئاخىرى بۇ ئىش تاشلار ئۈچۈن ئويۇنغا ئايلىنىپتۇ. «مەخلۇق» كېلىشىگە ئۇلار ئۆزىنى شۇ تەرەپكە ئاتىدىكەن، ئۇ قاتتىق بىر سىلكىنىپ ئۆتۈپ كەتسە، ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق يوغان بىر «مەخلۇق»نى سىلكىۋېتەلىگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشىدىكەن.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئويۇن ئويناپ كېتىۋاتقاندا، يەنە بىر «مەخلۇق» كۆكتاشنى يەنە دەسسەپ ئۆتۈپتۇ. ئەمما، بۇ قېتىم كۇچلۇك بىر بېسىم ئۇنى قاڭقىتىۋېتىپتۇ. كۆكتاش ھوشىنى يىغىپ قارىسا، ئۆزى كۆكتە ئۇچۇۋاتقۇدەك. ئۇ كۆڭلىدە: «ۋاھ، مەنمۇ قۇشتەك ئاسماندا ئۇچالايدىغان بولدۇم» دەپ خۇدىنى بىلمەيلا قاپتۇ. شۇتاپتا ئۇنىڭ بۇ ھالىغا مۇنۇ قوشاق بەكمۇ ماس كېلىدىكەن:

پادىچى قويلارغا ئاتقان تاش،
ئۆزىنى ئۇچتۇم دەپ ئويلاپتۇ.
بىلمەستىن قەيەرگە چۈشەرىنى،
شامالنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ.

باقماسىكەن شۇندىمۇ ئويلىنىپ،
قاناتسىز كىم ئۇچقان دېگەننى.
ئۆزىدە بولمىسا ئىقتىدار،
ياۋا كۈچ ئەسقاتماس ئىكەننى.

كۆكتاش ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، دوستىدىن قانچىلىك يىراقلىشىپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قاچان توختىشىنى، قەيەرگە چۈشۈشىنى بىلمەيدىكەن ھەم بۇلارنى ئويلىغۇسىمۇ يوق ئىكەن. كۈتمىگەندە ئاخىر ئۇ يول بويىدىكى بىر سازلىقتا چۈشۈپ، پاتقاقتا پېتىپ قاپتۇ. ئەتراپتا پاشا، كۈمۈتىلار غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. بايا تاش چۈشكەندە

قورقۇپ مۆكـۈۋالغان بىـر پاقا سۇدىـن بېشـىـنى ئاستـا چىقىرىپتۇ. بۇ چاغدا كۆكتاش تېخىچە ئـەس ـ ھوشىنـى يىغالمىغانىكەن.

ــ نەدىن كەلدىڭ؟ــ دەپ سوراپتۇ پاقا ئۇنىڭدىن.

كۆكتاش ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان بۇ پالكۆز جانىۋارغـا ھەيران بولۇپ:

ــ ئۆزۈڭ كىم؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن جاڭگال دۇمباقچىسى،ــ دەپتۇ پـاقا ئۆزىنـى تونۇشتۇرۇپ.

ــ مەن دوستۇم بىلەن شەھەرگە ماڭغان...

ــ شەھـەرگـە مـاڭـغـان ئـادەم ئـۇدۇل مـاڭـماي، بـۇ سازلىقتا نېمە قىلىسەن؟

ــ ئۆزۈمـمۇ بىلمەيمەن، يولدا گۇلـدۇرلەپ يۈگۈرۈپـلا يۈرىدىغان «مەخلۇق»لار بار ئىكەن، شۇلاردىن بىرى مېنى تۇيۇقسىز بىرلا تېپىپ ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇچۇپ ـ ئۇچـۇپ ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن.

ئۇنىڭ گـېپـىـنـى ئاڭلـىغان پاقا قـاقاقلاپ كـۈلـۈپ كېتىپتۇ.

ــ ئۇنى ئاپتوموبىل دەيمىز، ھېلىقى يول شۇلارنىـڭ مېڭىـشى ئۈچۈن ياسالغـان،ــ دەپـتۇ پاقا كـۈلكىـدىـن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ.

ــ ھە، مۇنداق دېگىن،ــ دەپتۇ كۆكتاش سەل خىجىل بولۇپ،ــ سەن مېنىڭ دوستۇم ئاقتاشنى كۆردۇڭمۇ؟

ــ ياق.

كۆكتاش غەمگە پېتىپتۇ، دوستىنى يوقىتىـپ قويسـا ئۆيىگە قايتالماسلىقتىن ئەنسىرەپتۇ.

ــ سەن مـېنىـڭ دوسـتۇمنـى تـېپىـشـىمغا ياردەم

قىلالامسەن؟ــ دەپتۇ كۆكتاش پاقىغا يىلىنىپ.

ــ مەن بۇ سازلىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان تۇرسام، دوستۇڭنىڭ نەدىلىكىنى قانداق بىلىمەن؟ــ دەپتۇ پاقا بېشىنى چايقاپ.

ــ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

پاقا بۇ ئىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. كۆكتاش ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپتۇ. بۇ سازلىق بەكمۇ مۇدھىش ئىكەن، چىقىپ كېتىشكە يولمۇ تاپقىلى بولمىغۇدەك، يەنە پاشا، زەھەرلىك قۇرتلار ھەممىلا يەردە قىمىلدىشىپ يۈرىدىكەن. بۇلار ئاز كەلگەندەك پاتقاقلار سېسىق پۇراق تارقىتىپ، باشنى قايدۇرۇدىكەن. كۆكتاشنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. پاقا بولسا ئۇنىڭ يىغىسىغا تەڭكەش قىلىپ بەرمەكچى بولغاندەك، بوغۇزىنى كۆپتۈرۈپ قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى ئاقتاشنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ باقايلى. ھېلىقى ئاپتوموبىل ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاقتاش خۇشال بولۇپ يېنىغا قارىسا، دوستى كۆكتاش يوق. ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ:

ــ كۆكتاش... كۆكتاش!

كۆكتاشتىن جاۋاب بولماپتۇ. بۇ كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان چاغ ئىكەن. كەچكى شەپەق كەڭ دالىغا قىزغۇچ نۇرلىرىنى چېچىپ، زېمىن بىلەن خوشلىشىۋاتقانىكەن. ئاقتاش ھەر تەرەپكە چېپىپ دوستىنى ئىزدەپ بېقىپتۇ، ئەمما تاپالماپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «كۆكتاشنى بايىقى يوغان مەخلۇق يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قاتتىق

www.uyghurkitap.com



قايغۇرۇپتۇ. ئېنىقىن قاراۋۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ناتونۇش يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بايىقى بىر دەملىك پاراكەندىلىك تۈپەيلى قايسى تەرەپكە مېڭىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ. قارىسا يولنىڭ ئۇ بېشى بىلەن بۇ بېشى ئوخشاش تۇرغۇدەك. ئايغى ئاستىدىكى ئۇششاق تاشلاردىن سوراي دېسە، ئۇلارنىڭ باش - كۆزىنى پۇتۇنلەي قارامای ئورىۋالغاچقا چاقىرسىمۇ ئاڭلىماپتۇ. ئۇ يولنىڭ قىرغىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز:

— بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرغان كىم؟ — دېگەن ئىنچىكە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئاقتاش ئەتراپىغا قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمىگۈدەك.

— مەن ئەزەلدىن تاشلارنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دەپتۇ بايىقى ئاۋاز يەنە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا.

ئاقتاش بېشىنى كۆتۈرۈپ سىنچىلاپ قارىسا، بىر پاشا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ غىڭشىپ يۈرگۈدەك.

— ئۆزۈڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ ئاقتاش سەل ئاچچىقى بىلەن.

— مېنى تونۇمامسەن؟ — دەپتۇ پاشا ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ.

— ياق.

— مەن دېگەن پاشا ئاكاڭ. جۇغىمنىڭ كىچىكلىكىدىن ھەيران بولما، مۇشۇ تۇمشۇقۇم بىلەن بىر شاخابنى چوقۇپ ئېلىپ كېتەلەيمەن.

ئاقتاش ئۇنىڭ بۇ گېپىدىنلا بىر پوچى پاشا ئىكەنلىكىنى قىياس قىپتۇ. شاخاب دېگەن ئەمەلىيەتتە



www.uyghurkitap.com

دەريانىڭ بىر ئېقىنى، ئېيتماققا ئۇمۇ بىر دەريا ھېسابلىنىدۇ، خۇددى ئاتنىڭ بالىسىمۇ ئات بولغاندەك. بىراق، ھازىر ئاقتاشنىڭ ئەس - يادى دوستى كۆكتاشتا بولغاچقا، بۇ پوچى پاشىنىڭ تاققا - تۇقىقا سۆزلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغىلى ۋاقتى يوقتە، ئەلۋەتتە.

— سەن... مېنىڭ دوستۇم كۆكتاشنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ گەپنى قىسقارتىپ.

— ھېلىقى ئۇچىدىغان تاشما؟

ئاقتاش ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي بېشىنى چايقاپتۇ.

— ياق، ئۇ ئۇچالمايدۇ.

— ئەمىسە كۆرمىدىم.

ئاقتاشنىڭ خىيالىدىن جىددىي بىر ئوي كېچىپتۇ - دە، قايتا سوراپتۇ:

— ھېلىقى ئۇچىدىغان تاش دېگىنىڭ قانداقراق تاش ئىكەن؟

— بايىراق يېنىمدىن بىر تاش ئۇچۇپ ئۆتتى، رەڭگىنى پەرق ئېتىشكە ئۈلگۈرمىدىم. دەسلەپتە سەل ھەيران بولدۇم، كېيىن ھازىرقى تەرەققىياتلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئۇچۇشىغا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم.

— سەن بەك كۆپ ئىشنى بىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئون سەككىزمىڭ ئالەم مېنىڭ ئالقىنىمدا تۇرسا. جاھاندىكى ھەممە تەرەققىياتلاردىن خەۋەردارمەن.

— ئەمىسە ھېلىقى تاش قەيەرگە كەتتى، ئېيتىپ بەرسەڭچۇ.

— سازلىق تەرەپكە ئۇچقاندەك قىلدىغۇ دەيمەن.

— مېنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارالامسەن؟

بۇ تەلەپنى ئاڭلاپ پاشىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ماكانى گەرچە سازلىق بولسىمۇ، بىراق ئۇيەردە كۆشەندىلىرىمۇ بەك جىق ئىكەن. بولۇپمۇ قارلىغاچ بىلەن پاقا پاشىلارنى كۆرگەنلا يەردە تۇتۇپ يەپ كېتىدىكەن. ھازىر كەچ كىرىپ، پاقىلارنىڭ تازا ئوۋغا كىرىشكەن پەيتى بولغاچقا، پاشا سازلىق تەرەپكە ئۆتۈشكە پەقەت جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

— جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپتۇ ئاقتاش ئۇنى ئالدىرىتىپ، — ھازىرلا يولغا چىقايلىچۇ.

— مەن...مەن... بىر يەرگە ئالدىراش خىزمەتكە ماڭغان، — دەپتۇ پاشا دۇدۇقلاپ.

ئاقتاش ئەسلىدىلا ئۇنىڭغا ئانچە ئىشەنچ باغلىمىغاچقا، بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەپتۇ. تاشلارنىڭ بىر ئادىتى پوچىلار بىلەن پەقەتلا چىقىشالمايدىكەن.

— ئەمىسە ماڭا ئۇ ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتىپ قوي، — دەپتۇ ئاقتاش.

— مۇشۇ يولدىن پەسكە چۈشۈپلا، ئاۋۇ قارا كۆرۈنگەن يالغۇز سۆگەتنىڭ يېنىدىن ئۆتسەڭ سازلىققا بارىسەن.

— ساڭا رەھمەت، كارامەت پاشا، — دەپتۇ ئاقتاش كىنايە بىلەن.

— ئەرزىمەيدۇ، — دەپتۇ پاشا ئۇنىڭ گەپلىرىدىكى كىنايىنى ھېس قىلماستىن.

ئاقتاش دەرھال پاشا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. تەڭلىكتە قېلىپ باش ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان پاشا شۇندىلا ئازادە بىر نەپەس ئاپتۇ. « ھەي، مۇشۇ يوچىلىقىمنىزە، — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىپتۇ پاشا، —

پو ئاتتىم دەپ تاسلا قالدىم ئۆزۈمنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگىلى. ناۋادا بۇ تاش بىرگە بېرىشقا چىڭ تۇرۇۋالغان بولسا قانداق قىلاردىم؟! پو ئاتمىساڭ خەق كۆزگە ئىلىمىغان، پو ئاتساڭ ئۇنىڭ دەردىدىن چىقالمىغان، ياشىماق ئەجەب تەسكىنا...»

كەچ كىرىپ قالغاچقا ئاقتاش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپتۇ. قاراڭغۇ، يول ئوي ـ دۆڭنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىغاچقا، ئاقتاشنىڭ مېڭىشى تولىمۇ تەسكە چۈشۈپتۇ. بىراق، ئاقتاش دوستىنى تېزرەك تېپىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن ناچار يوللار بولسىمۇ مېڭىشقا رازى ئىكەن.

ئاقتاش ئاخىرى سازلىق بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەتراپتىن پاقىلارنىڭ بەس ـ بەستە كوركىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغۇدەك. سازلىق ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن يېكەن، قومۇش، يەنە ئاللىقانداق سازلىق ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ كەتكەن تولىمۇ غەلىتە بىر جاي ئىكەن. بۇ يەردىن كىچىككىنە بىر كۆكتاشنى ئەمەس، يوغان ـ يوغان قورام تاشلارنى تېپىشمۇ تەس توختىمىغۇدەك. ئاقتاش ئۆزىنى پاشىغا ئالدىنىپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ. قاپقاراڭغۇ كېچىدە قايمۇقۇپ يۈرۈشمۇ بىر ئازاب ئىكەن. ئۇ دوستىنى سېغىنىپ ھەم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كۆز يېشى قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— بۇ يەردە يىغلاپ كەيپىمنى ئۇچۇرغان كىم؟ — دەپتۇ ئاقتاشنىڭ يېنىدىلا تۇرغان بىر پاقا كوركىراشتىن توختاپ.

— مەن... — دەپتۇ ئاقتاش ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ داداڭ ئۆردىمۇ، ئاناڭ ئۆردىمۇ؟

— ھېچقايسى ئۇرمىدى، يېقىن دوستۇم كۆكتاشنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭغا يىغلاۋاتىمەن.
— ئۇ دوستۇڭ بۇ سازلىقتا نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— ئۇ بايىراق مۇشۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەن.
— نېمە؟ ئۇ ئۇچالايدىغان تاشمىدى؟
— بىلمەيمەن، يولدا كېتىۋاتساق... — ئاقتاش بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— ۋاھ ئەخمەق، پاشىنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەندىڭمۇ، — دەپتۇ ئۇ پاقا ئاقتاشنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاھاڭدا.
— ئامالىم يوق، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق خەۋەرگە سەل قارىمايمەن.
— ھە، تاشتەكلا تاش ئىكەنسەن. بوپتۇ، مەن دوستلىرىمدىن دېرىكىنى قىلىپ باقاي.
پاقا بوغۇزىنى كۆپتۈرۈپ بار ئاۋازى بىلەن كوركىراشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىلا پۈتكۈل سازلىقتا پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى ئەۋج ئاپتۇ. ئېنىقكى، بۇ پاقىلارنىڭ ئۆزئارا خەۋەرلىشىۋاتقىنى ئىكەن.
— ۋاھ، پاشا بۇ قېتىم ساڭا راست ئېيتىپتۇ، — دەپتۇ بايىقى پاقا بىرئازدىن كېيىن خۇشال بولۇپ، — بايا بۇ تەرەپكە راستىلا بىر تاش ئۇچۇپ كەلگەنىكەن.
ئاقتاش ھاياجانلىنىپ كېتىپ بار ئاۋازىدا ۋارقىراپتۇ:
— كۆكتاش...كۆكتاش ! سەن قەيەردە؟!
سازلىقنىڭ يەنە بىر چېتىدە پاتقاققا پېتىپ يىغلاپ ياتقان كۆكتاش، بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال يىغىسىنى توختىتىپ قۇلاق سېلىپتۇ. كېيىن دوستى ئاقتاشنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ خۇشاللىقتىن

سەكرەپ كېتىپتۇ ـ دە، پاتقاقتىن چىقىپ دوستى تەرەپكە ماڭغاچ توۋلاپتۇ:

ــ مەن بۇ يەردە !...

ــ ساقمۇسەن جېنىم دوستۇم !...

ــ مەن ساق ! مانا كەلدىم !...

ئىككى تاش ئەنە شۇنداق توۋلىشىپ، خېلى ئۇزاق تەمتىلەپ يۈرۈپ، ئاخىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىدا ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلار نەچچە ئون يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپتۇ، يىغلىشىپ بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئۇلار بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشكەچ سازلىقنىڭ چېتىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ئاقتاش كۆكتاشتىن:

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مېنىڭچە يەنىلا شەھەرگە بارايلىمىكىن، ــ دەپتۇ كۆكتاش يالغۇز قېلىپ بەكمۇ قورقۇپ كەتكەچكە، ــ ھېلىتىنلا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تارتتۇق، شەھەرگە بارغۇچە يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇڭا ئاستا ئۆيىمىزگە قايتىۋالساق بولارمىكىن.

ــ بىز دېگەن تاش، چېقىلساقمۇ قۇم بولۇپ ئاقىمىز، ھەرگىز تويىغا ئايلىنىپ يوقاپ كەتمەيمىز، شۇڭا بەل باغلىغان ئىشتىن يانماسلىقىمىز كېرەك، ــ دەپتۇ ئاقتاش.

شۇ ئارىدا ھېلىقى پاقا ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ گېپىگە ئارىلىشىپتۇ:

ــ سىلەر شەھەرگە بارماقچىمۇ؟

ــ ھەئە، ــ دەپتۇ ئاقتاش.

— شەھەر راستلا بەك قالتىس، بىراق بىزنىڭ ياشىشىمىزغا ماس كەلمەيدۇ. بىز ھەتتا چوڭ قاتناش يولىغىمۇ ئىلاج بار چىقمايمىز، بولمىسا ئاپتوموبىللار بىزنى بېسىپ مىجىقمىزنى چىقىرىۋېتىدۇ. نۇرغۇن دوستلىرىم چوڭ يولدا جېنىدىن ئايرىلغان.

— ئۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

— ئەمىسە بوپتۇ، — پاقا ئۇلارنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، — سەپىرىڭلارغا ئاق يول تىلەيمەن، شەھەردىن قايتىشىڭلاردا ماڭا بىرتال كەمپۈت ئالغاچ كېلىڭلار.

— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ كۆكتاش.

— بالىلار يەيدىغان تاتلىق يېمەكلىك.

— سەن بالا بولمىساڭ، ئۇنداق نەرسىنى يەيدىغان؟

— بىر قېتىم بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەن بىر بالىنىڭ كەمپۈتى سازلىققا چۈشۈپ كەتكەن، ئاستا يالاپ باقسام... ۋاھ.... بۇ تەمنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن، — پاقا شۇنداق دېگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ لەۋلىرىنى تامشىپ كېتىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئاقتاش، — بىزنىڭ قايتا تېپىشىشىمىز ئۈچۈن جىق ياردەم قىلدىڭ، مەن ساڭا چوقۇم كەمپۈت ئالغاچ كېلىمەن. ھە راست، بىزگە شەھەرگە بارىدىغان يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ قوي.

— ئەمدى مۇشۇ ئوڭ قول تەرەپنى بېسىپ ماڭساڭلار چوڭ يولغا چىقىسىلەر، ئاندىن ئاۋۇ ئۈۋچى يۇلتۇزنى نىشان قىلىپ ماڭساڭلار شەھەرگە بارىسىلەر.

— رەھمەت ساڭا.

— ئەرزىمەيدۇ.

تاشلار پاقا بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز ئارزۇيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، تاڭ سۈزۈلگەنگە يېقىن ئاخىرى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئېگىز - ئېگىز بىنالار، يول چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇرغان پاكىز يوللار، رەڭگارەڭ ۋىۋىسكىلاردىكى لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغلار، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر خىل چىرايلىق ماشىنىلار، يول بويىدىكى خىلمۇخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر... شەھەردىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاپتۇ.

تاڭ يورۇپتۇ، يول چىراغلىرى ئۆچۈپ، سەھەرنىڭ قۇياش نۇرى شەھەرنى ئىللىتىشقا باشلاپتۇ. كوچىلاردا ئادەملەر ۋە ماشىنىلار كۆپىيىپتۇ. كىشىلەر نىمىلەرگىدۇر ئالدىرايدىكەن...

ئاقتاش بىلەن كۆكتاش يول بويىدىكى بىر گۈللۈكنىڭ قىرىغا كېلىپ ئارام ئاپتۇ. شۇ چاغدا دادىسىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بىر ئوغۇل بالا بۇ ئىككى تاشنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— دادا... دادا... قاراڭ، ماۋۇ ئىككى تاش بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دەپتۇ بالا تاشلارنى قولىغا ئېلىپ.

دادىسى خۇددى قاشتېشىغا ئوخشاش سۈزۈك ھەم پارقىراق تاشلارنى كۆرۈپ:

— بۇ قاشتېشى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دەپ تاشلارنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپتۇ.

— ماڭا بېرىڭ، — دەپتۇ بالا جېدەل قىلىپ، — ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئوينايمەن.

— مەكتەپتە تاش ئوينىساڭ بولمايدۇ.

— ئەمىسە ئۇمۇ مەكتەپتە ئوقۇسۇن.
— نېمە؟ تاشمۇ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟
— ئەلۋەتتە ئوقۇيدۇ، ئىشەنمىسىڭىز مەن سىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي ـ ھە!

تاشلار ئوقۇيدۇ،
دەريادا ئۈزۈپ.
تاشلار ئوقۇيدۇ،
سايدا سەپ تۈزۈپ.

ياخشى ئوقۇسا،
قاشتېشى بولار.
ناچار ئوقۇسا،
ھاك تېشى بولار.

— بۇ... بۇ ناخشىنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپتۇ دادىسى ئوغلىدىن سۆيۈنۈپ.
— مەكتەپتە مۇئەللىم ئۆگىتىپ قويغان.
— ھەقىقەتەن ياخشى ناخشا ئىكەن. بوپتۇ، بۇ ئىككى تاشنى ساڭا بېرەي، مەكتەپتە بىللە ئوقۇغىلار.
بالا خۇش بولۇپ تاشلارنى مېھرى بىلەن سىيلاشقا باشلاپتۇ.
... ...
«يېشىل يوپۇرماق» جىم بولۇپ قالدى.
— ھېكايە تۈگىدىمۇ؟ — دېدىم قىيالماستىن.
— ھەئە، — دېدى ئۇ، — ئىككى تاش دەريادىن چىقىپ شەھەرنى كۆردى، يەنە بىر بالىغا ھەمراھ بولۇپ

مەكتەپكە بارماقچى، بۇ نېمەدېگەن قالتىس ئىش؟!
سىزنىڭچە ھېكايە مۇشۇنداق ئاخىرلاشسا بولامدىكەن؟
— ئادەمگە يەنە ئاخىرى باردەكلا بىلىنىدىكەن.
— ئۇنىڭ ئاخىرىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ھازىر ھېكايە ئېيتىش شەكلى ئۆزگەردى. ئۇ خۇددى تۇرمۇش ئېقىنىغا ئوخشاش داۋاملىشىپ ماڭىدۇ.
— ھېلىقى ناخشىنى مەنمۇ بىلىمەن.
— قايسى ناخشىنى؟
— «تاشلار ئوقۇيدۇ» دېگەنچۇ.
— سىز نەدە ئۆگەنگەن؟
— يەسلىدە.
— ئەمىسە ھېلىقى بالىمۇ سىلەرنىڭ يەسلىدىن ئىكەن-دە؟
— ئېھتىمال.
— ئەمدى ئارام ئېلىڭ.
— يەنە بىرەر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭچۇ.
— بۈگۈن مۇشۇنچىلىك بولسۇن، ئەمدى ئاپىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ، ئۇنىڭ سىز بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتىنى مەن تارتىۋالسام بولمايدۇ. قاراڭ، ئۇمۇ كەلدى.
بۇرۇلۇپ قارىسام ئاپام ئىشىكتىن كىرىۋېتىپتۇ، قولىدا بىر كورۇپكا بار ئىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## دوختۇرخانىدىن چىقىش

مېنىڭدىن بىرەر غەيرىي ئالامەتنىڭ بايقىلىپ قېلىشىنى كۈتكەن سېمىز دوختۇرنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. سۇنغان پۇتۇم ھېچ ئىش بولمىغاندەك ساقىيىپ كەتكەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خاسىيەتلىك ھەسەل ھەرىسى ۋە ھەرە باققۇچى چوڭ ـ كىچىك لوقمانلارنىڭ ياردىمىدىن بولدى. بۇنى مېنىڭدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى.

— دوختۇرخانىدىن چىقسا بولىدۇ، — دېدى دوختۇر بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كىرىپ.

— رەھمەت دوختۇر، — دېدى دادام ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — ئوغلۇمنى ياخشى داۋالاپ، پۇتى كېسىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدىڭىز.

دوختۇر شۇبھىلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىئاراملىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرسىمۇ، چاندۇرماي كۈلۈپ قويدى.

— بىزمۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق، بالا كىچىك ئەمەسمۇ، مېيىپ بولۇپ قالسا بىر ئۆمۈر روھى ئازاب ئىچىدە ئۆتۈدىغان گەپ.

www.Uyghurkitap.com

— كۆپ رەھمەت.

— سىرتتا دوختۇرخانىمىزنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىپ قويۇڭ.

— ئەلۋەتتە، بۇ بىزنىڭ قەرزىمىز.

دادام ياتاقتىن چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگىلى ماڭدى. ئۇ يەنە قاتناش باشقۇرۇش، سۇغۇرتا دەمدۇ بىر يەرلەرگىمۇ بارماقچى ئىكەن. بىراق، مېنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارىم يوق، دادام ھەممىنى ياخشى قىلالايدۇ. مەن پەقەت بۇ نەس باسقۇر يەردىن تېزرەك چىقىپ كەتسەملا بولدى.

— ئاپا، بىز ماڭغاچ تۇرايلىچۇ، — دېدىم ئالدىراپ.

ئاپام ماقا قاراپ كۈلۈپ قويدى. دوختۇرخانىدىكى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان كۇنلەردىن ئۇمۇ بىزار بولۇپ ئاران تۇرغانىدى. لېكىن، ئۇ نېمە ئۇچۇندۇر مېنىڭ ئەھۋالىمغا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى.

— داداڭ بىكار بولسا ئاندىن ماڭايلىمىكىن، — دېدى ئۇ.

— بولدى ماڭايلىچۇ، ئاپا، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ. قاراڭ، پۇتۇمدا مەسىلە يوق.

مەن سايما كەش بىلەن كېسەلخانا ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدىم.

— ۋاي، دىققەت قىل، بالام! — دېدى ئاپام قورقۇپ.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن سىرتقا تارتتىم. ئاپام توختاپ لازىملىق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، مېنى ئېلىپ كېسەلخانىدىن چىقتى. ئىككى ئايدىن بېرى دېرىزىدىنلا كۆرۈپ تەلمۈرگەن ئاسمان مانا ئەمدى ئالدىمدا چەكسىز سوزۇلۇپ تۇراتتى. قۇياش خۇددى

ئانىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق ياشقا ئوخشاش، كۆك قەھرىدىن ئاستا ــ ئاستا تۆۋەنگە سىرغىماقتا ئىدى. غۇر ــ غۇر شامال مېنى قارشى ئالغاندەك يۈزلىرىمگە ئاچ كۆزلەرچە سۆيەتتى. بىنالار ماڭا سالام قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى... ئىشقىلىپ روھىم شۇنچىلىك ئازادە، ئۆزۈمنى باشقىچىلا بىر بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزەتتىم.

تاتلىق تۇيغۇلىرىم ماشىنا چاقىنىڭ قاراماي يولغا قاتتىق سۈركىلىشىدىن ئاچچىق سىلكىنىپ كەتتى. تومۇرلىرىمدا ۋەھىمىلىك بىر سىگنال ئۇزۇنغىچە جاراڭلىدى. ئەسلىدە ئاپام تاكسى توسقان بولۇپ، ئالا بالداق تاكسى ماشىنىسى ئالدىمىزغا كېلىپ غاچچىدە توختىغاچقا، مەن چۆچۈپ كەتكەنىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ بىردەم جىمغىنا تۇرۇۋالدىم، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

ــ بالام، نېمە بولدۇڭ؟ــ دېدى ئاپام قورقۇپ كېتىپ.

ــ ھېچ... ھېچ ئىش بولمىدى ئاپا،ــ دېدىم، لېكىن نېرۋىلىرىمدىكى قورقۇنچقا ئوخشاپ كېتىدىغان سېزىم ئاللىقاچان پۈت ــ قولۇمنى بوشاشتۇرۇۋەتكەنىدى. قارىغاندا ماشىنا مەن ئۈچۈن ۋەھىمىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. بۇنى يېڭىشكە ئىرادەمنىڭ بار ــ يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيتتىم.

ــ كەچۈرۈڭ،ــ دېدى ئاپام بىزنى ساقلاپ جىملى بولۇۋاتقان تاكسى شوپۇرىدىن ئەپۇ سوراپ،ــ بالام قاتناش ھادىسىسىگە يولۇققانىدى، بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقىشى، ماشىنىنى كۆرۈپ سەل جىددىيلىشىۋاتىدۇ.

تاكسى شوپۇرى ئېڭىشىپ ماشىنا دېرىزىسىدىن ماڭا قارىدى.

— قورقما ئۇكا، — دېدى ئۇ بېشىنى سىلكىپ قويۇپ، — ھېچ ئىش بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ماشىنا ياخشى نەرسە، ئۇ بولغاچقا بىز تۇرمۇشىمىزنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە بۈگۈنكى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز. پەقەت شۇ ئانچە - مۇنچە... بۇنداق خەۋپ ھەممە كەسىپتە بار.

بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ تۇرغان ھالەتتە ماشىنىغا چىقتىم. ماشىنا يەڭگىل قوزغالدى، شوپۇر ئارقا تەرەپنى كۆرسىتىش ئەينىكىدىن پات - پات ماڭا قاراپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ روھىي كەيپىياتىمنى تەڭشىمەكچى بولغاندەك، ئابلاجان ئاۋۇت ئايۇپنىڭ ناخشا پىلاستىنكىسىنى قويۇپ قويدى - دە، ئۆزىمۇ غىڭشىپ تەڭكەش بولغىلى تۇردى. جۇشقۇن كەيپىياتتىكى بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىغاچ، ئاستا - ئاستا ئىچىمدىكى جىددىيچىلىكمۇ بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناخشىغا مۇڭ بولۇپ ئۆيگىمۇ بىردەمدىلا كېلىپ قالدۇق.

قورۇ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا شوپۇر يىگىت ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يولدىن ئۆتكەندە دىققەت قىلغىن.

مەن بىر نەرسە دەي دەپ بولغۇچە، ئاپام مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى:

— رەھمەت ئۇكام، سىزمۇ يولدا دىققەت قىلارسىز.

ئۆيگە كىرگەندە روھىي كەيپىياتىم پۈتۈنلەي ئەسلىگە

كەلدى. خۇددى قۇش بالىسى ئۇۋىسىغا قايتقاندەك، ئۆي ئىچىگە سېغىنىش ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە نەزەر تاشلىدىم. ياتاق ئۆيۈمنى ئاپام پاكىز رەتلەپ، تامغا مېنىڭ ئىلگىرى چۈشكەن ھەر خىل رەسىملىرىمنى ئايرىم ـ ئايرىم رامكىلاپ ئېسىپ قويغانىدى. ئۈنىڭدىن باشقا تورۇستا يەنە بىر قۇچاق رەڭلىك شار ۋە رەڭلىك لېنتىلار ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ، بۇلۇڭغا كىچىكرەك بىر كىتاب ئىشكاپى قويۇلۇپتۇ. بۇ ئۆي مېنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىشىمغا ئاتاپ ئالاھىدە بېزەلگەندەك قىلاتتى.

ــ قانداقراق؟ــ دېدى ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ بەك ياخشى بوپتۇ، سىزگە رەھمەت، ئاپا،ــ دېدىم ھاياجان بىلەن، ئاندىن ئاپامنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

ــ ئەمدى ئارام ئالغىن، مەن تاماق ئېتەي، دوختۇرخانىدا سىرتنىڭ تاماقلىرىدىن شۇنداق زېرىكتىم.

ئاپام شۇنداق دەپ قولىدىكى نەرسىلەرنى جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، كىيىم ئالماشتۇرۇپ ئاشخانىغا ماڭدى. مەن يېڭى تۈيغۇ بەخش ئەتكەن ياتاق ئۆيۈمدە بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىش توغرىسىدا خىيال سۈرگەنچە يېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتىم. مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ نېمىنىڭ كەملىكىنى دېرەكلىمەكچى بولغاندەك، تۆت ئەتراپقا تەكشى قاراپ چىقتىم. شىرە ئۈستىدە «يېشىل يوپۇرماق» كۆرۈنمەيتتى.

ــ ئاپا! ئاپا!ــ دېدىم ئەنسىز ۋارقىراپ.

تۇيۇقسىز چاقىرىشىمدىن قورقۇپ كەتكەن ئاپام،

قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.
— ھە، نېمە بولدى بالام؟ بىر يېرىڭ...
— ياق،— دېدىم ھاسىراپ،— ھېلىقى... دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان گۈل...
— ۋاي خۇدايىم...— ئاپام ئالقىنى بىلەن مەيدىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى،— ئەجەب قورقاتتىڭ ئادەمنى، مەن تېخى بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ...
— گۈل... گۈل....
— ھە بىلدىم.
— ئۇ قېنى ئاپا؟ دوختۇرخانىدا ئۇنتۇپ قاپتۇقمۇ؟
— يايا،— دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك،— ئۇنى ھېلىقى سېسترا قىزغا بېرىۋەتتىم.
— نېمە؟!
جىددىيلەشكەنلىكىمدىن نەپسىم بوغۇلۇپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا ئۆيگە ئالدىراپ، ئۇ گۈلنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمدىن بەك ئەپسۇسلاندىم. سېسترا قىز ھەقىقەتەن ياخشى، لېكىن ئۇ گۈل ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. چوڭ - كىچىك لوقمانلارنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، ئۇ پەقەت بالىلارنىڭ دۇنياسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدە سوۋغا، خالىغان ئادەمگە ھەدىيە قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ بىر سىر، شۇنداقلا رېئال دۇنيادىكى ئەپسانە.
— ئۇنى... ئۇنى تېپىپ بېرىڭ! — دېدىم بوغۇلۇپ. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
ئىشنىڭ بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان ئاپام

جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدا يەنە ئازراق گاڭگىراشمۇ بار بولۇپ، چىرايىدىن مېنىڭ بىر تۇتامىمۇ كەلمەيدىغان ئادەتتىكى بىر تۈپ غەلتە گۈل ئۈچۈن قىلغانلىرىمنى چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— كىشىگە بېرىپ بولغان نەرسىنى قانداقمۇ ياندۇرۇۋالغىلى بولسۇن، — دېدى ئۇ سەل ئىككىلىنىپ.

— ئۇ ئادەتتىكى گۈل ئەمەس ئاپا، مەن... مەن... نۇرغۇن ئىشلارنى سىزگە چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز.

مېنىڭ كەيپىياتىمدىكى ئەسەبىيلىكنى كۆرگەن ئاپام، ئىلاجىسىز پەشتامىسىنى يەشتى.

— ماقۇل، مەن بېرىپ باقاي، پەقەت...

— ماڭا ئۇ گۈل بولمىسا بولمايدۇ، ئاپا.

— بېرىپ باقاي... سەۋرى قىل بالام، يېڭىلا دوختۇرخانىدىن چىقتىڭ، سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم.

— ئۇ گۈل بولغاچقىلا...

تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىمنى بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتتىم. ھازىرقىدەك ئەھۋالدا سىرنى ئاشكارىلاش تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى. بۇ كەمگە ئۇ گۈلگە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى، كىم بىلىدۇ.

ئىختىيارسىز ۋۇجۇدۇم بىردىنلا قاتتىق مۇزلاپ كەتتى، ئاللىقانداق ۋەھىمىنىڭ سايىسى يۈرىكىمنى مۇجۇشقا باشلىدى.

— مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە باراي، — دېدىم ئاپامغا ئەگىشىپ، بۇيەردە تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرۇشقا تاقىتىممۇ يوق ئىدى.

ئاپامنىڭ قاپىقى تۇرۇلدى، ئاچچىقتىنمۇ ياكى خاتا

ئىش قىلىپ قويغىنى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بولدى، سەن بارمىغىن بالام، تېخى يېڭىلا دوختۇرخانىدىن چىقتىڭ، قالايمىقان مېڭىپ يۈرسەڭ ياخشى ئەمەس.

— ياق، بارغىنىم بارغان، ئۇ گۈلنى چوقۇم تېپىشىمىز كېرەك.

ئەزەلدىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەندەك رايىش بالىنىڭ بۈگۈن تويۇقسىز بۇنداق تەرسا بولۇپ كېتىشى ئاپامنى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم تېرىكتۇردى. ئۇ نەچچە قېتىم پەيلىنى بۇزدى - يۇ، مېنىڭ دوختۇرخانىدىن يېڭى چىققانلىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. مەن بۇلارنى سېزىپ تۇردۇم، بىراق گۈلنىڭ ئىشىنى بولدى قىلىشقا كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمىدى.

— بوپتۇ، ئەمىسە ماڭايلى، — دېدى ئاپام چوڭقۇر خورسىنىپ قويۇپ.

## ئون تۆتىنچى باب

# «يېشىل يوپۇرماق» يوقاپ كەتتى

بىز تاكسى تۇتۇپ، كەلگەن يولىمىز بىلەن دوختۇرخانىغا قايتتۇق. ئەگەر گۈلنىڭ ئىشى بولمىغان بولسا، دورا پۇرىقىنى قايتا ھىدلاشقا ئەسلا رەغبىتىم يوق ئىدى. ھېلىقى سېمىز دوختۇر كۆرسەم خۇددى «قايتا ياتاقتا ياتمىسىڭىز بولمىغۇدەك» دەپ ئېسىلىۋالىدىغاندەك، كارىدوردا ئاق خالاتلىق ئادەملەرنى كۆرسەملا ئاپامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدىم.

ئاپام سېسترالار ئىشخانىسىغا كىرىپ باشقىلاردىن ھېلىقى سېستىرانى سورىدى.

— ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى، — دېدى ئۇلار.

ئاپام بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى – دە، قانداق قىلىمىز، دېگەندەك ماڭا قارىدى.

— ئۇ گۈل بەك مۇھىم، ئاپا، — دېدىم تىت – تىت بولۇپ.

— ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمىسەك، — دېدى ئاپام سەل تېرىكىپ، — بولدى، ئەتە كېلەيلى، بىر كېچىلىككە ئۇ گۈل قۇرۇپ قالماس.

ئاپامنىڭ ئۇ گۈلنى قايتۇرۇۋالغۇسى يوقلۇقى ماڭا

ئايان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىركىمگە بېرىپ بولغان نەرسىنى يەنە قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەسلىكىنى بىلىمەن، ئاپامنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنىڭ سۆرۈن بولۇشىنى مەنمۇ خالىمايمەن، بىراق... ئۇ گۈلدىن ئايرىلىپ قالسام نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىمۇ ئالدىن بىرنېمە دېيەلمەيتتىم. كۆڭلۈم ئېغىر غەشلىككە تولغانىدى.

بىز ئامالسىز قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. يولدا ماڭغۇچە ئاپام ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ مەندىن رەنجىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاپامنىڭ خاپىغان چىرايىغا قارىسام ئۇ گۈلنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ۋاز كەچكۈممۇ كېلەتتى. شۇنداق، ئاپامنى زادىلا رەنجىتكۈم يوق ئىدى، ئائىلىمىزدىكى ئەمدى ئىللىشقا باشلىغان كەيپىياتتىن، مېھىر - مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتىم.

ئويلىغانسېرى بەكمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم... ئۇ ناھايىتى بىر تال يوپۇرماقمۇ؟ چوڭ لوقمان بىلەن كىچىك لوقمان مېنى يوقلاپ كەلسە يەنە بىر تال سورىۋالسام بولمىدىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپامنى رەنجىتىپ يۈرۈشكە ئەرزىمدۇ؟

مەن ئاستا ئاپامنىڭ قولىنى تۇتتۇم، ئۇ ماڭا قاراپ مەيۈسانە كۈلۈپ قويدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئاپا، — دېدىم خىجىللىق ئىلكىدە، — ئاشۇ بىر تال گۈل ئۈچۈن سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدىم، بولدى، ئەمدى ئۇنى قايتۇرۇۋالمايلى.

ئاپام ئەقلى - ھوشۇمدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك كۆزلىرىمگە ئۇزاق قارىدى. ھادىسىگە ئۇچرىغاندا بېشىممۇ ئازراق يارىلانغانىدى. گەرچە دوختۇر: «مېڭىسى

قاتتىق سىلكىنىپ كەتمەپتۇ، چوڭ چاتاق يوق» دېگەن بولسىمۇ، دەل دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنىدىكى بۇ پاراكەندىچىلىك ئاپامنى سەل ئەنسىرىتىپ قويغانىدى.

ــ راستىلا قايتۇرۇۋالمايمىزمۇ؟ــ دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە سىناق نەزىرىدە تىكىلىپ.

ــ قايتۇرۇۋالمايلى.

ــ ئەمىسە بايا...

ــ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئاپا. بەلكىم ئۇ گۈلگە بەك ئامراق بولۇپ قالغان بولسام كېرەك. مەيلى، ماڭا سىز بولسىڭىزلا بولدى. مەن چىرايىڭىزدىن خاپىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، ئاپا.

ئاپام ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى.

ــ ئۇ گۈلنى زادى نەدىن تاپقان ئىدىڭ بالام؟

ئاپامنىڭ هامان شۇنداق سورايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئانچە هودۇقۇپمۇ كەتمىدىم. پەقەت ئىلگىرى ئويلاپ قويغىنىم بويىچە جاۋاب بەردىم:

ــ بىر دوستۇم بەرگەن.

ئەمدى بۇنىڭدىن تەپسىلىي سوراش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك ئاپام مۇشۇ بىر سوئالى بىلەنلا بولدى قىلدى.

ــ بىلەمسەن بالام،ــ دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن پەس ئاۋازدا،ــ راستىمنى ئېيتسام ئۇ گۈل ماڭا تولىمۇ سىرلىق هەم خەيرسىز بىلىندى. دەل ئۇ پەيدا بولغان ئەتىگىنى داداڭ بىلەن تەگىشىپ قالدۇق، سەن ئىلگىرى بىزنىڭ مۇشۇنداق تەگىشىپ قالغىنىمىزنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ياق، ئاپا، — دېدىم ئاپامنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ كېتەلمىسەممۇ، كۆڭلىنى ئاياش مەقسىتىدە.

— يەنە شۇ گۈل پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئۆيگە كەلسەملا كاللامغا ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداپ بىئارام بولۇپ كېتىمەن، كېچىلىرى تولا قارا باسىدۇ. ئارقىدىن سەن ھېلىقىدەك قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقتۇڭ. بىر قاتار ئىشلار مېنى ئەنسىرىتىپ قويدى. دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا ئۇنى دېرىزىدىن تاشلىۋەتمەكچى بولغان ئىدىم، لېكىن سېستىرا قىزنىڭ كۆزىگە نېمە كۆرۈنگەن، ئۇ گۈلنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم.

ئاپامغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، بىر ئويلىسام ئۇنىڭ گېپى توغرىدەك، بىر ئويلىسام پۈتۈنلەي ئارتۇقچە ئىدى. دادام ئىككىمىزنىڭ تەگىشىپ قىلىشى ھەرگىزمۇ گۈلنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، ئەسلى شۇ كۈنى تېخى گۈل ئۇلارغا مېھىر - مۇھەببەت بېغىشلاپ، جېدەلنىڭ ئاخىرىنى مۇھەببەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانىدى. پۇتۇم سۇنغاندا، دوختۇرلار پۇتۇمنى كېسىۋېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. لېكىن، چوڭ - كىچىك لوقمانلارنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئۇ بىر توپ خاسىيەتلىك ھەسەل ھەرىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، پۇتۇمغا كارامەت ئىشلەتكەچكە، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىشتىن ئامان قالدىم. بۇلارنى ئاپامغا قانداقمۇ چۈشەندۈرەلەيمەن؟ چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ ئاپامنىڭ ئىشىنىشى مۇمكىن ئەمەس - تە.

بىز ئۆيگە قايتىپ كىردۇق. ئاپام بايا چالا تاشلاپ قويغان تاماقنى ئېتىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ

كەتتى. مەن ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىدىم. تورۇستىكى رەڭلىك لېنتىلار دېرىزىدىن كىرگەن شامالدا يېنىك چايقىلىپ، شىلدىرلىغان ئاۋاز چىقىراتتى. خىيالىمنى باشقا نەرسىلەرگە بۇراپ باقساممۇ، لېكىن «يېشىل يوپۇرماق» زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەن يالغۇز قالغاندا دېيىشكەن قىزىق پاراڭلىرىمىز، سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلىرى ئېسىمگە كېلىۋالدى. ئويلىغانسېرى يېقىن دوستۇمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغاندەك ئازابلاندىم. شۇئىرلاپ تۇرۇپ ئىسمىنى قايتا ـ قايتا چاقىردىم، بىراق ئۇ پەيدا بولمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. گەرچە چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار چوقۇم مېنى يوقلاپ كېلىدۇ دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرسامۇ، ئەمما بۇ ئىشەنچىممۇ بارا ـ بارا سۇسلاپ كېتىۋاتاتتى.

كەچكە يېقىن داداممۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ھادىسە پەيدا قىلغان ھېلىقى شوپۇر مېنىڭ داۋالىنىش پۇلۇمنى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى تولۇق تۆلەپتۇ. دادام قىلغان ئىشلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقاندا، مېنىڭ ئەس ـ يادىم يەنىلا «يېشىل يوپۇرماق»تا ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى تۇرغان ئورنىغا تىكىلىپ قارايتتىم، قارىغانسېرى كۆزلىرىمنى ئۇ راستىلا ئۇيەردە باردەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

ـــ قانداقراق ئوغلۇم؟ ـــ دېدى دادام تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ـــ پۇتۇڭ ئاغرىمىغاندۇ؟

ـــ پۇ... تى... تى...

بىردىنلا تىلىم كالۋالىشىپ، دېمەكچى بولغان

گېپىمنى ئېغىزىمدىن چىقىرالماي قالدىم. دادام مېنى گېپىنى تاپالماي قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىمۇ، ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى، كۆزى بېرىلىۋاتقان تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىدا ئىدى.

— ئەتە ئوغلىمىزنى نەگە ئويناتقىلى ئاپارساق بولار؟ رىسالەت سىز دەڭە، ئەتە نەگە بېرىپ ئويناپ كېلىمىز.

قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ ئەمدى ئاشخانىدىن چىقىپ كەلگەن ئاپام، پەشتامىسىنى يەشكەچ دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەر بېرىڭلار، مەن ئەتە كىر يۇيمىسام بولمايدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى دوختۇرخانىدا يۈرۈپ، كىرلەر بەك كۆپ يىغىلىپ قاپتۇ.

— ئەمىسە ئەدىھەمنى يېقىنراق باغچىغا ئاپىرىپ كېلەي.

دادام شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە بېرىلىپلا كەتتى. مەن ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيگە ماڭدىم. راستىمنى ئېيتسام، چوڭ - كىچىك لوقمانلارنى ساقلىماقچى ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئىشىكتىن قىستىلىشىپ كىرىپ كېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنۈم بولغاچقا، ئۇلارنى كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتىن ۋاز كېچەلمەيۋاتاتتىم.

ساقلىدىم، ساقلىدىم، قانچىلىك ساقلىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشىك ياكى دېرىزىدىن «تىرىق» قىلغان بىر شەپىنى ئاڭلاپ قالسىلا، خۇددى ئۇلار كىرىپ كېلىۋاتقاندەك ھەم خۇشاللىق، ھەم جىددىيچىلىك ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئاپام ئىككى قېتىم كىرىپ مېنى يوقلاپ چىقىپ كەتتى. ئاخىرى مېنىڭ

ئۇخلىغانلىقىمغا كۆزى يەتكەندە ئاندىن ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويىدى. لېكىن، مەن ئۇخلىمىغان ئىدىم. بۈگۈنكىدەك كۆڭۈلنى غەشلىك قاپلىغان، تەقەززالىق كېچىدە قانداقمۇ كۆزگە ئۇيقۇ كەلسۇن.

كېچە جىمجىتلىقىغا قولاق سالغىنىمچە ئاخىرى تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆزۈم ئاززاق ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قاپتۇ. بېشىمدا چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار قاراپ تۇرغۇدەك.

ــ ئەمدى كەلدىڭلارمۇ؟ ــ دەپتىمەن كايىپ.

ــ كەچۈرگىن، تولىمۇ يىراق بىر يەرگە خىزمەتكە بېرىپ، ۋاقتىدا كېلەلمەي قالدۇق، ــ دەپتۇ چوڭ لوقمان.

ــ بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقتىم.

ــ بىلىمىز، خۇشال ـ خۇرام ماڭغىنىڭنى كۆرۈشكە بىزمۇ تەقەززا ئىدۇق.

ــ لېكىن... لېكىن سىلەر بەرگەن ھېلىقى يېشىل يوپۇرماقنى يوقىتىپ قويدۇم.

ــ قانداق قىلىپ؟ ــ دەپتۇ كىچىك لوقمان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ــ ئاپام بىرىگە بېرىۋېتىپتۇ.

ــ ئۇ قايتىپ كەلدى، ــ دەپتۇ چوڭ لوقمان خىرامان ھالدا.

ــ قەيەردە؟

ــ مانا.

چوڭ لوقمان تىۋىت چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، ئىچ كىيىمىدىكى يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ قويۇپتۇ. يىراق، ئەينى ۋاقىتتا ماڭا بەرگىنىنىڭ زادى قايسى يوپۇرماق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتىمەن.

— ئۇنى... ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟
— ياق.
— نېمىشقا؟
— ياخشى كۆڭگە ئېرىشكەندە ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالغان بالا ياخشى بالا ئەمەس، — دەپتۇ كىچىك لوقمان رەنجىگەندەك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.
— قانداقسىگە؟ مېنىڭ پەقەت ئازراقلا بىخۇدلۇق قىلغان يېرىم بار. كېيىن ئاپام بىلەن ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى باردۇق.
— قايتۇرۇۋالالمىدىڭلار.
— ئاپامنى رەنجىپ قالمىسۇن دەپ...
— كەچۈر، ئەمدى قايتمىساق بولمايدۇ، ساڭا خوش دېيىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق، — دەپتۇ چوڭ لوقمان مېڭىشقا تەمشىلىپ.
— ئەمدى دوست بولمايمىزمۇ؟
ئىككى لوقمان گەپ ـ سۆز قىلماي ئىشىكتىن قىستىلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ...
چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ، دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۆي ئىچىنى خېلىلا ئىسسىتىپ قويغانىكەن. ئىتتىك ئەتراپىمغا قارىدىم، ئۇلاردىن بىرەر نىشان قالغاندەك ئەمەس. ئىلگىرى رېئاللىقنى چۈشۈم دەپ تۇرۇۋالغانىدىم، مانا ئەمدى چۈشۈمنى رېئاللىق دەپ ھەرقانچە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشساممۇ پايدىسى بولمىدى. چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار ھەقىقەتەن كەلمىگەنىدى، كۆرگىنىم تەقەززالىقتىكى خىيالىي مەنزىرە ئىدى، خالاس.

## ئون بەشىنچى باب

# كۆڭۈلسىز كۈنلەر يەنە باشلاندى

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، زەخىملىنىشتىن بولغان ھېچقانداق كېسەللىك ئاسارىتى قېپقالمىغان بولسىمۇ، بىراق دادام بىلەن پاراڭلاشقان ھېلىقى كېچىدىن باشلاپ نېمىشقىكىن تىلىم تۇتۇلغاندەك بولۇپ، گەپ قىلسامىلا كېكەچلەپ قالىدىغان بولدۇم. تۇرۇپلا بۇنداق بولۇپ قالغىنىمغا ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقلى يەتمەيتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي بىئارام بولاتتىم.

دادام نەچچە كۈندىن كېيىن مېنى ھېلىقى سېمىز دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇ دوختۇر كۆزۈمگە تولىمۇ ۋەھىملىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشتىنمۇ ئەيمىنەتتىم. ئۇ مېنى ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، كىچىك قولچىرىغى بىلەن گېلىمنىڭ ئىچكىرىسىنى يورۇتتى ـ دە، ياپىلاق قومۇش بىلەن تامىقىمنى ئېگىز ـ پەس كۆتۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئىڭرىۋەتتىم.

ــ ئەھۋالى خەتەرلىكمۇ، دوختۇر؟ ــ دېدى دادام تەشۋىش ئىچىدە.

دوختۇر لام ـ جىم دېمەستىن بىرھازا يۈرەك

سوقۇشۇمنى تىڭشاش بىلەن بەند بولدى، ئاندىن ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يۇمشاق يۇلەنچۇكلۇك ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى.

— دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىمزاسىغا نېمە بەرگەن ئىدىڭلار؟

— شۇ... ئىلگىرىكىدەكلا نورمال تاماق.

— يىقىلىپ چۈشكەنمىدى؟

دادام ماڭا قاراپ قويدى، مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغانمۇ؟

— ئۇنداق ئىش يوق.

دوختۇر بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، كىتىرلىتىپ بىرنەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىدى.

— بالىنى ئاپپاراتقا چۈشۈرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆرەيلى. بۇ نېرۋا خاراكتېرلىك مەسىلىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە قولىدىكى قەغەزنى دادامغا بەردى.

— رەھمەت دوختۇر.

دادام مېنى يېتىلەپ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقتى. نەچچە كۆزنەككە دوقۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى دېرىزىلىرىگە قېلىن پەردە تارتىلغان بىر ئىشخانىغا كىردۇق. بۇ يەردىكى سوغۇق چىراي بىر دوختۇر مېنى تار بىر ئۇستەلگە ياتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇ ئۇستەلنى ئىتتىرىپ، خۇددى تار ئۆڭكۈرگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە بىلىمگە كەلگىچە كىرگۈزدى. مەن قورقۇپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس - تاس قالدىم. بۇ ئۆينىڭ ئىچى گويا كىنولاردىكى ئالۋاستى غارىغا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى.

يېرىم كۈنگە يېقىن ۋاقتىمىز ھەر خىل

تەكشۈرۈشلەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەتىسى چىقىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىز بىر پاتمان غەم، تەشۋىشلەر ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق.

— قانداق بولدى؟ — دېدى مېنىڭدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ئاپام، بىز ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا.

— تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەتە چىقىدىكەن، — دېدى دادام مەيۈس بىر ئاھاڭدا.

— خۇشاللىقىمىز قايغۇغا ئالمىشىپ كەتمىسە بولاتتى، — دېدى ئاپام كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ئۇنداق بولماس، — دېدى دادام، ئەمما چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەندى.

كەچلىك تاماقتا ئولتۇرغاندىمۇ ھېچقايسىمىزنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى، تۇزلۇك گەپمۇ قىلىشمىدۇق. مەن يەنىلا چوڭ ـ كىچىك لوقمان ۋە «يېشىل يوپۇرماق»، يەسلى گۈللۈكىدە تونۇشقان ھېلىقى ھەسەل ھەرىسىنى ئەسلەيتتىم. ئۇلارنىڭ بىرەرىنىڭ بولسىمۇ مېنى يوقلاپ كېلىشىگە تولىمۇ تەقەززا ئىدىم. تولا ئويلىغاچقىمۇ، ھەر كېچىسى ئۇلار چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ پەقەتلا بىر چۈش ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۆزۈمنى ئېلىشىپ قالغاندەك ياكى زىيادە خىيالپەرەستەك ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى.

ئەتىسى دوختۇرخانىغا يەنە باردۇق. ھېلىقى تەكشۈرۈش ئۆيىدىن ئاچىققان، بىر تالاي چۈشىنىكسىز خەتلەر بېسىلغان بىرنەچچە جەدۋەلنى كۆتۈرۈپ، سېمىز دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئۇ دادامنىڭ قولىدىكى قەغەزلەرنى ئېلىپ بىرھازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن، شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويدى.

كىتاب نۇر بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئوغلىڭىزدا مەسىلە يوقكەن، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ شۇبھىلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ۋە خۇددى ئىچ باغرىمدىكىنى كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك، كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ئېگىشىپ ئۇزاق قارىدى، — بۇ بىر بولسا ئويۇن، بىر بولسا بالىڭىزنىڭ نېرۋىسىدا مەسىلە بار.

— بۇ... بۇ... نېمە دېگىنىڭىز، دوختۇر؟ — دېدى دادام خۇددى بىركىمدىن ئورۇنسىز تىل ئاڭلاپ قالغاندەك تېرىكىپ.

— ئائىلىدە ئۇنى بەك ئەركىلىتەمسىز؟

— گەپلىرىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىم، — دېدى دادام بېشىنى چايقاپ.

— بەك ئەركە بالىلار ئاشۇنداق قىلىق چىقىرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى قورقۇتىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن قىزىقارلىق بىر ئويۇن خالاس.

— سىز... ئوغلۇمنى قەستەن گەپ قىلالماس بولۇۋالغان دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق ئويلىسىڭىزمۇ مەيلى.

دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا غەزىپىم تېشىپ، ئۇنىڭغا سەت بىرنى ئالىيىپ قويدۇم. ئۇ ئەكسىچە خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالغاندەك پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنداق سوغۇق ئىدى. مەن نېمىشقا يالغاندىن گەپ قىلالماس بولۇۋالغۇدەكمەن؟ بۇ دوختۇرنىڭ پۈتۈمنى كېسىۋېتىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشماي قالدى، شۇڭا مەندىن ئۆچ ئېلىپ، مېنى دادامغا سەت كۆرسەتمەكچى. توۋا، كېيىۋالغان چاپىنى ئاق بولغان بىلەن، كۆڭلى ئەجەب قارا ئادەمكىنە ئۇ.

— ئۇنى داۋالاشنىڭ بىرەر يولى بارمۇ، دوختۇر؟ — دېدى دادام يەنىلا ئۇنىڭ نوپۇزىغا ھۆرمەت قىلىپ.

— ئۆيگە قايتىپ بىرمەزگىل كۆزىتىپ بېقىڭ، تىمتاسلىقتىن زېرىككەندە، ئۆزلۈكىدىن سۆزلەپ قالار.

دادام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا رەھمەتمۇ دېمەستىن مېنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى.

دادام كېتىۋېتىپ پات ـ پات ماڭا قاراپ قويۇپ قويۇپ قويۇپتى. قارىشىدىن راستلا مەندىن گۇمان قىلىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟

دادام بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا كۆزۈمگە قارىمىدى، پەقەت ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك بېشىنى سالغىنىچە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

— دا...د...

مەن كۆڭلۈمدە ئويلىغان نۇرغۇن گەپلىرىمنى ئېغىزىمدىن چىقىرالمىدىم. تىل سېزىمىنى يوقاتقاندەك ھېچ ئەيۋەشكە كەلمەيتتى. گەپلىرىمنى دېيەلمىگەنسېرى يۈرىكىم خۇددى بىرى مورىلىغاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. كىچىككىنە تىلنىڭ بۇ قەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا چوڭقۇر ھېس قىلغان بولسامۇ، باللىق دۇنيارىمدىكى نۇرغۇن ئوبرازلار مېنى گاڭگىراتماقتا ئىدى. ئازاب قەلبىمدىكى خۇشاللىقىمنى خۇددى چىش پاستىسىدەك ئاستا ـ ئاستا سىقىپ چىقىرىۋاتاتتى.

— بىز سېنى ياخشى كۆرىمىز، بەك ياخشى كۆرىمىز. مېنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى پەقەت سەن ئۈچۈن، ھەتتا بۇ يولدا غورۇرۇمدىن كەچكەن ۋاقىتىممۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولدى، نېمىشقا؟ سېنى مەن كۆرگەن كۈنلەرنى كۆرمىسۇن، موھتاجلىق روھىنى بوغۇپ قويمىسۇن دېدىم.

دادام بىرەر تەكشۈش ئاغىنىسىگە نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك، ئاجايىپ سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ماڭا گەپ قىلىۋاتاتتى. بىراق، دېگەنلىرىنى مېنىڭ قانچىلىك چۈشىنەلەيدىغان ياكى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمغا كۆڭۈل بۆلگەندەك ئەمەس ئىدى. دادام مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى خىيالىغا كىرگۈزۈپ قويمايدىكەن، مېنىڭ نېمىدىن خۇش بولىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ مېنىڭ كەلگۈسى بەختىمنى ئۆزىنىڭ ئالىي ئىمتىيازى، تاپقان پۇل - ماللىرى ئىچىدىن ئىزدەيدىكەن.

ئۇۋالچىلىق دەستىدىن كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى. كۆز يېشىنىڭ قىممىتى قالمىدىمۇ ياكى دادامنىڭ باغرى قېتىپ كەتتىمۇ بىلمىدىم، ياشلىرىم شەبنەم سۈيىدەك بىر ماڭغان يوللارغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ بارماقتا ئىدى. ئازابلانغانسېرى چوڭ - كىچىك لوقمانلارنى سېغىناتتىم، «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرىنى، ئۇنىڭ ھەممىدىن تارقىغان سېھىرلىك مۇھەببەتنى سېغىناتتىم. ئەتراپىمدىكى ئادەملەردىن ئىللىق بىر مېھىر - مۇھەببەتنى تەمە قىلاتتىم...

مەن قايتىپ كېلىپلا ياتاق ئۆيۈمگە بېكىنىۋالدىم. دادام بىلەن ئاپامنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى بىلمىدىم، پەقەت شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار ماڭا بىرخىل گۇمان بىلەن قارىشىدىغان بولدى. بۇ گۇمان يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارمۇ بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن

قارىشاتتى، بىر - بىرىنىڭ كۆندىلىك ئىش - ھەرىكىتىنى سوراشتە قىلاتتى، تېلېفونلىرىدىكى ئۆچۈرلارنى ئوغرىلىقچە تەكشۈرۈشەتتى. ئىشقىلىپ ئۆي ئىچىدە غەلىتە پۇراق كۆچىيىپ، خۇش پۇراقتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتۇق.

مېنىڭ مەكتەپ ھاياتىممۇ خەيرىلىك باشلانمىدى. بۇ سىنىپ مەسئۇلىمىز بولغان مۇئەللىمىنىڭ سەۋەبىمۇ ياكى مېنىڭ كاللامدا راستىلا مەسىلە بارمۇ بىلمىدىم. بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇشتىلا مەن سىنىپ بويىچە دەرستە ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىغا ئايلاندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلىم راۋان بولمىغاچقا، تېكىست يادلاش، ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەھەتتە قىيىنىلاتتىم، باللارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايتتىم. دادام تولا ھاللاردا ئۆيگە كەچ كېلەتتى. شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ تىنىقىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ئۆي ئىچىنى بىر ئالاتتى. ياتاق ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقىۋالساممۇ بۇ پۇراقنىڭ دەستىدىن بېشىم ئايلىنىپ كېتەتتى. دادام ئۆيگە كېلىپلا قالايمىقان سۆزلەشكە باشلايتتى، كىملەرنىڭدۇر ئارقىسىدىن تىللايتتى، قارغايتتى، ئۆز خىزمىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىدىن ۋايسايتتى. ئاپام مەكتەپتە تۈگىتىپ بولالمىغان ئايىغى چىقماس ئىشلىرىنى ئۆيگىچە سۆرەپ كېلەتتى. كۆپىنچە ھاللاردا مېنىڭ دەرس تەكرارلىشىمغا ياردەملەشكىدەك ۋاقتىمۇ چىقماي قالاتتى. ۋاقتى چىققاندىمۇ ناھايىتى ئالدىراشلا بىردەم قاراپ تۇرۇپ يەنە باشقا ئىشلىرىغا كېتەتتى.

شۇنداق چاغدا «يېشىل يوپۇرماق»نى بەكلا سېغىناتتىم. ئۇ ماڭا جىق ئىشلاردا ياردەم قىلىشى



www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئىدى. گەرچە مېنى كارامەت بالا قىلىۋېتىش قولىدىن كەلمىسىمۇ، لېكىن ئىشىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويالىتتى، خۇش پۇراقلىرى بىلەن ئائىلىمىزنى ئىللىقلىققا تولدۇراتتى. دادامنىڭ قەلبىدىكى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان مېھىر - مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى يېلىنجىتاتتى.

دادامنىڭ كىچىك ماشىنا توغرىسىدىكى غوۋغالىرى يەنە قوترىغىلى تۇردى.

ــ سەلەي جېنىدا بىر ماشىنا سېتىۋالدى،ــ دېدى ئۇ بىر كۈنى كەچ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا.

ــ ماشىنا سېتىۋالغانلار كۆپقۇ،ــ دېدى ئاپام دادامنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلمايلا.

ــ گەپ دەل مۇشۇ يەردە،ــ دېدى دادام قولىدىكى پىيالىنى تاققىدە شىرە ئۈستىگە قويۇپ،ــ ئۇ شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپتى؟ ئىككىمىزنىڭ مائاشى ئوخشاش، لېكىن ئۇ مەكتەپتە زاپخوز، شۇ يەردىن بىرەر يوچۇق تاپقان گەپ، بولمىسا ئۇنىڭدا ماشىنا ئالغۇدەك پۇل نېمە ئىش قىلسۇن.

ــ ئەمىسە بىزمۇ ئالايلى.

ــ پۇل يەتمەيدۇ.

ــ جانغا چۇشلۇقراقنى ئالمايمىزمۇ.

ــ ياق، ئىدارە باشلىقىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارنىڭكىدىن ئالىيراق بولمىسا بولمايدۇ.

ــ ماشىنا ئېلىشتىمۇ ئابروي تالىشىش كېتەمدۇ ئەمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇڭا ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمايدۇ. سىزنىڭ كالللىڭىز تەرەققىياتنىڭ ئارقىسىدا قالغان.

— ئەمىسە ئۆزىڭىز بىلگەننى قىلىڭ.

بۇنداق گەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇراتتى، پەقەت ئاپامنىڭ پېشىنى قېقىپ نېرى كېتىشى بىلەن قۇيرۇقى ئۈزۈلەتتى. ئائىلىدىكى بۇخىل كۆڭۈلسىز كەيپىياتتىن ئىچىم شۇنداق سىقىلاتتى. خۇش پۇراق ئىزدەپ كەڭرى باغلارغا، دالالارغا بارغۇم كېلەتتى. ئۆزۈمگە خاس بالىلىق دۇنيايىمنى يارىتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق بۇنىڭغا مېنىڭ قۇربىتىم يەتمەيتتى. چوڭلارنىڭ غوۋغالىرى مېنىڭ دۇنيايىمنى بوغۇپ قويغانىدى. ئۇلار بىلەن ئارىلىقىم كۈندىن - كۈنگە يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## قىش

ئاسماندىن ئاستا ـ ئاستا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان قار توزانلىرى خېلى شالاڭ بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھامان قىش باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ماشىنا ۋە ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا ھەريان توزۇپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ، ئىختىيارسىز «يېشىل يوپۇرماق»نى ئەسلەپ قالدىم. قارنى بۇلۇتنىڭ چېچىكى دەيدىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قانداق رەڭدىدۇ؟ مەن ھازىرغىچە ئاسماندىن بىرەر تال يوپۇرماقنىڭ چۈشكىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مېنىڭچە، قارغا قېتىلىپ توپ ـ توپ يوپۇرماقلارمۇ ئۇچۇپ چۈشكەن بولسا، بىز بۇلۇت يوپۇرمىقىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتۇق. ئۇمۇ يېشىل رەڭدە بولسا تېخىمۇ ياخشى. تېرىۋېلىپ ئىستاكانغا چىلاپ قويساق، ئۇلار خۇددى مېنىڭ يوقاپ كەتكەن يېشىل يوپۇرمىقىمغا ئوخشاش باراقسان كۆلگە ئايلىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ئالەمنى قاپلىسا، دۇنيا ئىللىق مۇھەببەت بىلەن تولسا، ھەممە ئائىلىدە ئىناقلىق ھەم مېھرىبانلىق ھۆكۈم سۈرسە؛ بىزنىڭ تىلىمىز راۋان بولۇپ قەلبىمىزدىكى ئارزۇلىرىمىزنى ئاتا ـ ئانىمىزغا چۈشەندۈرسەك، ئۇلار بىزنىڭ نېمىدىن خۇشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقىمىزنى بىلسە، ئۆزلىرى قىلغان ھەرقانداق ئىشنى بىز ئۇچۇن دەپ، كىچىككىنە جېنىمىزغا بىر پاتمان بەدەللەرنى ئارتىپ قويمىسا؛ بىز خۇددى تاڭ سەھەردىكى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن يۇمران گىياھلاردەك سەبىيلىكىمىزدە ئۆسۈپ يېتىلسەك...

ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنىڭ خىيالىدىن ئۆزۈم ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم، تەسەۋۋۇرۇم قار ئۇچقۇنلىرىدەك ھەر تەرەپكە يېيىلاتتى. كېيىن باشقا بالىلارمۇ مەن ئويلىغاندەك ئويلارمۇ دىگەن مەقسەتتە ئەتراپىمغا قارىدىم. كوچىدا مەندىن باشقا بالا كۆرۈنمەيتتى، كۆپىنچە بالىلارنى ئاتا ـ ئانىسى كېلىپ ئەكەتكەچكە، ئۇلار ئىسسىق ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ ئالللىقاچان ئۆيلىرىگە بېرىپ بولغانىدى. تۇرۇپلا دادامنىڭ ماشىنىغا بولغان مەستانىلىكىنى توغرا چۈشىنىپ قالدىم. ھېلىقى چاغدا شوپۇر ئاكاشىنىڭ: «ماشىنا ياخشى نەرسە، ئۇ بولغاچقا بىز بۈگۈنكىدەك زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ ئالدىراش رىتىمىغا ماسلىشىپ كېتىۋاتىمىز» دىگەن گەپلىرى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن تۇرمۇشنىڭ جىق تەرەپلىرىنى چۈشەنمەسلىكىم مۇمكىن، بىراق چوڭلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرى گاھىدا خۇددى سۇ قايناملىرى يوپۇرماقنى سۆرەپ كىرىپ كەتكەندەك، بىزنىمۇ ئۆز قايناملىرىغا تارتىپ كىرىپ كېتىدىكەن. بىز بىلىپ ـ بىلمەي ئۆز تۇرمۇشىمىزدىن چىقىپ، چوڭلارنىڭ خاراكتېرىگە ئەگىشىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللايدىغان يولغا مېڭىپ قالىدىكەنمىز.

ئايغىم ئاستىدىكى قارنىڭ غىرىسلىغان ئاۋازى مېنى

روھلاندۇردى. مەن مۆرەككەپ خىياللار قايىنىمىدىن چىقىپ، يەنە ئۆزۈمنىڭ بالىلىق دۇنيايىمغا قايتىپ كەلدىم. ئېڭىشىپ يول بويىدىكى پاكىز قاردىن ئوچۇملاپ ئېلىپ، قار پومزىكى ياساشقا كىرىشتىم. بىردەمدە يۇتىبولدىن كىچىكرەك پومزەك ياساپ بولدۇم. بىراق، بۇنى كىمگە ئاتىمەن؟ يا يېنىمدا بۇ تۇيغۇلىرىمغا ھەمدەم بولغۇدەك دوستلىرىم بولمىسا. مەن مەكتەپتىمۇ يالغۇز دېگۈدەكلا ئۆتىمەن، ساۋاقداشلىرىم مېنى گەپ قىلالمايدۇ دەپ ئارىغا ئالمايدۇ. تىلىمنىڭ راۋان ئەمەسلىكى راست، بىراق بۇ مېنىڭ مەڭگۈ گەپ قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ. گەرچە ھازىر گەپ قىلالمىسامۇ، لېكىن مەندە دوستلىرىمنى ياخشى كۆرىدىغان يۈرەك، گۈزەل ئارزۇلارغا تولغان تىلەك بار.

مەن قار پومزىكىگە ئاستا تىلىمنى تەگكۈزۈپ باقتىم، مۇزدەك بىر سېزىم مېڭەمگە ئۆرلىدى، مەززىسىز بىر تەم ئېغىزىمدا قالدى. قار ئۆزى ئاق بولسىمۇ، تەمى لاۋزا ئىدى. قولۇمدىكى پومزەككە قارىغىنىمچە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم. شۇ نەرسىنى ئويلىدىمكى، تىلنىڭ خاسىيىتى يالغۇز گەپ قىلىشلا ئەمەس، ھەرقانداق تەمنى سېزىش بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدىكەن. بىز تىلىمىز تاللىغان ئوزۇقلۇق ئارقىلىقمۇ گۈزەل بىر روھى دۇنيا يارىتىپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئالىدىكەنمىز.

مېنىڭ ۋارقىرىغۇم كەلدى، تىلىمدىن بىر سادا چىقىرىپ، قار ئۇچقۇنلىرىغا ناخشا ئېيتىپ بەرگۈم، تۇيغۇمدىكى قار بالىلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ يىراق ئۇپۇق تامان يۈگۈرگۈم كەلدى. بىراق، تىلىم بايىقى

مۆزدەك سىزىمنى تامشىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قولۇمدىن سۇ ئېقىشقا باشلىدى. قولۇم ئېرىپ كېتىۋاتامدۇ ياكى قار پومزىكى ئېرىپ كېتىۋاتامدۇ بىلمىدىم. قولۇم بىر تۇرۇپ قىزىقتەك، بىر تۇرۇپ سوغۇقتەك تۇيۇلاتتى. قار پومزىكىنى تۇتقىنىمچە تۇرۇۋەردىم، بىر ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈشنىڭ تەشۋىشلىك، تەقەززالىق، شۇنداقلا سەۋرى ـ تاقەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى بايقىغىنىمدا ئۆزۈمدىن تېخىمۇ خۇشلۇق ھېس قىلدىم. قار پومزىكى ئاخىرى ئېرىپ تۈگىدى، بارماقلىرىم قىزىرىپ كەتتى، كۆيۈپ قالغاندەك قىزىپ ئاغرىدى، لېكىن مەن خۇش ئىدىم. ئۆزۈمنى قار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالغاندەك سەزدىم. قار سەۋەبلىك ئۆيگە پەقەت ماڭغۇم كەلمىدى. يېنىمدا مېنى ئالدىرىتىدىغان بىرەر ئادەممۇ يوق ئىدى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ ماڭا ئامراقلىق قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان بۈيۈك سىماسى ئۆيگە كىرسەملا غايىب بولاتتى، مېنى قارشى ئالىدىغىنى باشقا بىر دۇنيا ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ مەن مۇشۇ تۇيغۇلار بىلەن ئۇزاقراق بىرگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆيگە ئىلاجى بار كېچىكىپ كىرمەكچىدىم.

مەن قولۇمنىڭ توڭلىشىغا، ئېچىشىپ ئاغرىشىغا قارىماي، قار پومزىكىدىن يەنە بىرنى ياسىدىم. بۇ قېتىم ئۇنى چوقۇم ئېتىشىم كېرەك. كىمگە ئاتىمەن؟ ئەلۋەتتە تەبىئەت دۇنياسىغا. يول بويىدىكى ئاۋۇ دەرەخلەرمۇ قار ئۇچقۇنلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان بولسا كېرەك، قۇللىرىنى كۆككە سوزغىنىچە تىك تۇرۇشماقتا. قار پومزىكىنى ئالدىمدىكى بىرتۈپ دەرەخنىڭ قويۇق شاخلىرىغا قارىتىپ ئاتتىم. قار پومزىكى ئۇۋۇلۇپ، يەنە

بىر تالاي قارغا ئايلىنىپ بېشىمغا چۈشتى. بۇ خۇددى بىر دوستۇمنىڭ ماڭا قايتۇرۇپ قار پومزىكى ئېتىۋاتقىنىدەك تۇيۇلدى. ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە بىرنەچچە قار پومزىكىنى شۇنداق قىلدىم. ئېرىگەن قار سۇيىدىن ئۇستىبېشىم ھۆل بولۇپ كەتتى. ئاخىر ھاردىم، «ئەمدى ئۆيگە قايتاي» دەپ ئويلاپ، يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى، كۆپىنچىلىرى ئىسسىق ماشىنىلىرى بىلەن ئالدىراش ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئىش، غەم جىق بولسا كېرەك، شۇڭا قاردىن ھۇزۇر ئېلىشقىمۇ ۋاقتى يەتمىگەن گەپ. بۈگۈن بۇ قاردىن مەنچىلىك خۇشال بولغان ئادەمنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

ئىشىك ئالدىدا سىرتقا چىقماقچى بولۇۋاتقان ئاپام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ ئۇستىبېشىمغا قاراپ ھەيران بولۇپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ بالىنى ! مەكتەپتىن يېنىپ نەلەردە يۈردۈڭ؟ ئادەمنى شۇنچىۋالامۇ ئەنسىرەتكەن بارمۇ؟!

ئاپامغا قاراپ كۈلۈپلا تۇرۇۋالدىم. كەيپىم چاغ ئىدى، شۇ تاپتا تىل ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ پەرۋا قىلمايتتىم. ئۇنىڭ تىۋىت چاپىنىنىڭ پېشى يۇزۇمگە سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ھامان چوڭ ـ كىچىك لوقمانلارنىڭ پوسمىسى بار تىۋىت تونى يادىمدىن كەچتى. بىلىشىمچە ئۇلار تونىنى قىش ـ ياز سالمىسا كېرەك، بەلكىم ئۇلار ئۇچۇن ھەممە پەسىل ئوخشاشتۇر. ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئىچىدە، تەبىئەت ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشىشى مۇمكىن.

ئاپام ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتىۋارلىق تىۋىت چاپىنىنى ئاسقۇغا ئىلىپ قويىدى. ئاشخانا تەرەپتىن كەچلىك تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۆيدە دادامنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «ئۇ بۈگۈن يەنە كېچىككىدەك» دەپ ئويلىدىم. بىر بەلەن ئومۇملاشقان، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش ئادىتى ھازىر ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. كۆپىنچە ھاللاردا تاماق شىرەسىدىكى دادامنىڭ بوش قالغان ئورنىغا قاراپ بىئارام بولاتتىم، تاماقمۇ ئىشتىھالىق تۈيۈلمايتتى.

— دەرھال كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇر، — دېدى ئاپام خىيالىمنى بۆلۈپ.

مەن بۇنىڭغا ئالدىرىماي، ئاپامغا سىرتنى شەرەتلىدىم.

— قار... قار...

«قار»نى تولۇق تەلەپپۇز قىلغىنىمدىن ئۆزۈممۇ خۇش بولۇپ كەتتىم. ھامان شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى، بىر كۈنلەردە بۇرۇنقىدەكلا راۋان سۆزلەپ كېتەلەيمەن، دەپ ئۈمىد ئىچىدە يۈرەتتىم. گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئاپاممۇ خۇشاللىقىدا بېشىمنى سىيلاپ، ئەركىلىتىپ كەتتى.

— بىلىمەن، سىرتتا قار ياغدى. شۇڭا ئۆيگە تېزرەك قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك ئىدى، سەندىن بەك ئەنسىرىدىم، ئوغلۇم.

بايا قىزىقچىلىقتا پەقەتلا سەزمەپتىمەن، مانا ئەمدى قولۇم ئۈيۈشۈپ قىلىپ ھېچ كارغا كەلمەيۋاتاتتى. كىيىملىرىمنى سالالمايۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن ئاپام ئالدىمغا كېلىپ ماڭا ياردەملەشتى، ئارقىدىن قولۇمنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى.

ــ ئۇھ، نېمىدېگەن سوغۇق، قولۇڭ ئۇششۇپ قالدىمۇ نېمە. راستىلا شۇنداق بولسا...

ئاپام قولۇمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، ئارقىدىن يەنە چاچلىرىغا سۆركىگىلى تۇردى. بارماقلىرىم دەسلەپتە چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى، چىچىغا بىردەم سۆركىگەندىن كېيىن، ئارام بەخش بىر سېزىم بىلەن ئەسلىگە كەلدى. مەن شۇنىڭغىچە كۆزۈمنى ئاپامنىڭ چىرايىدىن ئۈزمەي تىكىلىپ تۇردۇم. ئۇ بىردە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، بىردە نېمىگىدۇر كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. دەيدىغان جىق گەپلەرنى ئويلىدىم، بىراق ئېغىزىمدىن چىقىرىش تەس بولدى، تىلىم ئارقىلىق ئېيتماقچى بولغان ئەڭ چىرايلىق سۆزلىرىمنى ئاپامغا بىلدۈرەلمىگەنلىكىمدىن شۇنچىلىك ئۆكۈندۈم. مەن پەقەت كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. ئاپامنىڭ يەنىلا شۇنداق مېھرىبان، كۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىمدە، ئوتلۇق بىر ھاياجان يۈرىكىمنى تىترەتتى.

ــ بولدى، ــ دېدى ئاپام بىر كەمدە قولۇمنى قويۇۋېتىپ، ــ ئۇششۇپ قالمىغانلا بولسا ھېچ ئىش بولمايدۇ. ئەمدى مەكتەپكە ماڭغاندا پەلەي كىيىۋال جۇمۇ، سوغۇق خېلى چىڭ بولۇۋاتىدۇ.

ئاپامنىڭ بىلىدىن قۇچاقلىدىم، قېنىپ ـ قېنىپ ھىدلىدىم، خۇددى «يېشىل يوپۇرماق»نىڭكىدەك بىر خۇش پۇراق مېنى يايراتتى. ئاپام مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال، شۇنداقلا چىرايلىق بىر تال گۈل. ئاپام گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرسىلا مېنىڭ چېھرىمدىن كۈلكە

ئۆچمەيدۇ. مەن خۇشاللىقنى ئاللىقانداق ئويۇنچۇق ياكى باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئىمتىيازدىن ئەمەس، دادام بىلەن ئاپامدىن، ئائىلىدىكى چىن ئىناقلىقتىن ئىزدەيمەن.

ئاپام چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، مېنى باغرىغا چىڭ باستى. ۋۇجۇدىدا يېنىك تىترەك پەيدا بولدى.

— بىزنى كەچۈر بالام، ساڭا دىگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمىدۇق.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— ئا...ئا...پا...

يۈزۈمگە ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. ئاپام يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ مەنمۇ تۇرالماي قالدىم، ئورۇنسىز رەنجىشلىرىمدىن خىجىل بولدۇم. ئاپام ماڭا ئۆچ بولۇپ قالماپتۇ، پەقەت مەن ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى ھېس قىلالماپتىمەن. مېھىر - مۇھەببەت زادى قانداق رەڭدە؟ مەن يېشىل رەڭنى تاللايمەن. «يېشىل يوپۇرماق» دەل مېھىر - مۇھەببەتكە ئوخشىسا كېرەك.

— كەل بالام، تاماق يەيلى.

ئاپام قولۇمدىن يېتىلەپ تاماق شىرەسىگە ئېلىپ باردى. مەن ئادىتىم بويىچە ئىشىككە قاراپ قويدۇم. دادامدىن شەپە يوق ئىدى.

— بولدى، ئۇنى ساقلىمايلى، — دېدى ئاپام مەقسىتىمنى چۈشىنىپ.

بىز تاماق يېيىشكە كىرىشتۇق، بۈگۈن سوغۇقتا سىرتتا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەچكىمۇ، ئىشتىھايىم بۆلەكچە تېزلىشىپ قالغانىدى. بىردەمدە بىر قاچا سۈيۇقئاشنى قۇرۇقداپ قويدۇم، ئاپام يەنە بىر قاچا ئەپچىقىپ بەردى.

تاماقتىن كېيىن ئاپام قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، مېنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىمگە ياردەملەشتى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىغا خاس چۈشەندۈرۈشلىرى زېھنىمنى ئېچىپ، تاپشۇرۇقنى تېزلا ئىشلەپ بولدۇم. تىلىم تۇتۇلۇش سەۋەبلىك، باشقا دەرسلەردە تازا دېگەندەك ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقان بولسامۇ، بىراق يېقىندىن بېرى ماتېماتىكىدا خېلى ئىلگىرىلەپ قالغاندىم.

ــ ناھايىتى ياخشى، ئوغلۇم. ئەمدىكى ئەدەبىيات دەرسىدە تېخىمۇ تىرىشقىن، ــ دېدى ئاپام مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ــ ئەدەبىيات تولىمۇ تەس پەن، شۇنداقلا مۇھىم پەن. ئۇ بىزگە تۇرمۇشتىن نېمىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ، تەسەۋۋۇرىمىزغا ياردەم قىلىدۇ، بىز ئۇ ئارقىلىق قەلبىمىزنى بايان قىلالايمىز، كېيىنكىلەرگە تارىخ پۈتۈپ قالدۇرالايمىز.

مەن چۈشەنگەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم ۋە ئىشارەتلىرىم ئارقىلىق چوقۇم ياخشى ئوقۇيدىغانلىقىم توغرىسىدا ئاپامغا ۋەدە بەردىم.

ــ مەكتەپكە يالغۇز بېرىپ، يالغۇز كەلسەڭ يولدا قورقامدىكەنسەن؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

ــ ياخشى، ئوغۇل بالا دېگەن يۈرەكلىك بولۇشى كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام بىرھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بۈگۈن ئۇ تېلېۋىزورغىمۇ ئانچە كۆڭۈل قويمايۋاتاتتى، خىيالى سەل چېچىلىپ قالغاندى.

ــ ئوغلۇم، ئەگەر ئائىلە ئىشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش بولسا، سەن قانداق قارايسەن؟

ئاپامنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ غەلىتە سوئالىدىن مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. كۆزلىرىمدىن چىقىپ تۇرغان ھەيرانلىق، بىتاقەتلىكنى كۆرگەن ئاپام چۈشەندۈردى:

— ناۋادا... ناۋادا... داداڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەم، سەن قايسىمىزنىڭ يېنىدا قالىسەن؟

بۇ سوئال ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق سىلكىۋەتتى. قار يومىلىكىدەك سوغۇق بىر تۇيغۇ يۈرىكىمگىچە ئېقىپ باردى. ھېلىمۇ تىلىم تۇتۇلۇپ قاپتىكەن، بولمىسا ۋارقىراپ تاشلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئاپام مېنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىمگە قاراشقا پېتىنالماي، يانغا قاراپ تۇرۇۋالدى. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاجرىشىشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنى ماڭا ئايان. ئاجرىشىش دېمەك بالىلارنى يېتىم قىلىش، گۈلدەك بىر ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىش دېگەنلىك. بۇنى مەن ساۋاقداشلىرىم ئەراپاتنىڭ كەچۈرمىشىدىن بىلگەن. مەن دادامسىز ياكى ئاپامسىز بۇ دۇنيادا ياشاشنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. دادام ئۆيگە كەچ قايتىسىمۇ، ئاپام بىلەن پات - پات تەگىشىپ ئۆيدە جېدەل قوزغىسىمۇ، مەن يەنىلا ئەراپاتتەك كۆڭلىمنى قىلىشنى خالىمايتتىم.

كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن توختىماي بېشىمنى چايقىدىم، چۈشىنىكسىز ئاۋازدا غۇدۇرىدىم، ئاپامنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىپ سىلكىشلىدىم.

— مەن... مەن... مۇنداقلا دەپ قويدۇم، — دېدى ئاپام چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئوغلۇمنىڭ

كىمنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەكچى ئىدىم.
مەن تامىقىمىنى ... ، ماركىت بىلەن ئاپامنىڭ تويلۇق رەسىمىگە تىكىلدىم ۋە قولۇمنى جوپلەپ مەيدەمگە قويدۇم. بۇ مېنىڭ ھەر ئىككىڭلاردىن ئايرىلمايمەن دېگىنىم ئىدى. ئاپام مەقسىتىمنى چۈشەندى.
— بولدى، باشقىچە ئويلاپ كەتمە بالام، بۇ بىر چاقچاق. سېنى تېرىكتۈرۈپ قويدۇم.
ئاپام مەيلى نېمە دەپ چۈشەنچە بەرسۇن، يۈرىكىم بىر مۇزلاپ، بىر سىلكىنىپ توختىغانىدى. شۈڭلاشقىمۇ بىر قارا سايە ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. قىش تالادا ئەمەس، مېنىڭ ئىچىمدە بولۇۋاتقاندەك ئىچىمدىن بىر تىترەك چىقىپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى يول بويىدا لەيلەپ يۈرگەن قار توزانلىرىدەك ھېس قىلدىم. ئۆي ئىچى كۆزلىرىمگە مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى بولغان قارا ئۆڭكۈردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا تۇساتتىن ئۆيىمىزدە بىر تۇپمۇ گۈل يوقلۇقىنى ئويلاپ قالدىم. ئاپام گۈلنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك، «يېشىل يوپۇرماق»نىڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خەيرسىز كۆرۈنۈشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن. دەسلەپتە ئاپامنىڭ ئۆزى بىر گۈل، شۇڭا بۇ ئۆيدە گۈلنىڭ نېمە ھاجىتى دەپ قارىغانىدىم، بىراق ھازىر گۈلسىز ئۆيدە مېھىر — مۇھەببەتمۇ كەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.
— بولدى، دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ كەت، بالام،— دېدى ئاپام بېشىمنى سىلاپ،— داداڭ كەلسە بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرمىگىن يەنە، چۈنكى بۇ چاقچاق.
ئاپامنىڭ بىلىكىمنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. مېنى يەنە

يىغا تۇتتى، ئەمما بۇ قېتىم يىشىمنى چىقارماسلىققا شۇنچە تىرىشتىم. ئاپام ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بوش ئاۋازدا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— خاتىرجەم بول بالام، ئەمدى بۇنداق چاقچاق قىلمايمەن، مېنى كەچۈر. شۇنداق، داداڭ خاپىغان بولۇپ قالدى، خىزمەت بېسىمى ئۇنى چارچىتىۋەتكەن بولغاي... بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر... بىراق سەنمۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغىن، ئۆيگە بالدۇر قايتىپ كەلگىن.

ئاپام ئاخىرقى سۆزلىرىنى مەڭزىمنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى. مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. شۇ چاغدا بىردىنلا بايىقى قار پومزىكى خىيالىمغا كىرىۋالدى. قاردا يەنىمۇ پۇخادىن چىققۇچە بىر ئوينىغۇم بار ئىدى، بىراق بۇنىڭغا ئەمدى پۇرسەت بولمىغۇدەك. مەن ئاپامغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە مەكتەپتىن بالدۇر كېلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك. چوڭلارنىڭ قارىشىچە ئۆي ئەڭ بىخەتەر. بىز ئۆيدە ئولتۇرساقلا ئۇلار خاتىرجەم بولىدۇ. تەبىئەت بىزنى چاقىرىدۇ، ئەمما بىز تەبىئەتنى قوچاقلىيالمايمىز.

## ئون يەتتىنچى باب

# كىمنى تاللايسەن

قىشلىق تەتىل باشلىنىپ بىر ھەپتە ئىچىدە، دادام بىلەن ئاپام ئىككى قېتىم جېدەللىشىپ بولدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ جېدىلى خېلى قاتتىق بولدى، دادام ئۆزىنى تۇتالماي ئاپامنى بىرنەچچە شاپىلاق سېلىۋەتتى. مەن ئۇلار جېدەللەشكىلى تۇرغاندىلا ياتاق ئۆيگە بېكىنىۋالغانىدىم. ئىشىك تاقاق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان پاراڭلىرى ئۇچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شاپىلاق ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇددى تەستەك ماڭا تەگكەندەك يۈزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى، يۈرىكىمگە يىڭنە سانجىلغاندەك قاتتىق ئازابلاندىم. ئاپامنىڭ يىغىسى مېنىڭ ھەربىر تومۇرلىرىمغىچە لەرزىگە سالماقتا ئىدى. يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى ئايرىۋېتىشنى ئويلىدىم. بىراق، نېمە دەيمەن؟ مۇشۇ تاپتا ئاچچىقىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتقان دادام مېنىڭ تىلىمنى چايناشلىرىمغا تاقەت قىلارمۇ؟ تاياق زەربىسىدە ھوش ـ كاللىسىنى يوقاتقان ئاپام، ئېسىنى يىغىپ مېنى باغرىغا بېسىشقا ئىنتىلەرمۇ؟ بۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئەگەر ئۇلار مېنى ئويلىسا، مېنى ئايىسا، مەن مۇشۇنداق قاراپ تۇرغان ھالەتتە بۇ دەرىجىدە جېدەللىشىپ كەتمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هازىر ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئائىلە، بالا دەيدىغان ئۇقۇم يوقالغان ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ داۋاملىق جىددىيلىشىشىنى، ئاپامنىڭ تاياق يېيىشىنى ئاڭلاپ يېتىشىمۇ مەن ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى.

ئۇلارنىڭ جېدەللىدىن شۇنى ئۇقتۇمكى، دادام خىزمەتتە ئازراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان چېغى، ئىدارىسىدىن ئۇنى تۆۋەندىكى بىر مەكتەپكە ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىققا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. دادام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپامنىڭ ياخشى قوللىماسلىقىدىن، ئۇنىڭ ماڭغان - تۇرغان يېرىنى باشقىلاردىن تولا سۈرۈشتۈرۈپ، كىشىلەردە خاتا گۇمان پەيدا قىلغانلىقى سەۋەبلىك جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىغا تەسىر يەتكەنلىكتىن خىزمەت ئىستىقبالىنىڭ نابۇت بولغانلىقى دەپ قارايدىكەن.

ئەمما، ئاپاممۇ بىرتالاي ئورۇنلۇق سۆزلىرى ئارقىلىق دادامنىڭ باھانىلىرىنى رەت قىلغانىدى. دادام بۇ رەددىيەلەرگە چىدىماي ئاپامغا قول سالدى.

… …

— نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق، ئەقلىي قۇۋۋىتىمنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ خىزمەتكە، ئالدىمدىكى نەتىجىلىرىمگە ئاتىۋەتكەنىدىم، — دېدى دادام قاتتىق بوغۇلۇپ، — لېكىن يېنىمدىكى يارامسىز خوتۇن ھەممىنى ۋەيران قىلدى.

— ئۇنداقتا، سېنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى قېيىشىڭغىمۇ مەن سەۋەبچى ئىكەنمەن - دە؟ — دېدى ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ.

— بىر ئۇتۇق قازانغۇچى ئەرنىڭ يېنىدا، بىر لاياقەتلىك ئايال بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن سېنىڭ

مەن بىلەن توختىماي گەپ تالىشىشتىن باشقا، قولۇڭدىن يەنە نېمە ئىش كېلىدۇ؟

— نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى ماۋۇ ئائىلىگە قارىساڭ بىلىسەن.

— بولدى، تويدۇم بۇنداق ئائىلىگە.

— ئەمىسە ئاجرىشايلى.

— ئاجراشساق ئاجراشتۇق، بۇنداق ياشىسام ئاخىرى تۈگىشىپ كەتكۈدەكمەن.

… …

مەن قورقۇنچ، بىئاراملىق، زىيادە غەزەپلىنىش ئىچىدە خۇددى قەھرىتان سوغۇقتا قالغان بالىدەك جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. قار ئويىنىغان ھېلىقى كۈندىن باشلاپ قار ماڭا شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلۇپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما شۇ تاپتا قارنىڭ يېقىملىقلىقىنىمۇ ئۇنتۇغانىدىم. قىشقا بولغان ئۆچمەنلىكىم بىردىنلا كۈچىيىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ تەبىئەتكىلا ئەمەس، بىزنىڭ ئائىلىگىمۇ ئۆزىنىڭ مۇدھىش سوغۇقلۇقىنى باشلاپ كىرگەنىدى. ئىككىسىنىڭ ئېغىزىدىن «ئاجرىشىش» دېگەن قورقۇنچلۇق گەپنى ئاڭلىغان چېغىمدا، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، ھەممە نەرسە قويۇق تۇمان ئىچىگە پاتتى، مەن ئۇچۇن سۆيۈنگۈدەك، ئىنتىلگىدەك ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىشتىنمۇ رايىم ياندى. مەن بۇ ئۆيدە خۇددى مەۋجۇت ئەمەستەك، ئۇلار مېنىڭ بارلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى.

يىغلاپ، يىغلاپ ھاردىم، كۆزلىرىم ئېچىشىپ ئېچىشقىنىمۇ ماجالىم قالمىدى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراش –

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جارقىراشلىرى بارا ـ بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى...

ئىسسىق بىر قولىنىڭ پېشانەمنى سىلىشى بىلەن مۈزلاپ كەتكەن بەدىنىم ئىرىگەندەك بولۇپ، كۆزۈمنى ئاچتىم. ئاپام باش تەرىپىمدە ئولتۇراتتى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا ئاپامنىڭ يۈزىدە قېپقالغان بارماق ئىزىنى خىرەلا ئۇچۇق كۆردۈم. ئۆپكەم ئۆرلەپ مېنى يەنە يىغا تۇتتى. ئادەملەر نېمىشقا بىر ـ بىرىنى ئۇرۇشقا ئامراقتۇ؟ ئېرى ئايالىنى ئۇرسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۇرسا ياكى ئۇرىمەن دەپ قورقۇتسا... يۈرەكتە ئىللىقلىق قانچىلىك قالىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلاپ باقمايدىغاندۇ؟

ئاپام مېنى تارتىپ باغرىغا باستى. چۈشەندىم، ئاپام بۇ ئۆيدە مېنىڭ بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانىكەن.

ــ ئا...ئاپا...

مەن خۇددى سۈت ھىدىنى ئالغان قوزىدەك، ئۇنىڭ باغرىغا چىڭ يېپىشتىم.

ــ مېنى كەچۈر بالام، سېنىڭ ئالدىڭدا جېدەللەشمىسەك بولاتتى، ــ دېدى ئاپام بوغۇق ئاۋازدا. ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنى ئېنىق ئىدى.

ــ سىلەر راستتىنلا...

تىلىم ئەسلىگە كەلدىمۇ ـ قانداق، بۇ سۆز ئاغزىمدىن شۇنچە راۋان ھەم تېز چىقتى، ئەمما ئايىغىنى دېيەلمىدىم. ئاپام ئىتتىك ماڭا قارىدى، ئۇ مېنىڭ راۋان سۆزلىيەلىگەنلىكىمدىن ھەيران بولدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشىنىپ قالغانلىقىمدىن چۆچۈدىمۇ بىلەلمىدىم. مېنىڭ سۆزلىيەلىشىمدىن ھەيران قېلىشنىڭ ئورنى يوق، چۈنكى مەن ئەسلىدىنلا راۋان

سۆزلىيەلەيتتىم، پەقەت تاسادىپىي تىلىم تۇتۇلۇپ قالغان يېرىلا بار، خالاس.

— ئەگەر... ئەگەر دادىڭ بىلەن راستىلا ئاجرىشىپ كەتسەڭ، قايسىمىزنىڭ يېنىدا قالغۇڭ بار، بالام؟

ئاپامنىڭ ئاۋازى يەنىلا بوغۇق چىقتى. مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— مېنىڭ يېتىم بولغۇم يوق.

ئۆزۈم ھېس قىلدىم، بۇرۇنقىدەكلا سۆزلىرىم پۈتۈن – پۈتۈن چىقىۋاتاتتى. ئەمما، مېنىڭمۇ، ئاپامنىڭمۇ كۆڭلى پەرىشان، بۇنىڭغا ئېتىبارىمىز يوق ئىدى.

— ياق، سەن يېتىم بولمايسەن، مەنمۇ، داداڭمۇ بار تۇرسا... بىز پەقەت... بىر ئۆيدە ياشىماسلىقىمىز مۇمكىن... بەزى ئىشلاردىن ساقلانماق تەس ئوخشايدۇ... مەيلى كىمنىڭكىلا يېنىدا بول، ھەممىمىزنىڭ نىيىتى سېنى ياخشى تەربىيەلەش، ساق – سالامەت چوڭ قىلىش... سەن چوقۇم ئىستىقباللىق، بەختلىك بولىسەن...

ئاپام ماڭا قورقۇنچلۇق پاجىئەنى سىلىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئاتا – ئانامنىڭ ھەر ئىككىسى ھايات تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمىسام، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلمىسەم، سىرتلارغا چىقىپ بىللە سەيلە – ساياھەت قىلالمىسام... بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش – ھە !؟ ئاپامغا ئەگەشسەم دادىسىز، دادامغا ئەگەشسەم ئانىسىز ياشايمەن، بۇنى مەن ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمەن. يىلتىزى قومۇرۇلغان گۈل سولماي قالمايدۇ.

ئاپام يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، ئىزىپ

چۈشەندۈردى، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ قانداقلا چۈشەندۈرسۇن، مېنىڭ قارىشىمنى ئۆزگەرتەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ قايسىبىرىدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن «يېتىم» بولۇش يولى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى «يېتىم» قىلىشىغا ھەرگىز قوشۇلمايتتىم.

— ئەگەر خالىساڭ، مەن بىلەن...

— خالىمايمەن، — ئاپامنىڭ سۆزلىرىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتىم، — ئەگەر راستىلا ئاجرىشىپ كەتسەڭلار، ھېچقايسىڭلارنىڭ يېنىدا تۇرمايمەن. بالىسىنى يېتىم قىلغان دادا ياخشى دادا ئەمەس، بالىسىنى يېتىم قىلغان ئانىمۇ ياخشى ئانا ئەمەس.

— ئەمىسە نەدە تۇرىسەن؟ — ئاپام تەئەججۈپلىنىپ سورىدى.

— بېشىم قايغان يەردە، كوچىدا... ئەسكى ئۆيلەردە...

ئاپام كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا قاراپلا قالدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزگىچە ئامراقلىقىمنى بىلەتتى، شۇڭا مېنىڭدىن «سىز بىلەن تۇرىمەن» دېگەن گەپنىڭ چىقىشىغىمۇ ئىشەنگەنىدى. بىراق، مەن ئۇنداق دېمىدىم، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويدۇم. ناۋادا بۇ سوئالنى دادام سوراپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرەتتىم. مەن ئۇلارغا بالىلارنىڭمۇ تاللىشى، ئۆزگىچە چۈشلۈق مەيدانى، دۇنياسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدىم.

## ئون سەككىزىنچى باب

# بوۋام كەلدى

ئەگەر چۈشۈم بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىدى، بىردەملىك كۆڭۈل غەشلىكىدىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالار ئىدىم. بىراق، بىز ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلاردەك تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇش ئالدىدا تۇراتتۇق.

دادام ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەگە بېرىشىنى يا ئاپام، يا مەن سورىيالمايتتۇق. بىز بىر ـ بىرىمىزگە مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدۇق. چۈشكە يېقىن ئىشىك چېكىلدى، دادام قايتىپ كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدىكى كىشى دادام ئەمەس، ساقاللىرىنى قىرو باغلىغان، بېشىغا غەلىتە تۇماق كىيىۋالغان بىر بوۋاي ئىدى. مېنىڭ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرگەن ئاپام ئىتتىك كېلىپ قارىدى.

— ۋۇي، دادا، سىز قانداقلارچە...— ئاپام ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ قولىدىكى سەپەر سومكىسىنى ئالدى،— قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

ئۇ پوللىرى پارقىراپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسىغا پۇت ئېلىپ، سەل ئىككىلىنىپ قالدى. پۇتىدىكى كونا ئاياغ بىلەن بۇ پولغا دەسسەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوڭايسىزلىق ئىلىپ كەلگەندەك تۇراتتى.

— ھېچقىسى يوق، كىرىۋېرىڭ، — دېدى ئاپام ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ.

مەن شۇندىلا بۇ بوۋاينىڭ ئاپامنىڭ دادىسى، يەنى مېنىڭ بوۋام ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. بىز ئۇچراشمىغىلى ئۇزاق بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايى ئېسىمدە غۇۋالىشىپ قالغانىدى.

بوۋام بوسۇغا تۈۋىدە ئايىغىنى سېلىپ، ئاندىن تۆرگە كېلىپ ئولتۇردى. قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئاپامدىن قايتىدىن ھال - ئەھۋال سوراشقا باشلىدى:

— قىزىم، سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ كۈيئوغلۇم بىلەن نەۋرەممۇ ياخشىمۇ؟

— ھەممىسى ياخشى، دادا. ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

ئاپام شۇلارنى دەپلا كۆزىگە ياش ئالدى، ئۇ بوۋامنى سېغىنىپ كەتكەچكە كۆز يېشى قىلدىمۇ ياكى بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغىنىدىن ئازابلىنىۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— سىلەرنى كۆرمىگىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ، — دېدى بوۋام ئاپامنىڭ كۆز يېشىدىن تەسىرلىنىپ، — سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار ئالدىراش بولغاچقا ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتەلمىدىڭلار. بۇ يىل ئەمدى قىشنىڭ بىكارچىلىقىدا مەن بولسامۇ سىلەرنى كۆرۈپ كېلەي دەپ...

بوۋامنىڭ قورۇق قاپلىغان كۆز جىيەكلىرىدە ياش لىغىرلاشقا باشلىدى.

— كەچۈرۈڭ، دادا، سىزنى ۋاقتىدا

يوقلىيالمىدىم... ــ دېدى ئاپام سەل خىجىل بولۇپ.

ــ ئوخشاش،ــ دېدى بوۋام بېشىنى چايقاپ قويۇپ،ــ ئاپىڭىز رەھمەتلىك بولغان بولسا، بۇ كەمگىچە نەچچە قېتىم سىلەرنى يوقلاپ كېلىپ بولاتتۇق. يالغۇزچىلىقتا بىر يەرگە ماڭمىغىنىمۇ تەسكە توختايدىكەن، شۇڭا نەۋرەم مۇشۇنچىلىك بولۇپ كەتكىچىمۇ يوقلىيالمىدىم. ئەتىمالىم، ئۇ مېنى تونۇمىدىغۇ دەيمەن.

ــ نەدىكىنى، بوۋىسىنىمۇ تونۇمايدىغان ئىش بولامدۇ، دادا. كەل ئەدىھەمجان، بوۋاڭ بىلەن سالاملاش.

ئاپام ئىتتىك ماڭا قارىدى، مەن سەل تارتىنىپراق بوۋامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردىم:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ــ بوۋام ئازراق ئۆرە بولۇپ، مېنى ئالدىغا تارتىپ پېشانەمگە سۆيدى،ــ كۆز تەگمىسۇن، شۇنداق چىرايلىق سالاملىشىشنى بىلىدىكەن ئەمەسمۇ بۇ قوزام.

ــ دادا، ئازادە ئولتۇرۇڭ، مەن چىقىپ تاماق قىلاي،ــ دېدى ئاپام بوۋامغا چاي قۇيۇپ بېرىپ.

ــ ماقۇل بالام، ماقۇل. ھە، جاپپارجان بالام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ خىزمىتى بەك ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟ــ دەپ سورىدى بوۋام.

ــ شۇنداق... ئۇ سەل ئالدىراش.

ئاپام بوۋامنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن ئەيمىنىپ، شۇنداق دەپلا ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئاشخانىغا تاماق ئەتكىلى چىقىپ كەتتى.

بوۋامنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز بىر پەيتتە بىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يوقلاپ كېلىشى ئاپامنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى بىراق، ئۇنىڭ كېلىشىدىن مەن بەك خۇش بولدۇم. ئەگەر يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە مەن بىر بوۋامنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپمۇ قالار ئىكەنمەن. ئاپامنىڭ دادىسىنى يوقلاپ تۇرماسلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم. شۇنداق، ئاپام دادىسىنى كۆرمەيمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياشاۋېتىپتۇ، ناۋادا مەنمۇ ئاپام بىلەن دادامدىن ئايرىلىپ قالسام...

— بالام، يىراق سەھرادا مەندەك بىر بوۋاڭنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولغىيدىڭ ـ ھە؟ — دېدى بوۋام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىمنى سىلاپ.

— ئەگەر بۇ قېتىم كەلمىگەن بولسىڭىز ئۇنتۇپ قالاتتىم، — دېدىم راست گېپىمنى ئېيتىپ.

بوۋام پىخىلدە كۈلۈۋەتتى.

— قارىغاندا ماڭا ئاچچىقىڭ بار ئىكەن ـ دە؟

— ياق، ياق، — دېدىم ئالدىراش بېشىمنى چايقاپ، كۆڭلۈمدە بوۋامنى رەنجىتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويغان ئوخشايمەن دەپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. بىراق، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھە، توغرا ئېيتتىسەن بالام، ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەن ئىزدىشىپ تۇرمىسا ياتلىشىپ كېتىدىغان گەپ.

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

— بوۋا، سىزدىن بىر گەپنى سورىسام خاپا بولامسىز؟

— ياق، بالام، سوراۋەر.

— سىزمۇ چوڭ ئانام بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنمۇ؟

بوۋام خۇددى يۈزىگە قار پومزىكى تەگكەندەك چۆچۈپ

كەتتى، ئاندىن كۆزلىرىمگە تىكىلگىنىچە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى.

— ياق، بالام،— دېدى بوۋام، ئۇنىڭ سۆزلىرى خېلىلا ھەسرەتلىك ئىدى،— بىز نېمە دەپ ئاجرىشىپ كەتكۇدەكمىز؟ چوڭ ئاناڭ... چوڭ ئاناڭ... تۇگەپ كەتكەن.

بوۋام شىرە ئۈستىدىكى يالتىراقنىڭ گۈللىرىنى ساناۋاتقاندەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاق ساقاللىرىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— بوۋا، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇم،— دېدىم بىئارام بولۇپ.

— ياق، بالام،— دېدى بوۋام ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ،— مېنى خاپا قىلىپ قويمىدىڭ، ئەكسىچە نۇرغۇن ئىشلارنى سەممىگە سالدىڭ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بەكلا چوڭ بوشلۇق بار ئىكەن. بۇ بوشلۇقنى قانداق تولدۇرۇشنى ئويلىمىسام بولمىغۇدەك. ئىشلارنى قايسىمىز خاتا قىلىۋاتىمىز، بۇنى بىلمىدىم. بىر بولسا مەن خاتا قىلغاندەك تۇرىمەن، ئەۋلادىمغا يەتكۈزۈشكە، بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك جىق ئىشلارنى قىلماپتىمەن.

بوۋامنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ كېتەلمىدىم، مەن پەقەت ئۇنىڭ بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئائىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايتتىم.

— مەن... مەن... يېتىم بالا بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

— نېمە دېدىڭ، بالام؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇگدەۋاتقاندەك بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان بوۋام، ئاقارغان ئۇزۇن قاشلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى.

— سىز... ئۇلارغا دەڭ ئاجرىشىپ كەتمىسۇن.

بوۋام مېنى ئالدىغا تارتتى.

— ئېيتقىنا بالام، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— سىز بىلمەمسىز؟

مەن بوۋام ئۇلارنىڭ خاپىلىشىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ كەلدى دەپلا ئويلاپ قالغانىدىم.

— مەن... مەن نېمىنى بىلەي بالام، بىز كۆرۈشمىگىلى ئۈچ يىل بولغان تۇرسا.

— ئاپام دادام بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى.

بوۋامنىڭ چىرايى بىر قىسىملا ئىدى، ساقىلى توختىماي تىترەيتتى، بىرىدىن ياردەم سورىماقچى بولۇۋاتقاندەك ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارايتتى، كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرسىزلىنىپ، قەددىنى رۇسلىيالماي پۈكلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— دېمەك...

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئۇلارغا دەڭ.

— مېنىڭ كېلىشىم، ھەرگىز بۇنداق ئاقىۋەتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى.

شۇ گەپلەرگە ئۇلگۇرۈپ، ئاپام ئاشخانىدىن بىر چىنە ئۇگرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. بوۋام لاپپىدە قارىۋىدى، ئاپام ئىتتىك كۆزلىرىنى ئەپقاچتى ۋە چاندۇرماي چىنىنى بوۋامنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— قېنى دادا، تاماق يەڭ، ھاردۇق ئېشى قىلدىم، ئۇزۇن يولدىن كەلگۈچە قورسىقىڭىزمۇ ئېچىپ قالغاندۇ.

— قىزىم... سىلەرگە زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى بوۋام ئالدىدىكى ئاشقا قاراپمۇ قويماي.

ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭغان ئاپام جايىدىلا توختاپ قالدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويدى. ئۇ مېنىڭ ئۆيدە بولغان ئىشلارنى بوۋامغا دېگەنلىكىمنى پەرەز قىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى.

— دادا، بولدى سورىماڭ، — ئاپام شۇنداق دەپلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— ئەمىسە مېنىڭ ئارىلىشىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن - دە؟ — دېدى بوۋام ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — بىلىمەن، سىز ئوقۇغان، ئۆزىڭىزنىڭ يولىنى ئۆزىڭىز تېپىپ ماڭالايسىز، مېنىڭ بار يوقلۇقۇم سىزگە ئانچە مۇھىم ئەمەس.

— مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەس دادا، توي ئىشىنى ئۆزۈم تاللىغان، شۇڭا بۇ خاپىلىقتا سىزنى ئارا قىلغۇم يوق.

— بالىلىرى كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسا قاراپ تۇرالايدىغان ئاتا بولامدۇ، قىزىم؟ شۇنچە ئۇزۇن ئىزدىشەلمىدۇق، بۇنىڭدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار. بالا ئىزدىمىسە ئاتا ئىزدىشى كېرەك ئىدىغۇ.

— ئۇنداق دېسىڭىز مەن ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتىنىپ كېتىمەن، بىخۇد ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەققى گېلىمنى بوغىدۇ.

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىڭلارمۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، دادا، — دېدى ئاپام مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — بىر ئوبدان كېتىۋاتاتتۇق، تۇرۇپلا... ھېچ بىلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— جاپپارجان ھازىر قەيەردە؟

— ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن، نەلەردە يۈرگىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي.

— بولدى، دادا، پايدىسى يوق.

— بالىنى ئويلاش كېرەك ـ دە، ئاپىڭىز تۇغەپ كەتكەندىن كېيىن، مەن نېمىشقا بىر ئۆمۈر بويتاق ياشايمەن؟ پەقەت سىلەر ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئۆگەينىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!

— بۇنى چۈشىنىمەن دادا، بىراق ھازىرقىدەك ياشىساق، بۇ تۇرمۇش بالىغا تېخىمۇ پايدىسىز، ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىرى بولىدۇ. جېدەل قۇرۇمىغان ئۆيدە قانداقمۇ بەرىكەت، خۇشاللىق بولسۇن.

— بىراق، بۇ ئىشتا چوقۇم ئەستايىدىل ئويلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن قىزىم، گاھىدا ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئاچچىقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەيدىغان گەپ، بۇمۇ تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى.

— سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، دادا.

— مەن يەنىلا دادىڭىزمۇ؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ.

— ئەمىسە گېپىمنى ئاڭلا.

— دادا...

ئون توققۇزىنچى باب

## دادامنى ساقلاش

بوۋام خېلى كېچىگىچە ساقلىغان بولسىمۇ، دادام قايتىپ كەلمىدى. ئۇ كىرىسلودا تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى، ھەر قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالغان كىچىككىنە نۇر توچكىسىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتەتتى.

— بولدى، دادا، ئەمدى ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئاپام ئۇنى يۆلەپ.

— يەنە بىردەم ساقلاي قىزىم، بۇ ھالەتتە كۆزۈمگىمۇ ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. سىز ھۇجرىڭىزغا كىرىپ ئەدىيەمجاننى ئۇخلىتىپ تۇرۇڭ.

بوۋام ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاپام بىردەم قاراپ بېقىپ، مېنى يېتىلگىنىچە ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ھۇجرامغا كىرگەندە ئاپامنىڭ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى.

ئاپام مېنى كارىۋىتىمدا ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى:

— نەگە بارسىز ئاپا؟ — دېدىم ئۇنىڭ مېنى تىللىمىغىنىغا خۇش بولۇپ، يۇمشاق ئاۋازدا ئەركىلەپ، — مۇشۇ ئۆيدە يېتىڭچۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاپام بارمىقىنى ماڭا قارىتىپ، جىم بولۇش توغرىسىدا ئىشارەت قىلىپ:

— سەن ئۇخلاپ تۇرغىن بالام، مەن بوۋاڭغا بىر دەم ھەمراھ بولاي، ئۇنى ھېلىمۇ بەك ئۇزاق يالغۇز تاشلىۋەتتۇق، — دېدى.

مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئۆزۈمنى ياستۇققا تاشلىدىم.

ئەتىسى ئويغانغىنىمدا تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى. ھۇجرامدىن چىقىپ قارىسام، بوۋام يەنىلا كىرېسلودا چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كېچىدىن بېرى ئۇخلىغان، ئۇخلىمىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئاشخانىدىن ئاپامنىڭ ناشتىلىق تەييارلاۋاتقاندىكى «تاراق - تۇرۇق» ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ چىققاندىن كېيىن، بوۋامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

— تۇردۇڭمۇ بالام؟ — دېدى بوۋام بېشىمنى سىلاپ.

— ھەئە، سىز ئۇخلىمىدىڭىزمۇ، بوۋا؟

— ئۇخلىدىم بالام، لېكىن بەك ئاز، مېنىڭ بىغەم ئۇخلايدىغان چاغلىرىم ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن. ھازىر دۇنيانى بىر مىنۇت بولسىمۇ ئارتۇقراق كۆرۈپ تۇرسام دەيمەن، شۇڭا جىق ئۇخلىغۇم يوق، — دېدى بوۋام كۈلۈپ تۇرۇپ.

— دادام كەلمىدىمۇ؟

— كەلمىدى.

دادام بىزنى تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ سەل قورقتۇم. راستتىنلا شۇنداق بولسا، بوۋاممۇ ئۇنىڭغا

تەربىيە قىلالمايتتى، مەنمۇ يېتىم بولۇپ قالاتتىم.

ئاپام ناشتىلىقنى شىرەگە قويۇۋاتقاندا، نېمىشقىكىن تاماق يېيىشكە تازا رايىم يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئىلگىرىكى ئىشتىھايىم نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىش ئىدى. مەن بۇلارنى قانداق ئۇنتۇشنى بىلمەيتتىم، باشتا دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشنىمۇ خالىمايتتىم. ئۇلارغا بولغان باتناش، نارازىلىقىم كۆڭلۈمدە يېڭى بىر ئاغرىنىشنى پەيدا قىلماقتا ئىدى.

— دادا، تاماققا بېقىڭ، — دېدى ئاپام.

— جاپپارجان قايتىپ كەلمەسمۇ؟ — دېدى بوۋام خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— بىلمىدىم، دادا، بولدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلماي تاماق يەيلى.

— بۇ كىچىك ئىش ئەمەس بالام، — بوۋام بىر ئىشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك دېلىغۇل كۆرۈنەتتى، — تۇرمۇشقا ئۇنداق بىپەرۋا قارىساڭلار بولمايدۇ. ئادەم ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

— بىلىمەن، دادا، لېكىن...

— مەن جاپپارجان بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي، ئۇنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇ.

ئاپامنىڭ كۆزلىرىدە يەنە ياش لىغىرلىدى.

— بۇ ئائىلىدىن كۆڭلى سوۋۇغان ئادەم ئەسلىي شۇ، دادا. مەن كۆپ تىرىشتىم، پايدىسى بولمىدى. سىز ئىشلارنى مەندىن كۆرۈۋاتقان ئوخشايسىز، ئۇ ئاجرىشىمىز دەپ تۇرۇۋالسا مەندە نېمە ئامال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ شۇڭا جاپپارجان بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي دەۋاتىمەن.

ــ كۆڭلىڭىز، بىراق پايدىسى يوقلۇقىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز.

ئويلىمىغان يەردىن ئىككىيلەن گەپ تالىشىۋاتقان شۇ پەيتتە، ئىشىك ئېچىلىپ دادام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چاچلىرى سەل قالايمىقانلىشىپ قالغانىدى، چىرايىدىن ھېلىھەم خاپىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇۋامنى كۆرگەندىن كېيىن، دادام خۇددى بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قالغان ئادەمدەك سەل تېڭىرقاپ قالدى ـ يۇ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، قولىدىكى سومكىنى پول ئۈستىگىلا تاشلاپ، ئىتتىك كېلىپ بوۋام بىلەن كۆرۈشتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جاپپارجان بالام.

ــ سالامەت تۇرۇپتىلا، كېلىدىغانلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق، بىلگەن بولساق ئالدىلىرىغا چىقاتتۇق.

ــ خۇداغا شۈكۈر بالام، سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ...

ــ ياخشى بوپتۇ، ياخشى بوپتۇ، قېنى...قېنى دادا ئولتۇرسىلا.

ــ سىزمۇ كېلىڭ، بالام.

ئۇلار كىرىشلىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. ئاپام بىر چەتتە تۇرۇپ، دادامغا ھەيران قېلىشۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى. يەنە بىر ـ ئىككى ئېغىز ئەھۋال سورىشىشتىن كېيىن، دادام داستىخاندىكى ناشتىلىقنى قاراپ ئاپامغا كايىدى:

ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز رىسالەت؟ دادام ئاران بىر



كەلگەندە مۇشۇنداق تايىنى يوق نەرسىلەرنى داستىخانغا قويۇپ ئولتۇردىڭىزمۇ؟ ماڭا تېلېفون قىلسىڭىز كوچىدىن بىرەر نەرسە ئالغاچ كەلمەمتىم.

ئاپام ئۈندىمىدى. دادام بوۋامنى ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، ئۆزىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ئارقىلىق، بۇ ئائىلىدىكى نورمالسىزلىقنى چاندۇرماسلىقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بولدى، بالام، بىز يا يات ئادەملەردىن بولمىساق، ئۆيدە نېمە بولسا شۇنى تەڭ يېگۈلۈك، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، — دېدى بوۋام، ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ قالغانىدى.

— شۇنداقتىمۇ... سىلى بىزنىڭ ئاتىمىز بولۇپلا قالماي، يەنە ئەزىز مېھمىنىمىز.

— رەھمەت، بالام، ئەڭ مۇھىمى ئائىلىنىڭ تىنچلىقى، سىلەر ياخشى ئۆتسەڭلارلا ماڭا شۇ كۇپايە.

دادام جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن يەر تېگىدىن ئاپامغا قاراپ قويدى، ئاپام بېشىنى سالغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى.

— بىزنى كەچۈرسىلە دادا، خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن سىلىنى ۋاقتىدا يوقلىيالمىدۇق، — دېدى دادام چىرايى سەل بىر قىسما بولۇپ.

— ھېچقىسى يوق، سالامەت بولساق، مۇشۇنداق ئۇزاقتىراق بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرغىلى بولىدىكەن، — دېدىم بوۋام.

شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىرھازاغىچە ئۇلار قىلىدىغان گېپى تۈگەپ قالغاندەك، ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

— مەن... مەن بىر گەپنى ئاڭلايمەنغۇ، بالام؟ — دېدى بوۋام بىركەمدە دادامغا يۈزلىنىپ.

— ھېچ ئىش يوق، دادا، — دېدى دادام ۋىللىدە قىزىرىپ، — شۇ... رىسالەت بىلەن ئازراقلا تەگىشىپ قالغانىدۇق.

— ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى، لېكىن شەيتاننىڭ پەيلىگە كىرىپ، بالىنى يېتىم قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، رىسالەتنىڭ ئاچچىقى يانسىلا...

— تۇرمۇشتا سەن - پەن دېيىشمەيمەن دېگىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۇنى جايىدا ھەل قىلىپ ماڭسىلا، چوڭ خاپىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

— چۈشەندىم، دادا.

دادام ھازىر تولىمۇ رايىش بىر بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەن خېلىلا يەڭگىللەپ قالدىم. مۇشۇ كۈنلەردىكى تەشۋىش، ئازابلارنىڭ بىردەمدىلا ھەل بولۇپ كەتكىنىنى ئويلاپ، بوۋامغا بولغان ھۆرمىتىم، قايىللىقىم ئېشىپ بارماقتا ئىدى. بوۋامىغۇ: «مانا، ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق ئىكەنغۇ، ئازراقلا ئاچچىقنى يېڭەلمەي مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ قالغان بارمۇ؟!» دەۋاتقاندەك، ئاپامغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن باللىرىم، — دېدى بوۋام گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۇ خېلى خۇشخۇيلىشىپ، كۆزلىرىمۇ نۇرلىنىپ قالغانىدى، — ھازىر سىلەرنىڭمۇ تەتىللىك ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقتىڭلار ئىكەن، نەۋرەم ئەدىھەمجاننى سەھراغا ئاپىرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ

كېلەي، ئاڭغىچە ئىككىڭلار ئۇبدان بىر پاراڭلىشىپ، ئوتتۇرىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تۈگىتىڭلار.

— دادا، بولدى ئاۋارە بولماڭ، سوغۇقتا قىينىلىپ قالمىسىز، — دېدى ئاپام ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— ئەدىھەمجاندىن غەم قىلماڭ، ئۇنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، ئۇ مېنىڭ نەۋرەم، مەنمۇ ئۇنىڭغا خۇددى سىلەر كۆيۈنگەندەكلا كۆيۈنىمەن. ئۇ يۇرتقا بېرىپ، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن ياخشىراق تونۇشۇۋالمىسا، كېيىن سىلەر تۈغقانلار بىلەن ياتلىشىپ كەتكۈدەكسىلەر. ئەدىھەمجان ھەتتا مېنىمۇ تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى.

— مەيلى، — دېدى ئاپام بوۋامنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، — جاپپار بىرنېمە دېسۇن.

دادام ئاپامغا غەلىتە بىر تەرزدە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ھەممىمىز دادامنىڭ بالىلىرى، ئۇنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىمىز، — دېدى دادام.

دادامنىڭ كەيپىياتىدىن ئائىلىمىزدە ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئىدى. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى! بۇرۇنقىدەكلا بىر داستىخاندا كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ تاماق يېسەك، دادامنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرسا، ئاپام ئەتىرگۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ ئۆيىمىزنى خۇش ھىدقا تولدۇرسا، ئائىلىمىزدە جېدەل - ماجىرا ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ تىنۋىشى پىچىرلىسا، كۆڭلىرىمىز گۈزەل باھار ئايلىرىدەك خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتسە...

مەن شېرىن خىيال ئىلكىدە يەنە سەھرانىمۇ ئويلىدىم. دادام بىلەن ئاپامدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم

قىيىمىسىمۇ، يېڭى بىر مۇھىتقا بولغان قىزىقىش مېنى چوقۇم سەھراغا بېرىشقا ئۈندەۋاتاتتى. بۇ جەرياندا بوۋام بىلەن تېخىمۇ كۆپ سىردىشىۋالاتتىم، بولۇپمۇ قوينى كەڭ سەھرا دالىسىدا تەبىئەت بىلەن يېقىنلىشىپ، كۆڭلۈمدىكى غەم - غۇسسىلىرىمنى ئۇنىڭغا تۆكەتتىم، سەبىي تۇيغۇلىرىمنى ئورتاقلىشاتتىم، بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتكەن كاللامنى ئارام ئالدۇرۇۋالاتتىم.

— قانداق بالام، مەن بىلەن سەھراغا بېرىشنى خالامسەن؟ — دېدى بوۋام خۇددى ئويلاۋاتقانلىرىمنى بىلىۋالغاندەك، بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ.

— خالايمەن، — دېدىم مەنمۇ كەسكىنلا.

www.ughurtitap.com

## يىگىرمىنچى باب

# سەھراغا سەپەر

ئاپام تازا خالاپ كەتمىسىمۇ، بوۋامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ مېنىڭ سەھراغا بېرىشىمغا قوشۇلغانىدى، شۇڭا بۇ بىرنەچچە كۈندە دېگەندەك ئىچىلىپ كېتەلمىدى. مېنىڭ سەپەر تەييارلىقىمنى گويا بىرىنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا قىلىۋاتقاندەك سولغۇن، ئىلاجسىز كەيپىيات ئىچىدە قىلىۋاتاتتى. دادامدا بولسا گەپ يوق، بۇ ئىشنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى سۈپىتىدە بازاردىن سوۋغا ــ سالاملىق نەرسىلەرنى ئېلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى خاپىلىقنى ئۇنتۇپ، خۇشاللىق نۇرىغا چۆمۈلۈش ئالدىدا تۇراتتۇق.

ئاخىرى تەييارلىقىمىزمۇ پۈتتى. دادام ئەتە ئەتىگەن ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى سېتىۋېلىپ كەلدى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشىم بولغاچقا، بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. سەھرادىكى كۈنلىرىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئاجايىپ خىياللارغا چۆمەتتىم.

ــ قىزىم، ــ دېدى بوۋام ئاپامنى يېنىغا تارتىپ، دادام تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندە، ــ مەن كۆپ

ئوقۇمىغان تومتاق بىر ئادەم، گەپلىرىم سىزگە جىق ئەرزىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن يەنىلا نەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ، ھەرقانچە چوڭ ئادەم بولۇپ كەتسەممۇ ئالدىڭىزدا يەنىلا بىر بالىمەن. گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، دادا،— دېدى ئاپام.

— بىر ئائىلىدە ئايال كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى تولىمۇ ئېغىر، ئۇ يالغۇز ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولغان يولدىشىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك. تالادا بىر كىشىلىك ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، ئائىلىدە نەچچە كىشىلىك ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلىمۇ كۆپ بولىدۇ. سىزنىڭ جاپا تارتىۋاتقىنىڭىزنىمۇ بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىشىڭىزنى، ئائىلە ئۇچۇن بەرداشلىق بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا قەتئىي بەرداشلىق بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ماقۇل، دادا،— دېدى ئاپام بېشىنى لىڭشىتىپ،— سىز خاتىرجەم بولۇڭ.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بوۋام ئۆتكەن ئىشلار ۋە سەھرا توغرۇلۇق خېلى كەچكىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى ھەممەيلەننى كۈلدۈرسە، يەنە بەزى گەپلىرى ئاپام، دادامنى ئويلاندۇرۇپ قوياتتى. گەرچە مەن بوۋامنىڭ مەنىلىك قىلغان سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىسەممۇ، ئەمما ئاپام ـ دادامغا تەسىر قىلغۇدەك نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ دەپ چۈشەندىم.

ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىپ تۈن يېرىم بولغاندا ئاندىن ئۇخلاشقا ياتتۇق. كۆزۈمنى شۇنچە چىڭ يۇمۇپ ياتساممۇ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. بىر كەمدە ئاپام كىرىپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى، ئاندىن يېنىمدا قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ تىنىقلىرى هارارەتلىك ئىدى، خۇددى بىر دەستە گۈلنى پۇراپ ئولتۇرغاندەك قانماي ـ قانماي پۇرىدىم. زادىلا كۆزۈمنى ئاچقۇم كەلمىدى، كۆزۈمنى ئاچساملا بۇ بەختلىك مىنۇتلار غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك قورقاتتىم. ئاپام مېنى ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغاندى. مەنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق ئويلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇنداق بولغاندا، ئاپامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن ئۇن ـ تىنسىز يېتىپ بەھرىمەن بولاتتىم. بۇ ھەم شېرىن چۈشكە، ھەم خۇشاللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئوخشايتتى. ئاپام ماڭا قىيالمايۋاتىدۇ دەپلا ئويلىدىم. دېمىسىمۇ هازىرغىچە مەن ئاپامدىن ئايرىلمايلا ياشاپ كەلدىم، شۇڭا هازىر ئاپاملا ئەمەس، مەنمۇ ئايرىلىشقا قىيماي تۇراتتىم، ھەتتا تۇيۇقسىز بۇ سەپەردىن يالتىيىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ قالدىم.

ئىشىك بوش غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئاپام بېشىنى كۆتۈردى، لېكىن چىراغنى ياندۇرمىدى.

ــ ئەدىھەم ئۇخلىدىمۇ؟

بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى. كۆڭلۈمدە، دادام مېنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىمنى بەربات قىلىۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. ئاپام چىقىپ كەتسىلا مەن يەنە يالغۇز ۋە تەشۋىش ئىچىدە بۇ كېچىنى داۋاملاشتۇراتتىم.

ــ ئۇخلىدى، ــ دېدى ئاپام ماڭا يېقىنراق سۈرۈلۈپ، ــ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن دادامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئەتە دادامنى يولغا سېلىۋېتىپلا دېيىشكەن ئىشنىڭ يولىنى ماڭلى.

ئاپامنى سەل تىترەك باسقانلىقىنى سەزدىم، ئۇ دادامغا غەزەپلىنىۋاتامدۇ ياكى بىر ئىشتىن قورقۇۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ئىككى كۈندىن بېرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇراتتىڭىزغۇ...

— بۇمۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلغانلىقىم، دادامنىڭ ئالدىدا سەت تۇرمىسۇن دېدىم شۇ.

— راستلا ئاجرىشىپ كېتىمىزمۇ؟

— سىزچىچۇ؟

ئاپام ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۇندىمىدى.

— ئەسلى ئەدىھەمنى سەھراغا بارغۇزغۇم يوق ئىدى، لېكىن بۇ ئىشلارنى ئۇ ئۇقمايلا قالسۇن دېدىم. بالا كەلگۈچە ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىپ بولىدۇ.

— بەك توغرا ئويلاپسىز، سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ.

— ھىم، ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

— ماڭا «خوش خەۋەر» يەتكۈزگىنىڭىزگە رەھمەت.

ئىشىك يەنە «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، يېپىلدى. ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. ئاپام تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى.

مەن دادامنىڭ بۇ دەرىجىدە ھىيلىگەرلىكىنى ئويلىمىغانىدىم. ئۇ پەقەت بوۋامنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، مېنى سەھراغا يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈنلا ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئويۇن ئوينىغانىكەن.

مەن كىمدىن رەنجىشىنىمۇ بىلمەيلا قالدىم. بوۋام بىلەن سەھراغا بېرىشىم توغرا قاراش بولغانىكەن، بۇ ئىش ماڭا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى ئاتا قىلاتتى. خۇددى دادام ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىنى كۆرمەي، ئاڭلىماي قالغىنىم ياخشى بولغۇدەك.

مەن ئازاب ئىچىدە يالغان ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ئەتىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سەپەرگە جابدۇندۇم، بوۋام ئالللىقاچان تەخ بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ يەنە دادامنىڭ ئاخشام ئېيتقان گەپلىرىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ھەدەپ ئاپام بىلەن ياخشى ئۆتۈش توغرىسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋاتاتتى. دادام ئۇنىڭ گەپلىرىنى شۇنداق ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. تۇرۇپلا بوۋامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخمەق قىلىنىۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمەيتتى. ئەگەر يەنە بىردەم قاراپ تۇرسام ئاچچىقىمدا بىرنەرسە دەپ سېلىشىم ئېنىق، شۇڭا بوۋامنىڭ پېشىنى تارتتىم.

— بولدى، بوۋا، بىز ماڭايلى.

— ماقۇل، بالام، داداڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي.

ئاپام پەقەت ئۇنىسىز كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېمىگە كۆز يېشى قىلغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش مېنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئىدى.

دادام بىلەن ئاپام تاكسى توسۇپ، بىزنى بېكەتكە ئەكېلىپ يولغا سېلىپ قويدى. قارىماققا ئۇلار تولىمۇ ئىناق بىرجۈپ ئەر ـ خوتۇنغا ئوخشايتتى، بىراق بىز

كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئىككى يولغا قاراپ ماڭاتتى.

— ئەمسە ئىشلار مەن دېگەندەك بولسۇن، — دېدى بوۋام، ئاپتوبۇسقا چىقىش ئالدىدا دادام بىلەن ئاپامغا قاراپ، — بىر - بىرىڭلارنى قەدىرلەپ، ئىناق ئۆتۈڭلار.

— خاتىرجەم بولسىلا دادا، — دېدى دادام خۇشال كەيپىياتتا.

— دادا، خوش، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دېدى ئاپام يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ.

بىز چىقىپ ھايالشمايلا، ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالدى. شۇ چاغدا غەلىتە بىر سېزىم مېنى ئارقامغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن يول بويىدا بىزگە قاراپ تۇرغان دادام بىلەن ئاپامغا قارىدىم. ئىككىسى بىر - بىرىگە يېقىن تۇراتتى. ئۇلار خۇددى مېنى ئالداپ، يالغاندىن ئاجراشماقچى بولغاندەكلا بىلىندى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم، بىرخىل غېرىبسىنىش، بىئاراملىق مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالماقتا ئىدى ...

ئاپتوبۇس ئالغا قاراپ چاپتى. مۇشۇ چېپىشتا ئۇنىڭ توختىماي بىر كۈن چاپىدىغانلىقىنى بىلمىگەنىدىم، پەقەت زېرىكىشلىك، تولىمۇ ئۇزۇن بىر مۇساپىنى بېسىپ تۈگەتكەندىلا، بۇ يولنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

يوپۇرماقسىز دەرەخلەر دۈگدىيىپ تۇرغان سەھراغا كەلگىنىمىزدە، مېنىڭ تۇنجى ھېس قىلغىنىم جىمجىتلىق، لېكىن تولىمۇ ئازادە بىر مۇھىت بولدى. مەن يات - چۇشۇمدە كۆرىدىغان قاپقارا قاغىلار قاياققىدۇر ئۇچۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. توپا ئۆرلەپ تۇرغان

زېمىندا گۆگۈم پەردىسى ئاستا ـ ئاستا يېيىلماقتا ئىدى. بۇ پەردە قار ياغمىسا كېرەك، خىيالىمدىكى ئاق لىباستىن تون كىيگەن دالىدىن ئەسەرمۇ يوق، ئەمما تەننى جۇغىلدىتىدىغان سوغۇق شەھەردىكىگە ئوخشاشلا ئىدى. نە ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرىنى، نە ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئاڭلانمايتتى. سەھرا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تىنچ ماكان ئىكەن.

تاملىرى ئاپپاق ئاقارتىلغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بوۋام گېلىنى قىرىپ قويۇپ توۋلىدى:

— پازىلجان، هوي پازىلجان!

ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بوۋام ماڭا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ھەي، بۇ بالا ئۆينى تاشلاپ كېتىپتۇ ـ دە.

مەن سەل ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— بوۋا، پازىلجان دېگەن كىم؟

بوۋام كۈلۈپ قويدى.

— قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، مەن كەلگۈچە ئۆيگە قاراپ قويىدىغان بولغان. ياش بالىلا دېگەننىغۇ بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ زادى.

بوۋام دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى تامنىڭ تۆشۈكىنى مالتىلاپ يۈرۈپ، ئۇ يەردىن بىرنەچچە تال ئاچقۇچنى ئالدى. بىز ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردۇق. بوۋام تىمىسقىلاپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇردى. ئۆي ئىچىدىن مۇز ياغاتتى.

— نېمىدېگەن سوغۇق، — دېدىم تىترەپ.

— بىردەم چىدا ئوغلۇم، — دېدى بوۋام، — مەشكە ئوت ياقسام، ئۆي ھازىرلا ئىسسىپ كېتىدۇ.

بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى سۇپىغا قويدۇق. بۇ ئۆي ماڭا دېگەندەك يېقىملىق تەسىر بەرمىدى، گەرچە رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۆلۈك ـ بۇلۇڭلىرىدىن قانداقتۇر غەيرىي پۇراق كېلىپ تۇراتتى. مەن بارغانچە توڭۇپ كېتىۋاتاتتىم، تۈگۈلگىنىمچە بوۋامنىڭ مەشكە ئوت قالاش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئالدىراش ئىشلىرىغا قىزىقسىنىش ئىچىدە قاراپ تۇردۇم. ئۇ مەشكە ئۇششاق پارچىلانغان ئوتۇننى رەتلىك كىرىشتۇرۇپ تىزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پارقىراپ تۇرغان مۇشتۇمدەك كۆمۈر پارچىلىرىنى تىزىپ، مەشنىڭ پىلتىسىنى ياپتى، ئاندىن بىر پارچە قەغەزگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، مەشنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئېغىزىدىن سېلىۋەتتى. ئوتۇنلار پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى، ئارقىدىنلا مەشنىڭ ھەممە يېرىدىن پۇرقىراپ ئاق ئىس كۆتۈرۈلدى.

— ھازىرلا ئوڭشىلىدۇ، — دېدى بوۋام مېنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەندەك ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ.

دېگەندەك ئىس بارا ـ بارا ئازلاپ مەش ئىچىدە يەنە يالقۇن كۆرۈندى. ئوت ئاخىرى گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى، مەشمۇ بىردەمدە چوغدەك قىزىرىپ كەتتى. مەشتىكى ئوتقا ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ قالدىم. ئوتنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئىمىر ـ چىمىر نەرسىلەر مىدىرلىشىپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئوت ئادەمگە ئىسسىقلىق بېرىپلا قالماي، يەنە تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىكەن.

— چاپىنىڭنى سېلىۋېتىپ، ئازادە ئولتۇر بالام، — دېدى بوۋام.

مەن تېخى تولۇق ئىسسىپ بولالمىغانىدىم، شۇڭا چاپىنىمنى سېلىشقا ئالدىراپ كەتمىدىم. مەن يېقىملىق شولا تارقىتىپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشتىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيۋاتاتتىم.

— قانداق، بالام، سەھرا بولامدىكەن.

مەن گەپ قىلمايلا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەشكە يېقىنراق كەل بالام. سەھرا دېگەندە مۇشۇنداق مەشكە ئوت قالاپ ئۆينى ئىسسىتىدىغان گەپ. غەلىتە كۆرۈنەمدىكەن؟

— ھەئە.

مەن قولۇمنى مەشكە ئۇزاتتىم.

— دىققەت قىل بالام، — دېدى بوۋام قولۇمنى توسۇپ، — بەك يېقىن قىلىۋالما، كۆيدۈرۈۋالىسەن.

مۇشۇ تاپتا مەشتىكى ئوت ماڭا كۆيدۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى پورەك - پورەك ئېچىلىپ كەتكەن گۈل بەرگىلىرىنى ئەسلەتمەكتە ئىدى. يەنە ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاللىقانداق بىرنەرسىلەر ئۆمىلەپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قارىغانسېرى كۆزلىرىم ئالا چەكمەن بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق يالقۇنجاۋاتقان چوغلارنى تۇتقۇم كېلەتتى.

ئۆيمۇ ئاستا - ئاستا ئىللىدى، مەن مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدىم. ماڭا سەپەرنىڭ ھاردۇقى يەتكەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بولۇۋاتقان ئىشلاردىن يەتكەن روھى ھاردۇق، مېنى خېلىلا چارچىتىپ قويغانىدى.

بوۋام سۇپىنىڭ بىر بېشىغا قويۇلغان ئىشكاپ ئۈستىدىن يوتقان - كۆرپىلەرنى ئېلىپ، ماڭا ئورۇن راسلىدى.

— ئورنۇڭغا كىرىپ ئۇخلىغىن، بالام،— دېدى بوۋام مېنى يۆلەپ.

— سىز... سىزچۇ، بوۋا؟— دېدىم ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— مەن بىردەم ئوتقا قاراپ ئولتۇراي، يەنە ئازراق كۆمۈر سېلىپ قويمىسام تاڭ ئاتقۇچە ئۆچۈپ قالمىسۇن. سەن ئۇخلىغاچ تۇرغىن، بالام.

بېرىپ يوتقاننى ئاچتىم، يوتقان قولۇمغا مۇزدەك ئۇرۇلۇۋېدى، ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدىم.

— سوغۇقمىكەن؟— دېدى بوۋام مېنىڭ يوتقاننى تۇتۇپ بېقىپ تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ.

— ھە، سوغۇق ئىكەن.

بوۋام پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى.

— مېنى كەچۈر بالام، ئۆزۈمنىڭ پەدىسىگە ئىش قىلىپتىمەن. بىزغۇ ئىسسىق - سوغۇققا كۆنۈپ كەتكەن، لېكىن سېنى بۇنداق سوغۇق يوتقانغا سولىغىلى بولامدۇ. بايا بۇنى ئويلىماپتىمەن. كەل بالام، قۇچىقىمدا ياتقىن.

— ياق.

— نېمىشقا؟

— چوپچوڭ تۇرۇپ قۇچىقىڭىزدا ياتسام قانداق بولىدۇ؟

گېپىمنى ئاڭلاپ بوۋام كۈلۈپ كەتتى. مەشتىكى ئوتنىڭ شولىسى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ روشەنلىشىپ كەتكەنىدى.

— مەن ئاپاڭنىمۇ مۇشۇنداق قۇچىقىمدا ئۇخلىتىپ

چوڭ قىلغان، بالام، ــ دېدى بوۋام ئۆھ تارتىپ قويۇپ، ــ كەل، تارتىنما.

مەن ئاستا كېلىپ بوۋامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاپامنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل پۇراقنى ھېس قىلدىم. ئاپام يادىمغا يېتىشىگە، كۆڭلۈم يەنە بۇزۇلدى. بەلكىم بۇ كەمگىچە دادام بىلەن ئىككىسى ئاجرىشىپ بولغاندۇ، مەن ئەمدى يېتىم بالىغا ئايلاندىم، ئوتتۇرىدا قېلىپ، يا دادامغا، يا ئاپامغا قولۇم يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كوچىدا سەرسان بولۇپ يۈرىمەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دادام كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىپ، شۇ ماشىنىسى بىلەن يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويىدۇ، تونۇمايدۇ. مەن ئەلەم بىلەن لېۋىمنى چىشلەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لەنەتلىك كۆزلىرىم بىلەن قاراپ قالىمەن. ئاپاممۇ يېنىمدىن ئۆتكەندە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويىدۇ، ماڭا پەرۋا قىلماستىن كېتىپ قالىدۇ. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش - ھە؟!

ــ بالام، يىغلاۋاتامسەن؟ ــ بوۋام ئېڭىشىپ يۈزلىرىمنى سىيلىدى، ــ سېنى قىيناپ قويدۇم، مېنى كەچۈر.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

ــ ئاپامنى سېغىندىم.

ــ ھە، شۇنداقمۇ؟ بىرنەچچە كۈن دېگەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆزۈم سېنى ئاپاڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىمەن.

بوۋام خۇددى كىچىك بالىنى ئەللەيلەتكەندەك، مېنى

قۇچىقىدا تەۋرىنىشكە باشلىدى. بوۋامنىڭ بۇ قۇچىقىدا ئاپام ياتقان، ئاپامنىڭ ھىدى سىڭگەن، ئەمدى مەن بۇ ئىللىق قۇچاقتا ئەللەيلىنىۋاتىمەن. مەن دادام بىلەن ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن سىيرىلىپ بوۋامنىڭ قۇچىقىغا چۈشتۇم...

— بولدى، يىغلىما بالام، — دېدى بوۋام مېنى پەپىلەپ، — ئوغۇل بالا دېگەن چىدامچان بولۇش كېرەك، ياش تۆكۈش ئوغۇل بالىغا ياراشمايدۇ.

مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۇم.

— بۇ ئۆيدە سىز يالغۇز تۇرامسىز؟ — دېدىم ئۇنىڭ تەنھا ياشىشىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالماي.

— ياق، — دېدى بوۋام، ئۇ مېنىڭ ياش تۆكۈشتىن توختاپ، ئۆزى بىلەن پاراڭلاشقانلىقىمدىن خۇش بولدى، — سېنىڭ بىر ئەۋرە ئاكاڭ ماڭا ھەمراھ بولىدۇ.

— ئەۋرە؟ بۇ قانداق ئىسىم بوۋا؟

— مېنىڭ بىر قورساق ئىنىم ناسىراخۇننىڭ نەۋرىسى، تۇغقاندارچىلىق تەرتىپى بويىچە سېنىڭ ئەۋرە ئاكاڭ ھېسابلىنىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، ئۇ ھازىر يوقمۇ؟

— ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتكەن، نەچچە كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ.

— ھە...

بوۋام مېنى توختىماي تەۋرەتمەكتە ئىدى. دېمەكچى بولغان گېپىمنىڭ ئاخىرى ئاغزىمدىن چىقتىمۇ چىقمىدى بىلمىدىم، تولىمۇ شېرىن بىر ئۇيقۇ مېنى باغرىغا تارتماقتا ئىدى، ئۆزۈمنى ئاستا - ئاستا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## سەھەرادا سەھەر

— قۇ - قۇ - قۇق !...

ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلانغان تولىمۇ سۈزۈك بۇ ئاۋاز، مېنى شېرىن چۈش قوينىدىن تارتىپ چىقتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا، ھورداشقان دېرىزە ئەينەكلىرىدە قىشنىڭ سۇس ئاپتىپى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بوۋام ئاخشام ئولتۇرغان جايىدا مەشتىكى ئوتقا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مېنى قاچانلاردا ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قويغىنىنى بىلمىدىم.

— بوۋا، خوراز چىللىدى ھە؟ — دېدىم ھاياجانلىنىپ. گەرچە كىنو، تېلېۋىزورلاردا خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ھەقىقىي ئاۋازنى ئاڭلىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى.

— ھەئە، — دېدى بوۋام كۈلۈپ، — لېكىن ساڭا ئوخشاش ۋاقچە ئۇخلاپ قالغان خوراز چىللاۋاتىدۇ.

— ئەمىسە تۇرۇپ كېتەي.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ھاردۇقۇم خېلى چىقىپ قالغانىدى. يۈزۈمنى يۇيۇش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيى ئىزدەپ ئىككى ئىشىككە دوقۇرۇپ چىقتىم.

— نېمە ئىزدەۋاتىسەن بالام؟ — دېدى بوۋام.

— يۇزۇمنى يۇياي دەپ...

— ھوي راست، — دېدى بوۋام پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ، — ساڭا ئېيتىپ قويىمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن بالام، بۇ دېگەن سەھرا، سىلەرنىڭ ئائىلىدەك زامانىۋى تازىلىق ئۆيى يوق، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەلەي چۆگۈنگە بۇلۇڭدىكى چېلەكتىن سۇ ئېلىپ بەردى، — سىرتقا چىقمايلا ماۋۇ جاۋۇرغا يۇزۇڭنى يۇيغىن بالام.

مەن يۇزۇمنى يۇيۇپ، بوۋام سۇنغان يۇمشاق لۆڭگە بىلەن سۇرتكەچ مەشنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— قانداقراق ئۇخلاپسەن بالام؟

— ياخشى ئۇخلاپتىمەن، سىزچۇ بوۋا؟

— ئوماق نەۋرەم يېنىمدا تۇرسا ئەلۋەتتە ياخشى ئۇخلايمەن ـ دە، — دېدى ئۇ مېنى ئەركىلىتىپ.

بوۋام ئالللىقاچان شەھەردىن ئەكەلگەن يېمەكلىكلەر بىلەن ناشتىلىق تەييارلاپ بولغانىكەن. بىز مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپلا ناشتا قىلدۇق. شۇ چاغدا ئىختىيارسىز ئاپام تەييارلىغان مەززىلىك ناشتىلىقلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىدى. نېمىشقىكىن ئاپامنى ئويلىسامىلا يىغلىغۇم كېلەتتى.

بوۋام كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدى بولغاي، مېنى ئالدىراتقىلى تۇردى:

— ھە، بالام، ناشتىنى تېزرەك قىل، سېنى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقاي.

ناشتىدىن كېيىن، بوۋام مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. ئاخشام كەچ كەلگەچكە ئەتراپقا تۈزۈك سەپسالمىغانىدىم. ئىشىكتىن چىقساقلا يىراقتىكى

كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىقنى كۆرگىلى بولاتتى. نەچچە يۈز مېتىر نېرىدا تېرەكلەر قويۇق ئۆسكەن ئېگىز بىر دۆڭ بولۇپ، بىر توپ قاغىلار ئاشۇ تېرەكلەرگە قونۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى يىراق ـ يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ دۆڭ ماڭا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى.

بىز دۆڭنىڭ يېنىدىكى تار يول بىلەن مېڭىپ، تۆۋەندىكى قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بىز كىرىدىغان ئۆي خىشتىن سېلىنغان بولۇپ، بوۋامنىڭ ئۆيىگە قارىغاندا خېلى ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. ھويلىدىن بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ يۈرە بالام، ــ دېدى بوۋام مېنى يېتىلەپ.

بىز ھويلىغا كىردۇق. چوڭ ـ كىچىك بولۇپ تۆت ـ بەشچە بالا ھويلىدا توخۇلارنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قىلمىۋاتقان ئىشىنى توختاتتى. بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى سەل رەتسىز، بىر ـ ئىككىسىنىڭ يۈزلىرى مەينەت بولۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلارغا قارىغىنىمچە يېتىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ بالىلاردىمۇ ئازراق تارتىنىش بار ئىدى.

ــ ھە، بالىلىرىم، كېلىڭلار ! ــ دېدى بوۋام ئۇلارنى چاقىرىپ، ــ شەھەردىن كەلگەن ماۋۇ قېرىنداشىڭلار بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭلار.

بالىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى، ئاندىن كۇلۇشكىنىچە يېنىمىزغا كەلدى.

ــ بۇ رىسالەت ئاپاڭلارنىڭ ئوغلى ئەدىھەمجان بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئەۋرە قېرىنداشىڭلار، ــ دېدى بوۋام

مىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ،ــ ھە، قىنى سالاملاشمامسىلەر.

بىز تارتىنىش، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشتۇق، بىراق ھەممىمىزنىڭ چىرايىدا كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ئۆي ئىچىدىن چوڭلارمۇ چىقىپ كەلدى. بوۋامغا ئوخشاش چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان بولسىمۇ، لېكىن يۈزلىرىگە جىق قورۇق چۈشۈپ كەتمىگەن بىر بوۋاي ئالدىمىزغا كەلدى ۋە بوۋام بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سالامەت قايتىپ كەلدىڭمۇ ئاكا؟ رىسالەت قىزىمىز ياخشى تۇرۇۋېتىپتىمۇ؟

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سالامەت كەلدىم، ھەممەيلەن ياخشى تۇرۇپتۇ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاكا...ــ دېدى بوۋامنىڭ ئىنىسىغا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىققان ياشانغان ئايال. ئۇنىڭ رومىلىدىن چىقىپ تۇرغان ئانچە ـ مۇنچە ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۈزلىرىدە قورۇقمۇ يوق ئىدى، تولىمۇ ئىللىق ھەم مېھرىبان كۆرۈنەتتى.

ــ ۋەئەلەيكۇم، ھە سىڭلىم ياخشى تۇرۇپسىزمۇ؟

ــ ياخشى تۇردۇق ئاكا.

قىسقىغىنا ئەھۋال سورىشىشلاردىن كېيىن، ئۇلار ماڭا قاراشتى.

ــ ھوي، بۇ رىسالەت قىزىمىزنىڭ ئوغلى ئوخشىمامدۇ؟ــ دېدى بوۋامنىڭ ئىنىسى.

ــ شۇ،ــ دېدى بوۋام ماڭا قاراپ بېشىمنى سىيلىغاچ،ــ بالىلارنىڭ خىزمىتى بەكرەك ئالدىراش ئىكەن، نەۋرەم بولسىمۇ سەھرادا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، تۇغقانلار بىلەن تونۇشۇۋالسۇن دېدىم.

— ياخشى قىپسەن، ئاكا، باللارنى مۇشۇنداق ئۇچراشتۇرۇپ تۇرمىساق، چوڭلاردىن كېيىن قالغاندا ياتلىشىپ كېتىدۇ بۇلار.

— راست دەيسەن.

— قېنى ئۆيگە كىرىلى، ئاكا.

بىز ئۆيگە كىردۇق. داستىخان سېلىنىپ، قېتىق بىلەن نان ۋە قۇرۇق يېمىشلەر ئالدىمىزغا قويۇلدى.

— ئال بالام، — دېدى بوۋام، — سەھرانىڭ نېمەتلىرى ئادەمگە قۇۋۋەت بولىدۇ. ھە راست، ساڭا تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپتىمەن، بۇ مېنىڭ ئىنىم، سېنىڭ ناسىراخۇن بوۋاڭ بولىدۇ، بۇياق قەمبەرخان موماڭ بولىدۇ. ماۋۇ باللار بۇلارنىڭ نەۋرىلىرى ...

بوۋام تونۇشتۇرۇۋاتقاندا ھەممەيلەن بىلەن قايتا كۈلۈمسىرەپ سالاملاشتىم. ئۇلار ماڭا تونجى كۆرۈشۈشتىلا يېقىملىق تەسىر بەرگەنىدى.

— پاھ، ئەلتەكلىكىنى بۇ بالىنىڭ، — دېدى ناسىراخۇن بوۋام مېنى ئەركىلىتىپ.

ئەۋرە تۇغقانلىرىم بىر چەتتە چوڭلارنىڭ گېپىگە قىزىقسىنغان ھالدا قارىشىپ تۇراتتى. بوۋام ئۇلارنىمۇ چاقىردى:

— ھە، نېمىگە قارىشىپ تۇرىسىلەر؟ سىلەرمۇ كېلىڭلار باللىرىم داستىخانغا، ھەممىمىز ئۆز تۇرساق.

ئۇلارمۇ داستىخانغا ئولاشتى، بىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھالدا غىزالاندۇق.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## «ئازغاندۇق»

سەھراغا تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتىم، كۆڭلىرىم ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. تۇغقانلارنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى مېنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرەتتى. ئەسلىدىلا قېنىمىز بىر بولغاچقىمۇ، ئارىمىزدا ياتسىراشتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مېھرىمىز ئاپتاپتەك نۇرانە، ئوتتەك قىزغىن ئىدى. كۈندۈزدىكى ھاياجىنىم بېسىلماي تۇرۇپلا، كەچتە بوۋام بىلەن مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشەتتىم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. يەسلىدىكى مېھراي مۇئەللىم ۋە مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرگە قارىغاندا، بوۋامنىڭ بىلىدىغىنى تېخىمۇ جىقتەك بىلىنەتتى. مەن ھاياجان ئىچىدە بوۋامنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلايتتىم. مەش ئۈستىدىكى مىس چۆگۈن خۇددى ئۇنىڭ ھېكايىلىرىغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك، ئىنچىكە ئاۋازدا توختىماي گىژىلدايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتىم.

بۇيەردىكى ئۆزگىچە مۇھىت، غەلىتە مەنزىرە مېنى تېخىمۇ جەلپ قىلىۋالدى. گەرچە تالادا ھەدېسىلا توپا توزۇپ تۇرسىمۇ، سەھرانىڭ ھاۋاسى بەكلا يېقىشلىق ئىدى. مەن بۇرۇن ۋە قۇلىقىمنىڭ ئۇچىنى ھەرە

چاقىقاندەك ئېچىشتۇرۇۋاتقان سوغۇقتا پەرۋا قىلماي، تۇغقانلىرىم بىلەن بىللە ئېتىزمۇ ئېتىز، باغمۇ باغ چېپىپ يۈرەتتىم. بەكرەك باردىغان يېرىمىز، بوۋامنىڭ ئۆيىدىن نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى ھېلىقى دۆڭ ئىدى. ئۇ يەردە قويۇق ئۆسكەن تېرەكلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن چاتقاللارمۇ بار ئىدى. كۆلىمى بىزنىڭ قورۇنىڭ ھويلىسىدەك تۆت پارچە كېلەتتى ياكى ئۇنىڭدىن جىقراق چىقىشىمۇ مۇمكىن. توپ ـ توپ ئاق قۇشقاچلار چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ توختىماي سايرىشاتتى، قاغىلار يىرتىق كانايدىن چىققاندەك يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن قاقىلدىغاچ، تېرەكلەرنىڭ يوغان شاخلىرىنى تۈمۈردەك تۇمشۇقى بىلەن توكۇلدىتىپ چوقۇپ قوياتتى. چاتقاللىقتىن يەنە پات ـ پات ئۈركۈپ قاچقان توشقان، قىرغاۋۇللارنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق.

ــ بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ئازغاندۆڭ»، ــ دېدى بوۋام بىر كۈنى ماڭا بۇ دۆڭنى تونۇشتۇرۇپ.

ــ ئازغان؟ ــ دەپ تەكرارلىدىم، بۇ ئىسىم ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇپ.

ــ ھەئە، ئازغان، بالام. ئازغان دېگەن ئەسلى بىر چاتقاللىق ئۆسۈملۈكى، مانا قارا، ــ بوۋام ئېگىز كۆكلىگەن، تۈۋىدىن ئۇچىغا بارغۇچە يىڭنىدەك ئۈچلۈق، قويۇق تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان، شاخلىرىدا يازدىن قالغان نۇرغۇن قىزىل مۇنچىقى بار بىر چاتقاللىقنى كۆرسەتتى، ــ بۇنى ئازغان دەيمىز. ياز كۈنلىرى ئاپپاق ئېچىلىدىغان چىرايلىق گۈللىرى بار، تولىمۇ خۇش پۇراق. بىلىمگەنلەر بۇ يەرنى مۇشۇ ئازغاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئەسلى

مەنىسى «ئادەمنى ئازدۇرىدىغان دۆڭ» دېگەنلىك.
— قانداق ئازدۇرىدۇ، بوۋا؟ — دەپ سورىدىم تېخىمۇ قىزىقىپ.
— بۇرۇن بۇ يەر كەڭرى كەتكەن چۆللۈك ئىكەن، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى بوۋام، — كېچىسى يول ماڭغان ئادەملەر مۇشۇ دۆڭگە كەلسىلا ئېزىپ قالىدىكەن، كېچىچە چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدىن چىقالماي ئايلىنىپ يۈرىدىكەن، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاندىن يولنى پەرق ئېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتەلەيدىكەن.
— ئەمىسە بۇنىڭمۇ قىزىقارلىق ھېكايىسى بار ئىكەن - دە؟
— شۇنداق بالام، سەھرا دېگەندە ھەربىر تۇپ دەرەخنىڭمۇ ھېكايىسى بولىدۇ.
— ماڭا «ئازغاندۆڭ» ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىڭچۇ، بوۋا؟
— كەچتە ئۆيگە بارغاندا سۆزلەپ بېرەي، بالام.
— ماقۇل، چوقۇم سۆزلەپ بېرىڭ - ھە؟
— چوقۇم سۆزلەپ بېرىمەن.
شۇ كۈنى مەن سىرتتا بالىلار بىلەن ئويناپ يۈرۈپ، «ئازغاندۆڭ» ھەققىدە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ چىقتىم، لېكىن كەچتە ھېكايە ئاڭلاشقا پۇرسەت بولمىدى. سەۋەبى، بىر تونۇشىمىز بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغانىدى، كەچتە شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق. چوڭلار ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقاچقا، بوۋامغا ھېكايە غەلۋىسى قىلالمىدىم.
بۈگۈن كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كىردىم. «ئازغاندۆڭ» ھەققىدىكى ھېكايە مېنى بەكلا تەقەززا قىلىۋەتكەنىدى.

مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. تاماقتىن كېيىن بوۋام كۈندىلىك ئادىتى بويىچە مىس چۆگۈننى مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى. بىر كەمدە چۆگۈن ھېكايە ئوقۇشنىڭ پەيتى كەلدى دېگەندەك، ئىنچىكە ئاۋازدا غىژىلداشقا باشلىدى.

— بوۋا، بۈگۈن ئەمدى ھېلىقى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىڭە، — دېدىم تەقەززالىق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— ھە... ھە... راست، ساڭا «ئازغاندۆك» ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەرمەكچىدىم، بولىدۇ.

بوۋام شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مىس چۆگۈندىكى قايناق سۇدا يوغان بىر چىنىگە قېنىق چاي دەملىدى. ئۇ ھورى ئۆرلەپ تۇغان چاينى ھۇزۇرلىنىپ بىرنەچچە ھىدلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ساڭا ئېيتقاندەك، بۇ ئەتراپ بۇرۇنقى زاماندا كەڭرى كەتكەن چۆللۈك ئىكەن. پەقەت مۇشۇ «ئازغاندۆك» نىڭ ئورنىلا نېمە سەۋەبتىندۇر ئېگىز ھەم سىرلىق جاي ئىكەن. بۇ يەردە قويۇق چاتقاللىقتىن باشقا، بىرنەچچە تۈپ توغراقمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. چاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭغان ياكى ئوۋغا ماڭغان ئادەملەر كېچىسى بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، بېشى ئايلىنىپ يولنى تاپالمايدىكەن، پەقەت تاڭ ئاتقاندىلا ئاندىن ئەسلىگە كېلىدىكەن.

شۇ چاغلاردا تۆۋەنكى يۇرتتا «قاسىم پالۋان» ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇستا ئوۋچى ھەم ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پالۋان ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم

ئۇۋغا ماڭسا مىلتىقنى بوينىغا ئېسىپ، مەھەللىدىكى تاشچىلار تاراشلاپ تەييار قىلىپ قويغان تۈگمەن تېشىدىن ئىككىنىڭ تۆشۈكىگە بىلىكىنى ئۆتكۈزۈپلا كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن. جاڭگالغا بارغاندا ئىككى تاشنى بىر - بىرىگە تىرەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا كىرىپ كۈن پاتقۇچە ئۇخلايدىكەن. پەقەت كەچ كىرگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن.

بىر كۈنى قاسىم پالۋان شۇ ئادىتى بويىچە كەچ كىرگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىن يوغان بىر كېيىكنى ئوۋلاپتۇ. بىراق، ئوق تەگكەن كېيىك يىقىلماستىن، ئاقسىغىنىچە «ئازغاندۆك» تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ. قاسىم پالۋان كۆڭلىدە: «بۇ كېيىك ئوق تېگىپ يارىلاندى، ئۇزاققا بارالمايدۇ، قانسىراپ يىقىلغاندا تۇتۇۋالىمەن» دەپ ئويلاپ، يارىدار كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىرىماي ئىز قوغلاپ مېڭىپتۇ. كېيىك ئاخىرى «ئازغاندۆك» كە كېلىپ چاتقاللىق ئارىسىدا غايىب بوپتۇ. قاسىم پالۋان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاتقاللىققا كىرىپتۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ يارىدار كېيىكنى تاپالماپتۇ. ئەكسىچە ئۇ تولىمۇ چوڭ بىر باغنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قاپتۇ، ئۇيان ماڭسىمۇ، بۇيان ماڭسىمۇ ھېچ بۇ باغنىڭ قاشاسىدىن چىقالماپتۇ. ئۆزىنى خېلى يۈرەكلىك ھېسابلايدىغان قاسىم پالۋان بۇ ئىشتىن ھەم ھەيران قاپتۇ، ھەم قورقۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ ئەتراپنى بەش قولدەك بىلىدىكەن، ئاغزىغا چىش چىقىپ تا شۇ كەمگىچە بۇ جاڭگالدا ھېچقانداق باغ ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەن. باغدىن پىشقان مېۋىلەرنىڭ ھىدى كېلىشكە باشلاپتۇ. تولا ئايلىنىپ، چارچاپ ھالىدىن

كىتاب تورى

كەتكەن قاسىم پالۋان: «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، شاخلارنى سىيپاشتۇرۇپ يۇرۇپ ئازراق مېۋە ئۈزۈپتۇ. يەپ باقسا، بۇ مېۋىلەر ئۆمرىدە يېگەن ئەڭ لەززەتلىك مېۋىلەر ئىكەن. ئۇ مېۋىلەردىن تويغىچە يەپ، ئاندىن بىر توپ دەرەخنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى قاسىم پالۋان ئويغىنىپ قارىسا، پاھ... پاھ... باغ بۇلار بۇنىڭدىن كاتتا، بۇنىڭدىن ئارتۇق باغ بولماس، ئۇ بەئەينى جەننەتنىڭ ئۆزىدە ياتقانىكەن. شاخلاردا ساڭگىلىشىپ تۇرغان مېۋىلەرگە يېتىپلا قولىنى سوزسا يەتكۈدەك. مېۋىلەر تەم جەھەتتىلا ئەمەس، رەڭ، پۇراق جەھەتتىمۇ ئاجايىپ تەڭداشسىز ئىكەن.

قاسىم پالۋان مېۋىلەردىن راسا تويغۇچە يەپتۇ، ئاندىن بۇ باغنىڭ زادى كىمنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، باغ ئارىلاپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا تولىمۇ كاتتا ياسالغان بىر راۋاقنى كۆرۈپتۇ. «ھە، بۇ بىرەر پادىشاھنىڭ چاھار بېغى ئوخشىمامدۇ؟!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن قاسىم پالۋان، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ راۋاققا يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا، بېشىغا مارجان دوپپا كىيىۋالغان، چاچلىرى ئۈچەتەك ئاقارغان بىر موماي بىر دۆۋە پاخالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېپىنەكلەرنى سېغىۋاتقۇدەك. كېپىنەكلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ مومايىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بېرىۋاتقۇدەك. موماي سېغىلىپ بولغان كېپىنەكلەرنىڭ ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ قويسا، ئۇ كېتىپ ئورنىغا يەنە بىر كېپىنەك كېلىپ توختايدىكەن.

ئەسلىدىلا ھەيرانلىق ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرگەن

قاسىم پالۋان، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغىلى تاس ـ تاس قاپتۇ. ئۆيدە ئادەتتىكى سىيىرلارنى سىغىشمۇ ئاسان ئەمەس، پۇتلىرىنى چۇشەپ قويغان تەقدىردىمۇ ھە دېسىلا تېپچەكلەپ خاپا قىلىدۇ. لېكىن، بۇ بىر توپ ياۋا جانلار نېمىشقا شۇنچە رايىش؟ بۇ يەردە نېمە خىسلەت بار؟!

قاسىم پالۋان كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان پەيتتە، ھېلىقى ياربدار كېيىك موماينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. موماي ئۇنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان بىقىنىغا قاراپ قاتتىق ئېچىنغان ھالدا سۆزلەپ كېتىپتۇ:

ــ ئاھ، بىچارە جانىۋار، سېنى قانداق باغرى قاتتىق، قارا نىيەت ياربدار قىلدى؟ سېنىڭ ئىككى ئوغلىقىڭ تۇرسا، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ ئۇلارمۇ ھاياتىدىن ئايرىلمامدۇ؟

ياربدار كېيىك زەئىپ ئاۋازدا بوزلاپ قاسىم پالۋان تەرەپكە قاراپتۇ.

موماي دەرەخنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان قاسىم پالۋاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، يېنىغا چاقىرىپتۇ:

ــ بۇياققا كەل يولۇچى.

قاسىم پالۋان قورقۇپ تۇرسىمۇ، روھىدىكى تەۋەككۇلچىلىك، قەيسەرلىككە تايىنىپ موماينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ــ بۇ كېيىكنى سەن ئاتتىڭمۇ؟ ــ دەپتۇ موماي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

ــ ھەئە، ــ دەپتۇ قاسىم پالۋان خىجىل بولۇپ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ئوغلىقى تۇرسا، نېمىشقا ئاتىسەن؟ بۇنىڭ ئانا كېپىنەك ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟

— تۇنۇگۇن بەك كەچ بولغاچقا، پەرق قىلالماپتىمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن، ئىلاج بار چىشى جانىۋارلارنى ئاتما.

— ماقۇل، چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن.

موماي تاش كورىدىكى سۇتتىن بىر ئوچۇم ئېلىپ كېپىنەكنىڭ يارىسىغا سۇۋاپ قويغانىكەن، يارا ئېغىزى شۇ ھامان ساقىيىپ كېتىپتۇ.

— سەن ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ موماي، — شور بۇلاق دېگەن يەردە بىر كېپىنەكنى باغلاپ قويدۇم، شۇنى ئېلىپ كەتكىن.

— ماقۇل، رەھمەت موما، — دەپتۇ قاسىم پالۋان ئىنتائەتمەنلىك بىلەن.

— ھە يەنە، — دەپتۇ موماي ئۇنى توختىتىپ، — ماۋۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كېتىپ، بالىلىرىڭنىڭ تۇرمۇشىغا سەرپ قىلغىن.

موماي ئۆزى ئولتۇرغان پاخالدىن بىر چاڭگال ئېلىپ، قاسىم پالۋاننىڭ پېشىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. قاسىم پالۋان كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، مومايىنىڭ كۆڭلىنى ئىمزەپ ئۇ پاخالنى كۆتۈرۈپ خېلى بىر يەرگىچە بېرىپتۇ، ئاندىن پېشىنى سىلكىپ پاخالنى تاشلىۋېتىپتۇ.

قاسىم پالۋان موماي كۆرسەتكەن تەرەپ بىلەن بىر ھارغىچە ماڭغانىكەن، باغنىڭ قاشاسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئەتراپ قاقاس چۆل، «ئازغاندۆڭ» قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدا بۇرۇنقىدەكلا كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك. پالۋان شۇندىلا ئۇنىڭ بىر سېھىرلىك باغ ئىكەنلىكىنى

بىلىپتۇ، كىشىلەرنىڭ كىچىلىرى بۇ يەرگە كەلسىلا ئېزىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشىنىپتۇ. ئۇ كېتىۋاتسا چاپىنىنىڭ پېشىدە بىرنەرسىلەر چىرىڭلاۋاتقۇدەك، قارىسا بىرتىق پەشنىڭ ئۇيەر بۇيېرىگە ئىلىنىشىپ قالغان بىرنەچچە تال زىخچە ئالتۇنلار ئىكەن. قاسىم پالۋان شۇ چاغدىلا «ئىىم» دەپ قاپتۇ. ئەسلىدە موماينىڭ بەرگىنى پاخال ئەمەس، زىقچە ئالتۇن ئىكەن. ئۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ بايا تاشلىۋەتكەن پاخالنى خېلى ئىزدەپ بېقىپتۇ، ئەمما تاپالماپتۇ.

رىزىق دېگەن شۇ، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە نېسىپ بولغاننىلا يېيەلەيدۇ، نېسىپ بولمىغانلىرى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قولدىن كېتىدۇ.

قاسىم پالۋان بىر تاغار پۇشايماننى يۈدۈپ، موماي دېگەن شور بۇلاققا بېرىپتۇ. يىراقتىن قارىسا بۇلاق بېشىدا بىر كېيىك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرغۇدەك. «يېقىن بارسام ئۈركۈپ كەتمىسۇن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن پالۋان، ئوق يېتىم ئارىلىقتىن كېيىككە قارىتىپ ئوق چىقىرىپتۇ. كېيىك جايىغىلا يىقىلىپتۇ. پالۋان ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بۇلاق بېشىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ كېيىكنىڭ پۇتلىرى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن چىرمىۋېتىلگەنىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن قاسىم پالۋان مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، جاڭگالغا بارسا «ئازغاندۆڭ»دىكى سېھىرلىك باغقا كىرىپ، خالىغانچە مېۋە ـ چېۋە يەپ، ئۆيىگىمۇ ئالغاچ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە قىش كۈنلىرىمۇ جاھاندا ئاز تېپىلىدىغان ئاجايىپ تەملىك، يېڭى مېۋىلەرنىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن بىر دوستى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاداش، سىلى بۇ مېۋىلەرنى نەدىن تاپسىلەر؟
قاسىم پالۋان ئەسلىي ھېلىقى مومايغا باغنىڭ سىرى توغرىسىدا ھېچكىمگە ئېيتماسلىق ھەققىدە قەسەم قىلغانىكەن، شۇڭا دوستىغا ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. بىراق، دوستى بەكلا رەنجىپ كېتىپتۇ ۋە قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. دوستىغا يۈز كېلەلمىگەن قاسىم پالۋان ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ ساپتۇ. دوستى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىمۇ بىرگە باشلاپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋاپتۇ. «بىر ئادەمنىڭ كارايىتى چاغلىقتۇ، ئۇ مېۋىلەرنى بىر توپ ئادەم بىر ئۆمۈر يېسىمۇ تۈگىتەلمەيدىغۇ؟!» دەپ ئويلاپتۇ قاسىم پالۋان.
شۇنداق قىلىپ، نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قاسىم پالۋان دوستىنى باشلاپ «ئازغاندۆك»گە بېرىپتۇ. بىراق، ئۇلار چاتقاللىقنى قېزىۋەتسىمۇ ھېلىقى سېھىرلىك باغنى تاپالماپتۇ. قاسىم پالۋان كېيىن ئۆزى يالغۇزمۇ ئىزدەپ بېقىپتۇ، لېكىن يەنىلا تاپالماپتۇ.
شۇنىڭدىن تارتىپ «ئازغاندۆك» ھەققىدىكى ھېكايە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ كەڭرى چۆل ـ جەزىرىلەر كېيىن يەر ئېچىلىپ، يۇرت ـ مەھەللىلەر قۇرۇلۇپ ئاۋاتلىشىپ كەتتى، بىراق «ئازغاندۆك» تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالدى. ئىلگىرى ئۇيەرنىمۇ بۇزۇپ يەر ئاچىدىغانلار چىققان، بىراق ئازراق تۇپىسىنى توشۇلغاندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەب بىلەن توختاپ قالغان...
بوۋام ھېكايىسىنى تۈگىتىپ قېنىق تەمى چىققان چاينى پۇۋلىگىنىچە ئالدىرىماي ئىچتى.
بوۋامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، «ئازغاندۆك» گە تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم. قاسىم پالۋان دېگەن كىشى بىلەن ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى بىر قاراشتا ئوخشاپمۇ

كېتەتتى. ئۇ قەسىمىگە ۋاپا قىلماپتۇ، مەن دوستۇمنىڭ ئامانىتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يوقىتىپ قويدۇم، نەتىجىدە خىسلەتلىك «يېشىل يوپۇرماق»تىن ئايرىلىپ قالدىم. جاھاندا بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار نېمىدېگەن جىق ـ ھە؟!

ــ قانداق بالام، ھېكايە قىزىقمىكەن؟ــ دېدى بوۋام.

ــ قىزىق ئىكەن، لېكىن... لېكىن بوۋا، ھېلىقى سېھىرلىك باغ ھازىرمۇ مەۋجۇتمۇ؟ قاسىم پالۋاندىن كېيىن ئۇنى كۆرگەن ئادەملەر يەنە بارمۇ؟ــ دەپ سورىدىم بوۋامدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي.

ــ يوق،ــ دېدى بوۋام ئۇھسىنىپ قويۇپ،ــ لېكىن ئۇنى ئىزدەيدىغانلار ھازىرغىچە توختاپ قالمىدى.

ــ ناۋادا... ئىككىمىز ئىزدەپ باقساقچۇ؟

بوۋام كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

ــ نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئىلگىرى ئۇنى راست شۇنداق بولغانمۇ دەيلى، بىراق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولمىدى، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ زېمىن، تەبىئەت ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

مەن جىمىپ قالدىم، لېكىن خىيالىمدا ھېلىقى تەڭداشسىز گۈزەل باغ شۇنچىلىك روشەن نامايان بولماقتا ئىدى. مارجان دوپپىلىق ئاق چاچ موماينىڭ خۇددى يېنىمدا ماڭا قاراپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

ــ ئەمدى ئۇخلايلى، بالام،ــ دېدى بوۋام.

مەن يېتىپمۇ خېلى ئۇزاققىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. كېيىن قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. چۈشۈمدە «ئازغاندۇك»دىكى باغدا ئايلىنىپ يۈرگۈدەكمەن. باغدىكى مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن، يېيىش

ئەمەس، ئادەم قاراپمۇ تۇيۇپ قالغۇدەك. ھېلىقى مارجان دوپپىلىق موماي يەنىلا شۇ راۋاقتا ئولتۇرغۇدەك، بىراق بۇ قېتىم ئۇ كېپىكلەرنى ساغماستىن، ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقۇدەك...

— سىز قايسى باغدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ موماي قىزىل باشلىق بىر ھەسەل ھەرىسىدىن.

— قارلىق تاغ باغرىدىكى قىچىزارلىقتىن كەلدىم، — دەپتۇ قىزىل باشلىق ھەسەل ھەرىسى.

— سىزچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي رەڭگى قارىراق كەلگەن يەنە بىر ھەسەل ھەرىسىدىن.

— مەن مۆلجەرتاغ باغرىدىكى جىگدىزارلىقتىن كەلدىم، — دەپتۇ قارامتۇل ھەسەل ھەرىسى.

— بۇ يىل ھوسۇلۇڭلار قانداقراق؟

— ياخشى، ھەممە يەر چېچەك، تاغ باغرىدىكى قىچىزارلىقنىڭ چەكسىزلىكىگە كۆز يەتمەيدۇ، — دەپتۇ قىزىل باش ھەسەل ھەرىسى.

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىز سەل بوشراق، — دەپتۇ قارامتۇل ھەسەل ھەرىسى مەيۇسلىنىپ، — كىشىلەر جىگدە دەرىخىنى ئىقتىسادىي قىممىتى تۆۋەن دەپ كېسىپ تاشلىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋا ھەرىلەر ئاۋۇپ كەتكەچكە، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشمىزمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ باغقا قايتىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ موماي، — چېچەكلەر سىلەرگە كەڭرى يېتىدۇ.

— ماقۇل، سىزگە كۆپ رەھمەت موما، — دەپ خۇشال بولۇپ بوشلۇقتا موللاق ئېتىپ كېتىپتۇ قارامتۇل ھەسەل ھەرىسى.

شۇ چاغدا بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، كۆزلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان بىر ھەسەل ھەرىسى موماينغا سالام قىپتۇ:

— باغۋەن موما، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ياخشى، بالام، سىلەرمۇ ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟

— بىزمۇ ياخشى.

— قەيەردىن كەلدىڭلار؟

— چىنىباغدىن.

— ئىشلىرىڭلار قانداقراق؟

— ياخشى، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئەتىرگۇل ئۆستۈرۈشكە ئامراق، بىز يەنە يېقىن ئارىدىكى تاغقا بېرىپ ياۋا چېچەكلەرنىڭ شىرنىسىنىمۇ يىغىمىز.

— ھە، يىراقتىنلا خۇش پۇراق تارقىتىپ كېلىشىڭىز بىكار ئەمەسكەن ــ دە؟

— ھى… ھى… ھى…، موماملىنىڭ بۇرنى بەك سەزگۈر جۇمۇ.

دەل شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يەسلى گۈللۈكىدە تونۇشقان ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى دوستۇم ئىكەنلىكىنى تونۇپ:

— دوستۇم، ھەي ھەرىچاق… مەن… مەن… سېنىڭ دوستۇڭ، ھېلىقى يېشىل يوپۇرماق…— دەپ توۋلاپتىمەن.

ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلاپ مەن تەرەپكە قاراپتۇ.

— ئۇ كىم؟— دەپ سوراپتۇ موماي.

— مېنىڭ دوستۇم،— دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى دوستۇم موماينغا.

— ئۇ بۇيەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— بىلمىدىم، سىزنى ياكى مېنى يوقلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

— بۇ باغنى ئادەم زاتىغا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، ھەممىسى ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان نېمىلەر ئۇ، — دەپتۇ موماي ئاچچىقلاپ.

— بىراق ئۇ ياخشى بالا، چوڭ - كىچىك لوقمانلار ئۇنىڭغا يېشىل يوپۇرماق بەرگەن، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى دوستۇم مومايغا چۈشەندۈرۈپ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، ئۇ يېشىل يوپۇرماقنى كۆرسەتسۇن، — دەپتۇ موماي.

مەن ھودۇقۇپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قاپتىمەن. يېشىل يوپۇرماقنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى ئۇلارغا قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن؟ ئەگەر شۇنداق قىلسام، ئۇلار مېنىڭ بىپەرۋا، مەسئۇلىيەتسىز بالا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالسا مېنى بۇ باغدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟

— قېنى، يېشىل يوپۇرماقنى تېز چىقىرىپ مومامغا كۆرسەتكىن، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى دوستۇم مېنى ئالدىرىتىپ.

— ئۇ...ئۇ... شەھەردە قالغان، — دەپتىمەن ئىلاجسىز.

ھەسەل ھەرىسى دوستۇم تەڭلىكتە قالغاندەك مومايغا قاراپتۇ.

— يېشىل يوپۇرماقنى ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ موماي ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ.

مەن يا باغقا كىرەلمەي، يە ئارقامغا يانالماي، ئازاب ئىچىدە يىغلىۋېتىپتىمەن...

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## مەن بۆيەردە

ئەسلىي ناشتىدىن كېيىنلا سىرتقا چىقىپ، «ئازغاندۈك»نى تۇزۇك بىر ئاربلاپ چىقماقچى بولغانىدىم، لېكىن قېرىشقاندەك تاڭ ئاتقاندا قارىسام، تالادا قار يېغىپ، ھەممە يەر ئاپپاق قار ئاستىدا قاپتۇ. يىللاپ ـ يىللاپ قار ياغمايدىغان بۇ يۇرتقا نېمە بولدىكىنە؟ ئەمدى نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، ئىشىك ئالدىدىكى قارلارنى تازىلاپ بولغان بوۋام ئۆيگە قايتىپ كىردى.

— بۈگۈن سىرتقا چىقمىغىن بالام،— دېدى بوۋام قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ،— تالا بەك سوغۇق.

مەن كۆڭلۈم يېرىم ھالدا ئۇھسىنىپ قويدۇم.

بىز مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدۇق. ناشتىدىن كېيىن بوۋامنى يەنە ھېكايە سۆزلەپ بېرەر دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئەتىگەندە قار تازىلايمەن دەپ سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانمۇ، بوۋام تولا چۈشكۈرۈپ ناشتىنىمۇ تۇزۇك قىلالمىدى، چىرايى تازا ئەپ ئەمەس ئىدى. ناۋادا مەن مۇشۇنداق چۈشكۈرسەم، زۇكامداپ قالغانلىقىمنىڭ بېشارىتى ئىدى، ئاپام دەرھال دورا ئىچۈرەتتى ياكى دوختۇرخانىغا ئاپىراتتى. ئىتتىك بېرىپ بوۋامنىڭ پېشانىسىنى تۇتتۇم، ئالىقىنىمغا ئىسسىق

ئۇرۇلدى. ئاپاممۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا قىزىتمامنى بىلەلەيتتى.

— بوۋا، دوختۇرخانىغا بېرىپ باقامسىز؟ — دېدىم ئەنسىرەپ.

— نېمىگە؟ — دېدى بوۋام گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك.

— زۇكام بولۇپ قاپسىز، يەنە قىزىتىۋاتقاندەكمۇ قىلىسىز.

— قارا بۇنىڭ يامانلىقىنى، — بوۋام ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى، لېكىن چىرايى سولغۇن، سەل تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— راست دەۋاتىمەن بوۋا، قىزىتىۋاتىسىز، — دېدىم شۇنداق ئەستايىدىل.

— بولدى، ھېچقىسى يوق بالام، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — كۆپرەك قايناق سۇ ئىچىپ، بىردەم تەرلىنىۋالسام ئوڭشىلىپ كېتىمەن، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. زۇكام مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

— ئەمىسە بىردەم يېتىۋېلىڭ.

مەن شۇنداق دەپ، ئىشكاپ ئۈستىدىن كۆرپە ۋە ياستۇقلارنى ئېلىپ بوۋامغا ئورۇن راسلىدىم، ئاندىن مىس چۆگۈندىن چىنىگە قايناق سۇ قۇيۇپ بەردىم.

— رەھمەت، بالام، — دېدى بوۋام ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئاپاڭ سېنى ھەقىقەتەن ياخشى تەربىيەلەپتۇ. ئۇنىڭ ئەجرىنى يەردە قويمىغۇدەكسەن.

بوۋام قايناق سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، مەن سېلىپ بەرگەن كۆرپىگە بېرىپ ياتتى. بوۋامنىڭ ئۈستىگە يەنە قېلىنراق يوتقاندىن بىرنى يېپىپ قويدۇم. ئۇزاق ئۆتمەيلا بوۋام خورەككە چۈشتى.

ئاپامنىڭ گېپى چىقىۋېدى خىيالىم يەنە شەھەرگە كەتتى. مۇشۇ تاپتا ئاپام نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ دادامچۇ؟ بەلكىم ئۇلار ئاللىقاچان ئاجرىشىپ، باشقا ـ باشقا ئۆيدە تۇرۇۋاتقاندۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشى ئاتا ـ ئانا ئەمەس، بولمىسا مېنى يېتىملىك كوچىسىغا تاشلىمىغان بولاتتى. مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مۇشۇ سەھرادا بىر ئۆمۈر بوۋامغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈپ كېتەيمۇ؟ ئۇنداق قىلسام شەھەردىكى ئوقۇشۇمچۇ؟...

ئويلىغانسېرى ئىچىم سىقىلدى، بىئارام بولۇپ ئۆرتەندىم. تەقدىرىمنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى مېنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

قىزىتمىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بوۋام بىرنېمىلەرنى غۇدۇراپ جۆيلۈپ قوياتتى، ئارقىدىن يەنە خورەك تارتىشقا باشلايتتى. مەن لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ بوۋامنىڭ پېشانىسىگە قويدۇم، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى راستتىنلا سەل چۈشتى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپامدىن ئۆگەنگەنىدىم. ئاپام چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ھەرقانداق ئىشتا ئېدىتلىق ئايال ئىدى. گەرچە ئۇلارغا نارازىلىقىم كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق ئاپام ـ دادامدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىم ماڭا ئايان ئىدى...

چۈشكە يېقىن بوۋامغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتقان پارىلجان ئاكام كەلدى. ئۇ خېلى ئۇستىخانلىق بولۇپ، ماڭسىمۇ چوڭلاردەك دولىسىنى ئىرغىتىپ ماڭاتتى. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئۇ بىر قېتىملا كېلىپ كەتكەنىدى.

— نورۇز بوۋامغا نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا. ئۇنىڭ قولىدا تاماق قاچىسى بار ئىدى.

— زۇكامداپ قاپتىكەن، هازىر سەل ياخشى، — دېدىم ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

— ھەئە، ئاچتى.

ئۇ تاماق قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، پۈتۈن بىر توخۇنىڭ گۆشىنى باسقان پولۇنى لېگەنگە تۆكتى. مەن ئەسلىدىلا توخۇ گۆشىگە ئامراق ئىدىم، مايلىرى پارقىراپ پىشقان توخۇ گۆشىنى كۆرۈپ ئېغىزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، شۆلگەيلىرىم ئېقىشقا باشلىدى. لېكىن، بوۋام ئۇخلاۋاتقاچقا، ئالدىدا يەۋالسام بولمىدىغان، بولمايدىغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— ھە، تاماق يېمەمسەن؟ — دېدى پازىلجان ئاكام كۆزلىرىمگە تىكىلىپ.

— بوۋام...

— ئۇنىڭ توخۇ گۆشي بىلەن خۇشى يوق، ئاپام بۇنى ساڭا ئەۋەتكەن.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا، خۇش بولۇپ، توخۇ گۆشىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن چاڭ سالدىم.

— ئەمدى كەتمەيدىغانسەن؟ — دېدىم قورسىقىم تويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ. مۇشۇ تاپتا يالغۇزلۇقتىن ئىچىم پۇشۇپ ئارانلا تۇراتتىم.

— ياق، — دېدى پازىلجان ئاكام.

— ئەمىسە يۈرۈڭە، سىرتقا چىقىپ قار ئوينايلى.

— ئىككىمىز يالغۇز قانداق بولا...

ــ ئەمسە ناسىراخۇن بوۋامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاكا ــ ئۇكىلىرىمىزغا قېتىلىپ ئوينايلى.

ــ ماقۇل.

بىز خۇشال ــ خۇرام هالدا ئۆيدىن چىقتۇق. كەڭ دالىنىڭ هەممە يېرىدە ئاپپاق نۇر چېقىنداپ تۇراتتى. مەن بىرپەس كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. پازىلجان ئاكام قولۇمنى تۇتۇۋالدى.

ــ زوڭزىيە ئۇكام، سېنى قار ئۈستىدە بىر تېيىلدۇرۇپ قوياي.

ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. پازىلجان ئاكام ئىككى قولۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ مېڭىشقا باشلىدى. مەن قار ئۈستىدە خۇددى مۇز تېيىلغاندەك غىلدىرلاپ كېتىۋاتاتتىم. بىردىنلا كۆڭلۈم ئېچىلىپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ ئەركىن هېس قىلىشقا باشلىدىم. باياتىن بېرى ئويلىغان كۆڭۈلسىز ئىشلارمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن قاقاقلاپ كۈلەتتىم، «تېز، تېز» دەپ ۋارقىرايتتىم. ئۇ مېنى خېلى ئۇزاققىچە مۇشۇنداق سۆرەپ ماڭدى. پازىلجان ئاكام بەكلا كۈچلۈك ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنى هاردۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدىم.

ــ ئەمدى بولدى قىلايلى، ئاكا،ــ دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ــ قورقتۇڭمۇ؟

ــ ياق، ماڭغۇم كېلىۋاتىدۇ.

ــ بوپتۇ ئەمسە، قول تۇتۇشۇپ ماڭايلى.

بىز خۇشال ــ خۇرام پاراڭلىشىپ مېڭىپ، بىردەمدىلا «ئازغاندۆڭ» نىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق.

ــ ئاكا، بۇ يەردە بىر سېھىرلىك باغنىڭ بارلىقىنى

www.uyghurkitap.com

سەنمۇ بىلەمسەن؟ — دېدىم ئىختىيارسىز بوۋام سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ھېكايىنى ئېسىمگە ئېلىپ.
پازىلجان ئاكام مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— قۇرۇق گەپ...
— بىراق، بوۋام...
— نورۇز بوۋام تولىمۇ خىيالپەرەس ئادەم، ئۇنىڭ ئۆزى توقۇۋالغان ھېكايىسى بەك جىق، خۇددى راستتەكلا.
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل يېرىم بولدى، بىراق «ئازغاندۆڭ» گە بولغان قىزىقىشىم پەقەت سۇسلىمىدى.
بىز «ئازغاندۆڭ» دىن ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقاندا، قاياقتىندۇر قار كېچىپ كەلگەن بىر توشقان غىپپىدە چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى.
— ھەقىقىي ھېكايە دېگەن مانا، — دېدى پازىلجان ئاكام خۇش بولۇپ، — بۈگۈن ياخشى بىر ئوۋ قىلىدىغان بولدۇق. قانداق ئۇكام، توشقان گۆشىگە ئىشتىيىڭ بارمۇ؟
مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي تۇرغان شۇ پەيتتە، پازىلجان ئاكام چاپىنىنى سېلىپلا چاتقاللىققا قاراپ ماڭدى. تىككىدە بىر جۈپ قۇلىقى بار، بوز رەڭلىك ياۋا توشقاننى كۆرسەملا بەك خۇش بولۇپ كېتەتتىم، ئۇ تولىمۇ ئوماق بىر جانىۋار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. «ئادەم راستىلا بىر يىرتقۇچ مەخلۇق ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدىم، پازىلجان ئاكامنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ.
— ئارقامدىن يىراقراق ماڭ، توشقان ئۈركۈپ كېتىدۇ، — دېدى پازىلجان پەس ئاۋازدا.

بىردەم ساقلاپراق ئاندىن چاتقاللىقتا كىردىم. قار قىلىن ئىدى، قويۇق چاتقالنىڭ ئۈستىدىمۇ قار بار ئىدى. مەن ئاۋايلاپ كېتىۋاتاتتىم، پازىلجان ئاكام قويۇق چاتقاللىق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى، ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكىنىنى پەرقلەندۈرەلمىدىم. قارغا شۇنچە ئاۋايلاپ دەسسىسەممۇ، غاچىلدىغان ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق تىمتاس ماكاندا ئاشۇ كىچىككىنە ئاۋازمۇ شۇنچىلىك ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن توختاپ قىلىشنى ئويلىدىم ـ يۇ، ئوماق توشقاننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا قىزىقىپ، يەنىلا ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم.

تولىمۇ يوغان بىر تۈپ توغراق ئالدىغا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان يوپۇرماقلىرى تېخى تولۇق چۈشۈپ كەتمىگەن بولۇپ، قويۇق شاخلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن قۇشقاچ ئۇۋىلىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ، ياز كۈنلىرى توغراق ئۈستىدە قانچىلىك قاينام ـ تاشقىنلىقتا تولغان تۇرمۇشنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى.

ــ سەن چىق...

ــ سەن چىقە.

ــ ئاۋۋال سەن چىق، سەن ھۆرمەتكە چوڭ.

ــ ئەمىسە بىر چەتكە تۇرمامسەن، دائىم مۇشۇنداق ئادەمنىڭ يولىنى توسۇپ...

مەن تۇيۇقسىز، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ياكى خىيالىي تۈيغۇ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرۈۋاتقاندەك گاڭگىراپلا قالدىم. بۇ نېمىدېگەن تونۇش ئاۋاز ـ ھە؟! چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار دائىم ئۆيگە كىرىدىغان چاغدا مۇشۇنداق گەپ تالىشاتتى.

بەلكىم ئۇلارنى سېغىنغان بولسام كېرەك، شۇڭا ئاۋازى خىيالىمغا كىرىۋالدىمۇ نېمە؟!

مەن بىر ـ ئىككى قەدەم مېڭىپلا توختاپ قالدىم. توغراقنىڭ تۈۋى قىسمىدا چوڭ بىر يېرىق بولۇپ، ئاشۇ يېرىق ئىچىدە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاپ يۈرگىنىنى غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالغاندىم. مەن نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، توغراق يېرىقىدىن قىزىل پوسمىلىق بىر باش كۆرۈندى، ئارقىدىنلا يەنە بىرى كۆرۈندى.

ئاھ، بۇ دەل ھېلىقى ھەسەل ھەرىسى باققۇچى چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار ئەمەسمۇ؟!

مەن ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتىم. بىراق ئۇلار ئالدىدا ھېچكىم يوقتەك بىمالال مېڭىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ــ ھەي... ھەي...

بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، تىلىم كالۋالىشىپ پەقەت شۇنىلا دېيەلىدىم، ئۇلار يەنىلا ئاڭلىمىدى. بەلكىم مەندىن قاتتىق رەنجىگەن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇنتۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ ! ھېلىقى چاغدا «يېشىل يوپۇرماق» ئۇلارنىڭ دوستىنىڭ بەك جىقلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى. مەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، لېكىن يەنىلا ئۇلارغا قىيالمايۋاتاتتىم.

مەن ئاستا ئۇلارغا ئەگەشتىم. ئىككىسى بۇرۇنقىدەكلا بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ دىگۇدەك ماڭاتتى. ئىزلىرى توشقاننىڭ ئىزىچىلىكلا كېلەتتى.

ــ سىلەر زادى نەگە ماڭدىڭلار؟

ئۇلار ئاۋازىمنى يەنىلا ئاڭلىمىدى. بىردىنلا ئىلگىرى قاتناش ھادىسىسىدە يارىلانغان پۇتۇم يادىمدىن كەچتى. گەرچە ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىز قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ چوڭ ـ كىچىك لوقمانلارنىڭ خاسىيىتى ساقلانغان ئىدى. ئىتتىك پۇشقىقىمنى تۇردۇم.

ــ مەن... بۇ يەردە...

ئۇلار شاپپىدە توختاپ قالدى.

ــ بىرى چاقىرغاندەك قىلدىمۇ؟ ــ دېدى چوڭ لوقمان.

ــ شۇنداقتەك قىلدۇ، ــ دېدى كىچىك لوقمان.

ــ تونۇش ئاۋاز ھە؟

ــ ھەئە، تونۇش ئاۋاز.

ئىككىسى ئارقىغا بۇرىلدى، كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى بۇرۇنقىدەكلا سۇزۇك، پارقىراق ئىدى، پەقەت چاچلىرى سەل ئۆسۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

ــ ياخشىمۇ سىلەر؟ !

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ بۇ... بۇ... ھېلىقى شاكىچىكقۇ؟ ــ دېدى چوڭ لوقمان.

ــ دەل ئۆزى، ــ دېدى كىچىك لوقمان تەستىقلاپ.

مەن ئايىپاق قار ئۈستىگە تىزلىنىپ ئولتۇردۇم، خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئاقتى. ئۇلار كېلىپ بىرى ئوڭ بېقىنىمنى، بىرى سول بېقىنىمنى قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇددى بوۋامنىڭ مېشىدەك ئىسسىق بىر يالقۇننىڭ تەپتى كېلىپ تۇراتتى.

ــ سىلەرنى... ئاخىرى تاپتىم.

مەن ئۆپكەم ئۆزلەپ شۇ گەپنى ئاران دېيەلىدىم.

— سەن بىز بىلەن خوشلاشقان ئەمەسمىدىڭ؟ — دېدى چوڭ لوقمان.

— ياق.

— ئەمىسە يېشىل يوپۇرماقنى نېمىشقا قايتۇرۇۋېتىسەن؟ — دېدى كىچىك لوقمان.

مەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم.

— تېخى سېنى بىزدىن يۈز ئۆرىگەن ئوخشايدۇ دەپتىمىز. ھە راست، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دېدى چوڭ لوقمان.

— بوۋام ئېلىپ كەلدى، سىلەرچۇ؟ — دېدىم يېشىمنى ئالقىنىم بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— بۇ يەر خاسىيەتلىك باغۋەنلەرنىڭ يىغىلىدىغان ئورنى، يىلدا نەچچە قېتىم مۇشۇ يەردە جەم بولىمىز.

— ھە، بوۋامنىڭ دېگىنى راست ئىكەن ـ دە؟

— بوۋاڭ نېمىدېگەن؟

— بۇ يەردە سېھىرلىك باغ بار دېگەن.

— ئۇ قانداق بىلىپتۇ؟

— بۇ يەر توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى بوۋام بىلىدۇ.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئادەم ئىكەن.

— سىلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارايمۇ؟

— ياق، بىز چوڭلار بىلەن ئۇچراشمايمىز. ھېلىقى چاغدا ساڭا ئېيتتۇقۇ، بىز پەقەت بالىلارنىڭ دۇنياسىدىلا مەۋجۇت.

— بىلدىم.

— سېھىرلىك باغنى كۆرگۈڭ بارمۇ؟

— بار.

— ئەمىسە بىز بىلەن ماڭ.

ئۇلار ئارقىسىغا قايتىپ مېنى چوڭ توغراقنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— سەن ماڭ.

— ياق سەن ماڭ، سەن دېگەن ھۆرمەتكە چوڭ.

— مەن سېنى دېمىدىم، ماۋۇ بالىنى دەۋاتىمەن. بىر چەتتە تۇر پۇتلاشماي.

مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، بۇ يېرىقتا ئۇلار پاتقان بىلەن مېنىڭ پېتىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— قېنى ماڭ، — دېدى چوڭ لوقمان.

— پاتمايمەن، — دېدىم ئىلاجسىزلىقىمنى بىلدۈرۈپ.

— ماڭ.

ئۇ مېنى بىرلا ئىتتىرىۋېدى، توغراقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# سېھىرلىك باغ

تورغا قىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا، قىسقىغىنا بىر قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمدىكى يېشىللىققا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدىم، ياپيېشىل چىمەنلەر، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرى، بەس - بەستە سايرىشىۋاتقان قۇشلار، ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر... ئۆزۈمنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. راست، بايىلا تېخى ئاپپاق قار ئۈستىدە ئىدىم، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پۈتكۈل دۇنيا ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ چۈش بولماي نېمە؟!

چوڭ - كىچىك لوقمانلار ئالدىمدا يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى تەرەپتىكى دەرەخلەردە مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مېۋىلەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنى يېيىش ئەمەس، خۇش ھىدىدىنلا كۆڭۈللەر لەززەتلىنىپ، ئادەم قانائەت تېپىپ قالاتتى.

بىز پارقىراق تاش ياتقۇزۇلغان چىغىر يول بويلاپ بۇلاق بويىغا كەلدۇق. بۇ يەردە چوڭ - كىچىك لوقمانلاردىنمۇ كىچىك بىر توپ قىزلار سۇ كېچىشىپ ئويناۋاتاتتى، ھەممىسىنىڭ كېپىنەكتەك چىرايلىق قانىتى بار ئىدى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— سالام لوقمان ئۇستاز، بۇ بەدىۋنى نەدىن باشلاپ كەلدىڭىز؟

چوڭ لوقمان قىزلارغا قاراپ ئېگىشىپ ئېھتىرام بىلدۈردى، كىچىك لوقمانمۇ ئۇنى دوراپ قىزلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

— بۇ بالا بەدىۋى ئەمەس، بىزنىڭ دوستىمىز، — دېدى چوڭ لوقمان.

— بۇ باغقا ئادەمزاتنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىنغان تۇرسا.

— بىلىمەن، لېكىن بۇ تېخى كىچىك بالا. سىلەرمۇ ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن.

— بىز ياقتۇرمايمىز... ياقتۇرمايمىز...

— ئەمىسە بىزنى ئاۋارە قىلماي ئويۇنۇڭلارنى ئويناڭلار.

— ئۇنى نەگە ئاپىرىسىز؟

— باغ ئايلاندۇرىمەن.

— كېيىنەك قەلئەسىگە باشلاپ بارمامسىز؟

— ياق، سىلەر بۇ بالىنى ياقتۇرمايدىغان تۇرساڭلار.

— چاقچاق دەپ قويدۇق.

— بولدى، ئويناۋېرىڭلار، كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن.

بىز يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بۇلاق بويىدىن يىراقلىشىپ، پاكار - پاكار ئۆسكەن غەلىتە بىر دەرەخلىك ئارىسىغا كىردۇق. مېۋىسىنىڭ رەڭگى يوپۇرماقتىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ دەرەخلەر ئادەم يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئاستا ھەرىكەتلىنىدىكەن، شاخلىرى ئۈزىراپ، مېۋىلىرى ئالدىغا سۇنۇلىدىكەن.

— بۇ مۇلازىم دەرەخلىرى، — دېدى چوڭ لوقمان ماڭا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۇشەندۇرۇپ،ــ سىنى قارشى ئېلىۋاتىدۇ. بىرەر تال مېۋىسىگە ئېغىز تېگىپ قوي.

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر تال مېۋىنى ئۈزۈپ ئاغزىمغا سالدىم. دەسلەپتە كۆك غورىدەك ئاچچىق - چۈچۈك بىر تەم تىلىمنى قورىدى، ئارقىدىن تەسۋىرلىگۈسىز بىر لەززەت ئىچىدە تىلىمنى تامشىپ كەتتىم.

ــ پاھ... پاھ...، نېمىدېگەن تەملىك؟!ــ دەۋەتتىم ھاياجانلىنىپ.

ــ ئەمىسە يەنە بىر تال يېگىن،ــ دېدى كىچىك لوقمان كۈلۈپ.

مەن يەنە بىر تال يېدىم. شۇ ھامان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر خۇشاللىق چۇلغىۋالدى. كۆزۈمگە يېشىللىق ۋە گۈزەللىكتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. تۇرۇپلا بايىقى سۈزۈك بۇلاق بويىدا سۇ ئويىنغۇم كېلىپ قالدى.

ــ بىزمۇ بايىقى بۇلاق بويىدا بىردەم سۇ ئوينىساق بولماسمىدى؟ــ دەپ سورىدىم چوڭ لوقماندىن.

چوڭ لوقمان گېپىمنى ئاڭلاپلا پىخىلداپ كۈلۈپ:

ــ سەن ئۇ بۇلاق سۈيىگە كىچىپ ئوينىساڭ بولمايدۇ، ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن بولۇشى كېرەك، ئەسلى بۇ باغقىمۇ كىرىشكە بولمايتتى، سەن دوستىمىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئالاھىدە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدۇڭ.

ــ ئۇ قىزلار سۇغا كىچىپ ئويناۋاتىدىغۇ؟ ئۇلار ئويناۋېرىدىكەن؟ دەپ

ــ ئۇ قىزلار سۇغا كىچىپ ئويىنغىلى تۇرۇپتۇ ئەمىسە؟

ــ ئۇلار دېگەن ئالاھىدە كېپىنەك پەرىلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى پۈتۈن كېپىنەكلەرنى شۇلار باشقۇرىدۇ. بايا «كېپىنەك قەلئەسى» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ھەئە، ئۇ قەيەردە؟

— ئاشۇ بۇلاقنىڭ ئاستىدا.

— بۇ يەر بەك تىلسىملىق ئىكەن.

— تىلسىملىق بولمىسا سېھىرلىك باغ بولامدۇ؟

— بىز نەگە بارىمىز؟

— سوراشقا بولمايدۇ، پەقەت بارغاندىلا بىلىسەن.

بىز يولنى داۋاملاشتۇردۇق. مەن شۇ نەرسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىمكى، چوڭ - كىچىك لوقمانلار يول ماڭغاندا، ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي تولىمۇ تېز ماڭىدىكەن. ئۇلارنىڭ قەدەم يۆتكەشلىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدىكەن. مەن خېلى چوڭ - چوڭ چامداپمۇ ئۇلارغا ئاران يېتىشىپ ماڭدىم. ئەسلىي ئالدىرىماي مېڭىپ بۇ باغنى ياخشى كۆرۈۋالغۇم بار ئىدى، بىراق ئىككى لوقمان توختىماي مېڭىۋاتقاچقا، ئىلاجسىز قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ پىلانىنى يەنە سوراش تېخىمۇ ئەپسىز ئىدى.

بىز ئاخىرى مېۋىسى بۆلجۈرگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالدۇق. ياپيېشىل چىملىق ۋە پاكار ئۆسكەن رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان بۇ چەكسىز يايلاق سىزىپ قويغاندەكلا ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. مەن زەن سېلىپ قاراپ بۇ يەرنىڭمۇ مۆھتىي ئۆزگىچە بولغان يەنە بىر سىرلىق جاي ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم. باش ئۈستىمىزدە توپ - توپ ھەسەل ھەرىسى ئۈچۈشۈپ يۈرەتتى. ھەسەل ھەرىسىدىن باشقا

يەنە نۇرغۇن يېشىل يوپۇرماقلارمۇ بار ئىدى. چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار توختاپ ماڭا قارىدى.

ـــ بۇ يەر قانداقراق ئىكەن؟

ـــ ياخشى، ـــ دېدىم، لېكىن زادى نېمىنى ياخشى دېگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن يېڭى بىر گاڭگىراش ئىچىدە ھاڭۋېقىپ قالغاندىم. ئاسماندا خۇددى لەگلەكتەك لەيلەپ يۈرگەن ھەر خىل شەكىلدىكى يېشىل يوپۇرماقلار مېنى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى.

چوڭ لوقمان بىر تال گۈلنى ئۈزۈپ قېنىپ پۇرىدى. ئەسلى ئۇ ھەسەل ھەرىسى باققۇچى بولغاندىن كېيىن، گۈلنى ئۆزمەسلىكى كېرەك ئىدى. ھەرقانچە خىسلەتلىك باغۋەن بولغان تەقدىردىمۇ ھامان خاتالىقتىن خالىي بولالمايدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەكچى بولدۇم. بىراق، كۈتمىگەندە ئۇ قولىدىكى گۈلنى ھاۋاغا قارىتىپ ئاتتى، گۈل بەئەينى كېپىنەككە ئوخشاش قانات قېقىپ، يېشىل يوپۇرماقلارغا قېتىلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بارلىق يېشىل يوپۇرماق يەرگە چۈشۈپ، چوڭ ـ كىچىك لوقمانلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. چوڭ لوقمان قولىنى بىر شىلتىۋېدى، يوپۇرماقلار بىرىيەرگە يىغىلىپ، ئىچ كىيىمگە ئايلاندى. بۇ مەن ھېلىقى چاغدا كۆرگەن ئۇلارنىڭ يوپۇرماق چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىچ كىيىمى شۇ ئىدى. ئەسلى ئۇ ھەقىقەتەن يېشىل يوپۇرماقلاردىن پۈتىدىكەن. بايىقى گۈلمۇ يوپۇرماق ئىچ كىيىمنىڭ كۆكرەك قىسمىدا يۈرەك شەكلى چىقىرىپ ئېچىلىپ تۇراتتى. ئىككى لوقمان تەڭلا قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىلەن تەڭ، ئۇچىسىدىكى يوپۇرماق ئىچ كىيىم تۇزۇپ ھاۋاغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يەردىكى يېڭى يوپۇرماق ئىچكىيىم ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا ئۆزلۈكىدىن كىيىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ لوقمان چىملىق ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا كېرىلىپ ياتتى، كىچىك لوقمانمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— مانا بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي ماكانىمىز، — دېدى چوڭ لوقمان — قانداق، بىز بىلەن بۇ يەردە قېلىشنى خالامسەن؟

بۇ يەر ھەقىقەتەن ئالاھىدە ھەم گۈزەل ئىكەن، سوغۇق كۆرمەسلىكىم، ئاچ قالماسلىقىم، كۈنلىرىم بەخت ئىچىدە ئۆتۈشى مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭمۇ ئۆزۈم ياشايدىغان ماكانىم بار. ئۇ يەردە دادام، ئاپام، بوۋام، يەنە بىر مۇنچە تۇغقانلىرىم مېنى ساقلاۋاتىدۇ. سوغۇق تولدۇرسىمۇ، غەم ـ قايغۇلار ئازابلىسىمۇ، ماڭا يەنىلا ئاشۇ ماكانىم مۇھىم ئىدى. بىراق، بۇ گەپلەرنى چوڭ ـ كىچىك لوقمانلارنىڭ ئالدىدا دېيەلمەيتتىم، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايتتىم.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى كىچىك لوقمان.

— نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم، — دېدىم ئۇھسىنىپ.

— دەيدىغاننى ھازىر دەپ بولدۇڭغۇ، — دېدى چوڭ لوقمان كۈلۈپ، — مەندىن يوشۇرماقچىمۇ سەن؟

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بولدى، خاتىرجەم بول، مەن سېنى سىناپ باقتىم. ناۋادا بۇ يەردە قالىمەن دېگەن بولساڭ، سېنى دەرھال قوغلاپ چىقىرىپ، ئىككىنچى يۇزۇڭگە قارىمىغان بولاتتۇق. سەن توغرا تاللىدىڭ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ياشايدىغان ماكانى بولىدۇ، ئۇ ھەرقانچە چۆل ـ جەزىرە

بولۇپ كەتسىمۇ. بىلەمسەن، دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۇرلۇك سەۋەبلەرگە باغلانغان بولىدۇ. بۇ يەرمۇ شۇنداق، بەزى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، بەزى ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. چەكلىمىسىز تۇرمۇش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

مەن دادام بىلەن ئاپامنى ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ تالىلىشى نېمە؟ ئۇلار تۇرمۇشنى قانداق ئۇسۇلدا داۋاملاشتۇرماقچى؟ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مەنچۇ؟

— ئۆيۈڭگە قايتقۇڭ بارمۇ؟ — دېدى چوڭ لوقمان تۈيۈقسىز.

— بار، — دېدىم ئىتتىكلا.

— مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشكۇڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، لېكىن سىلەردىن سوراشقا پېتىنالمايۋاتقانىدىم.

— خاتىرجەم بول، ياخشىلىق سىلەر بىلەن بىللە.

— كىم...كىملەر بىلەن؟

— داداڭ، ئاپاڭ ۋە سەن.

— لېكىن ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى.

— ياق، سەن مېھىر - مۇھەببەت، ئىللىقلىقنى ئېلىپ بارساڭ ھەممىسى ئەسلىگە قايتىدۇ.

— راستمۇ؟

— بىز سېنى قاچان ئالدىغان؟

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت.

— رەھمەتنى ئالدىرىماي دېسەڭمۇ بولىدۇ.

ئۇ ئىچ كىيىمدىن بىر تال يېشىل يوپۇرماقنى ئېلىپ ماڭا بەردى.

— ئەمدى ھەرگىز يىتتۈرۈپ قويما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— يىتتۇرۇپ قويىمايمەن، مەن قەيەردە بولسام ئۇمۇ شۇيەردە بولىدۇ.

— يارايسەن. ئەمدى باغنى خالىغانچە كۆرسەڭ بولىدۇ.

— ياق، رەھمەت، ھازىر ماڭا باغدىنمۇ بەكرەك دادام بىلەن ئاپامنىڭ جەم بولۇشى، ئائىلىمىزنىڭ بەختى مۇھىم.

— ئەمىسە ئىختىيارىڭ، بىز سېنى يوقلاپ تۇرىمىز، يېشىل يوپۇرماق يېنىڭدا بولسىلا سېنى تاشلىۋەتمەيمىز. شۇنداقلا، بۇرۇنقىدەكلا سىر ساقلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمىز.

— چاتاق يوق.

مەن يېشىل يوپۇرماقنى قوينۇمغا سالدىم. ھازىر ئالدىمدىكى بۇ سېھىرلىك باغمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى، ئەس - يادىم دادام بىلەن ئاپامدا قالغانىدى، ئۇلارنىڭ يېنىغا تېزرەك بېرىشنىلا ئويلايتتىم.

— مېنى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىرىپ قويساڭلار، — دېدىم.

— ماقۇل، بىز بىلەن يۈر، — دېدى چوڭ - كىچىك لوقمانلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

بىز ھېچقانچە ماڭمايلا، ھېلىقى چوڭ تۇغراقنىڭ يېرىقى كۆرۈندى.

— سەن چىق، — دېدى چوڭ لوقمان.

— سەن چىققىن، سەن ھۆرمەتكە چوڭ، — دېدى كىچىك لوقمان.

چوڭ لوقمان كۈلۈۋەتتى.

— بۇ ئادىتىڭنى قاچان تاشلارسەن؟ دائىم مۇشۇنداق

دەپ يولۇمنى توسۇۋالسەن، ماڭمايدىغان ئادەم بىر چەتتە تۇرساڭ بولمامدۇ. مەن سېنى دېمىدىم، ماۋۇ شاكىچىكنى دەۋاتىمەن.

— ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، — دېدى كىچىك لوقمان كۈلۈپ.

— خوش، — دېدىم ئۇلارنىڭ كىچىك قوللىرىنى تۇتۇپ، — سىلەرنى پات - پات كۆرۈپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

— شۇنداق بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى گەپلىرىمنى ئېسىڭدە ساقلا، ھەرقانداق ئىشتا تەدبىرلىك، چىدامچان، كەڭ قورساق بول، ئاتا - ئاناڭغا ياخشى قارا، ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتمە.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

— ئەمدى ماڭغىن.

كۆزۈمنى يۇمۇپلا توغراقنىڭ يىرىقىغا قاراپ قەدەم ئالدىم. يۈزۈمگە مۇزدەك سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى، ئەندىكىپ كۆزۈمنى ئاچتىم، ئالدىمدا قار بىلەن قاپلانغان چاتقاللىق تۇراتتى. شۇنىڭغا ئۇلگۈرۈپلا سەل نېرىدىن پازىلجان ئاكامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نەگە كەتتىڭ ئۇكام؟ شۇنچە چاقىرساممۇ ھە دېمەيسەن. ھېلىقى توشقان بەك يامان ئىكەن، ئەمدىلا تۇتاي دېسەم، بىرلا سەكرەپ قېچىپ كەتتى. مەن بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتىم.

پازىلجان ئاكامنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، يۈزلىرىنى چاتقاللار جىجىپ قانىتىۋەتكەنىدى.

— بولدى قايتايلى، — دېدىم ئالدىراپ.

— نەگە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بوۋامنىڭ يېنىغا، مەن ئەتىلا شەھەرگە مېڭىشىم كېرەك.

— ۋاي - ۋۇي، ساڭا نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە، ماڭايلى ئاكا.

ئۇ ئەجەبلىنىش ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك غۇدۇراپ قويدى، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدىم.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# قايتىش

بوۋام مېنىڭ تۇيۇقسىز قايتماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئەجەبلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئۆز ـ ئۆزىگە تېرىكىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە زۇكامنىڭ تەسىرىدىنمىكىن قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىپ تۇراتتى. ئۇ سىرتتا پازىلجان ئاكام مېنى خاپا قىلىپ قويغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغاندى.

— ئۇكاڭ بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالدىڭلارما؟ — دېدى بوۋام پازىلجان ئاكامنى بىر چەتكە تارتىپ.

— ياق، — دېدى پازىلجان ئاكام تىت ـ تىت بولۇپ، — ناسىراخۇن بوۋامنىڭ ئۆيىگە ماڭغاندۇق، «ئازغاندۆڭ» گە بارغاندا بىر توشقان چاتقالىقتا كىرىپ كېتىۋېدى، تۇتىمەن دەپ ئارقىسىدىن قوغلىدىم، كېيىن توشقان قېچىپ كەتتى. قايتىپ ئەدىھەمنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە ئۇ غەلىتىلا بولۇپ قاپتۇ، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق كېتىمەنلا دېدى، مەنمۇ ھەيران قالدىم.

بوۋام تېخىمۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى.

— نېمىشقا تۇيۇقسىز كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ، بالام؟ — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ، غەمكىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىياپەتتە، — مەندىن رەنجىپ قالدىڭمۇ؟ سىنىڭ ھالىڭدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدىممۇ؟ توغرا، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى چوڭ، تۇرمۇشىمىز غورىگۇل، سىنى قىيناپ قويغىنىممۇ راست. بىراق، ھېچ بولمىسا يەنە بىرەر ھەپتە تۇرساڭ بولاتتى. مەن ساڭا بازاردىن ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتىم.

— كەچۈرۈڭ، بوۋا، — دېدىم ئۆزۈممۇ سەل خىجىل بولۇپ، — سىزدىن رەنجىگەن يېرىم يوق، تۇغقانلاردىنمۇ شۇ. لېكىن، قايتىشىم مۇھىم بولۇپ قالدى.

بوۋام ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولسا ياكى بىرەر غەمگە مۇپتىلا بولسا، ئاشۇنداق ئۇھ تارتىپ كېتەتتى.

— ئۇياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن قايتىپ بارساڭ، داداڭ بىلەن ئاپاڭ نېمە دەپ قالار، بالام؟

— ئۇلار باشقىچە ئويلىمايدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ بوۋا.

— ھېچ چۈشەنمىدىم بالام، سەن زادى...

— بۇ قېتىم مەن بارغاندىن كېيىن، ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، بوۋا..

— بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭ بالام؟

— ھېچنېمە، پەقەت ماڭا شۇنداق بولىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دېدىم ئىمكان بار سىرىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ. ھازىر گەپنى مۇشۇنداق تۈگەتمەي ئامال يوق ئىدى.

— ئۆيۈڭلاردا ئۆزگىرىش بولغۇدەك ھېچ ئىش يوققۇ؟ دەسلەپتە دادام بىلەن ئاپام ئاجراشماقچى دېدىڭ، بىراق كېيىن داداڭ ھەممە ئىشلارنى ئىزىغا سالدى. ئۆزۈڭمۇ

كۆردۈڭ، بىز ماڭغاندا ئۇلار بىر بەلەن قالدى.

— ياق، سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيسىز، بىز بۇياققا ماڭغاندىن كېيىنلا دادام ئاپامنى ئېلىپ ئاجرىشىشقا بارماقچى ئىدى. ئۇلار بۇ كەمگە ئاجرىشىپ بولدى، ياق... ياق... ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ.

— مەن قايمۇقۇپلا قالدىم، — دېدى بوۋام بېشىنى چايقاپ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئۇھسىنىپ قويدى.

— بولدى، سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى بوۋا، قانچە بالدۇر يولغا چىقساق شۇنچە ياخشى، — دېدىم ئالدىراپ.

بوۋام مېنى رايىمدىن قايتۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇرۇق - تۇغقانلار مېنىڭ قايتماقچى بولغانلىقىمدىن بىردەمدىلا خەۋەر تېپىپ بوپتۇ، بۇ ئەلۋەتتە پازىلجاننىڭ «تۆھپىسى» ئىدى.

— بالام، ساڭا نېمە بولدى، سەھراغا كۆنەلمەي قالدىڭمۇ؟ — دېدى قەمبەرخان مومام ئۆيگە كىرىپلا.

— ياق، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھامان قايتىدىغان گەپ، شۇڭا بالدۇرراق قايتىشنى ئويلاپ قالدىم.

— ئۆيۈڭلاردا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس موما، ئەتىلىم توشۇپ قالغىلى تۇردى.

— بىزنىڭ بۇيەردە تېخى ۋاقتى بارغۇ؟

— شەھەردە ئوخشىمايدۇ.

مەن ئۇلارغا يالغان سۆزلىگىنىمدىن ئۇيالدىم، ئەمما ھازىرقىدەك ئەھۋال ئاستىدا ئۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


— بولدى، گەپ سوراۋەرمەڭلار ئۇنداق، — دېدى ناسىراخۇن بوۋام گەپكە ئارىلىشىپ، — بالا تېخى كىچىك ئەمەسمۇ، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغاندۇ. ھېلىمۇ شۇنچە يەردىن كەپتۇ، بىلىسىلەرغۇ، بىزنىڭ ماۋۇ باللار تاسلا قالدۇ ئۆزى يالغۇز ئاۋۇ بازارغىمۇ بارالمىغىلى.

— باللارنى ئۇنداق كەمسۇندۇرمىسىلا، ئەتىگىچە ئۇلارنىڭمۇ كۆزلىرى ئېچىلىپ قالار، — دېدى قەمبەرخان مومام رەنجىگەندەك بولۇپ.

— كەمسۇندۇرمىدىم، پەقەتلا...

— ئەمىسە گەپنى ئاۋۇتماي، تاپقىنىمىزنى ئەدىھەمجان بالامنىڭ ئالدىغا قويايلى، ئاتا - ئانىسىغا سەھرانىڭ تەۋەررۇكى دەپ ئالغاچ كەتسۇن.

— ھە، شۇنداق قىلايلى.

ناسىراخۇن بوۋام بىلەن قەمبەرخان موموم ماڭا بىر خالتا نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرتۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن ھەم بىلىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى شەھەرگە بارغاندا بەرىبىر كۆرىدىغان گەپ.

بۇ كېچە بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ، كۆزۈمگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى، بوۋاممۇ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. بىر تاكى تاڭ ئاتاي دېگۈچە پاراڭلىشىپ ياتتۇق. ئۇ يەنە ماڭا بىرنەچچە ھېكايە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى قىزىقارلىق ھەم ئۆزگىچە ئىدى.

— بىزنى تاشلىۋەتمىگىن، بالام، — دېدى بوۋام ئەڭ ئاخىرىدا، — سىلەرنىڭ بولۇۋشۇڭلار بىزگە تەسەللى، بىز خۇددى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تەشنا بولغاندەك، سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا تەلمۈرۈپ ياشايمىز.

— ماقۇل، بوۋا، — دېدىم ئۇنىڭ باغرىغا چىڭ چۆكۈپ.

— نېسىپ بولسا يازلىق تەتىلدە چوقۇم كەلگىن.

— كېلىمەن.

بۇ مېنىڭ ھەقىقىي راست گېپىم ئىدى. ناۋادا بوۋامغا ئەگىشىپ بۇ سەھراغا كەلمىگەن بولسام، چوڭ ـ كىچىك لوقمانلار بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەيتتىم، يېشىل يوپۇرماققىمۇ قايتا ئېرىشەلمەيتتىم ھەم «ئازغاندۆڭ» ھەققىدىكى ھېكايىنىمۇ ئاڭلىمىغان، سېھىرلىك باغنىمۇ كۆرمىگەن بولاتتىم. مۇشۇ خەيرلىك سەپەر بولغاچقىلا ئائىلىمىزگە كەلگەن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكتىن ساقلىنىپ قالىدىغان بولدۇق. شۇنداق تۇرسا، بۇ خاسىيەتلىك سەھرانى، بوۋامدەك مېنى ئۆتمۈشكە ئۇلىغۇچى خىزىرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمەن؟!

تەشۋىش، تەقەززالىق ئىچىدە تىپىرلاپ تۇرغان كۆڭلۈم، پەقەت بىز ئاپتوبۇسقا چىقىپ قوزغالغاندىلا ئاندىن تەسكىن تاپتى. كەڭرى دالىنى ئاپپاق قار قاپلاپ كەتكەچكە، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇشمۇ مەززىسىز تۇيۇلاتتى. شۇڭا كۆپىنچە ئادەملەر ئىسسىق ماشىنا ئىچىدە يېنىك چايقىلىپ، باشلىرىنى سىڭار يان قىلغىنىچە مۈگدەشكە باشلىغانىدى. بوۋام زۇكامدىن تولۇق ساقىيىپ بولالمىغاچقا، ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى، ئۇ ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئاخشام ياخشى ئۇخلىمىغاچقا، ئاپتوبۇس بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، مېنىمۇ شۇنداق بىر تاتلىق ئۇيقۇ تۇتتىكى، خۇددى بويۇنۇمغا تاش باغلاپ سۇغا تاشلانغاندەك، ئاجايىپ بىر شېرىنلىك بار كۆچى بىلەن تۆۋەنگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى...

... ...

مەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئاپام بىر ھۇجرىدا، دادام بىر ھۇجرىدا تولىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆزىگە تەۋە نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۆي شۇنچىلىك قالايمىقان، ھەقىقىي بۇزۇلغان ئۆيگە نەق ئوخشىغانىدى. ئۇلارنىڭ ماڭا قارىغۇدەكمۇ ھالى يوقتەك قىلاتتى.

مەن قوينۇمدىكى يېشىل يوپۇرماقنى ئېلىپ، ئىستاكانغا چىلاپ قويدۇم. ئۇ شۇ ھامان تولىمۇ چىرايلىق ئېچىلغان بىر توپ گۈلگە ئايلاندى، خۇش پۇرىقى خۇددى شامالدەك ئۆي ئىچىگە تېزلىك بىلەن تارقاشقا باشلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاكىچىك؟ — بىر تال چېچەك ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، مەندىن ئەھۋال سورىدى.

— سالام، سىزنى كۆرمىگىلى بەك ئۇزاق بوپتۇ، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش مېنىڭ ئىشىم ئەمەس ئىدى، كېيىن بەك ئازابلاندىم، — دېدىم پۇشايمىنىمنى ئىپادىلەپ.

— ھېچقىسى يوق، بىراق مەن چوڭ لوقمان ئىلگىرى سىزگە بەرگەن يېشىل يوپۇرماق ئەمەس، بىز بىر قاتاردىكى ھەمشىرىلەر، ئۇ ھازىر باشقا بالىنىڭ قولىدا.

— ئۇ مەندىن قاتتىق رەنجىپتۇ — دە؟!

— ياق، بەزى ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ھەقىقەتەن ئالدىن بىرنېمە دېمەك تەس، ئۇ يەنە بىر – ئىككى ئايدىن كېيىن ئاندىن ھېلىقى سېھىرلىك باغقا قايتىپ بارىدۇ.

— ئۇ بەك ياخشى ئىدى، ماڭا جىق ياردەملەرنى قىلغان، يەنە تولىمۇ يېڭىچە ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

— مەنمۇ شۇ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئائىلىڭىزنى بەختلىك قىلىشقا، سىزنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىمەن.

— رەھمەت.

— ئەمىسە مەن ئىشنى باشلىدىم.

— قايسى ئىشنى؟

— ئائىلىڭىزگە مېھىر – مۇھەببەت ئۇرۇقى چېچىۋاتىمەن.

— ئاھ، نېمىدېگەن ياخشى، دادام بىلەن ئاپام ئەمدى ياخشىلىشىپ قالىدىغان بولدى...

گېپىمنىڭ ئاخىرى چۈشمەي تۇرۇپلا، دادام بىلەن ئاپام مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى. ئىككىلىسىنىڭ قولىدا چامادان بار ئىدى. دادامنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ساقاللىرى ئۆسكەن، غەم – قايغۇدىن بېشى پەسكە ساڭگىلىغانىدى. ئاپام ھېلىقى چاغدا مېنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويغاندا كىيگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھاۋا رەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بەئەينى چىمەن ئىچىدىكى تەنھا گۈلدەك ئۇز كۆرۈنەتتى. ئۇلار چامادانلىرىنى قويۇپ، بىرپەس ئۈن – تىنسىز تۇرۇپ كېتىشتى.

— بىز نېمە بولدۇق؟ — دېدى دادام بىرچاغدا بېشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ، — مەن باھاردىن كەچمەكچىمۇ ياكى سىز تۇرمۇشقا قايتىمدىن تەبىر بەرمەكچىمۇ؟

— ھېچقايسى ئەمەس، — دېدى ئاپام لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ، — بىزنى قارا باستىمىكىن دەيمەن.

— قارىغۇغا پالتا تۇتقۇزغاندەك، تەقدىر بىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن كۆكلەم دەرىخىمىزنى كېسىشكە بۇيرۇغان ئوخشايدۇ.

— ئېھتىمال. سىز قولىڭىزغا پالتا ئېلىۋالغىلى خېلى بولغان ئىدى.

— راستىمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ناۋادا... ناۋادا ئۇنى تاشلىسامچۇ؟

— قانداق قىلماقچىسىز؟

— بالىنى يېتىم قىلغۇم كەلمىدى. ئويلاپ بېقىڭە، بىز تىرىك تۇرۇپ بالىمىز يېتىم قالسا، بۇ بىزنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىمىز، تىراگېدىيە ئەمەسمۇ؟ راستىلا شۇنداق بولۇپ قالسا بىز كەلگۈسىمىزگە، تۇرمۇشىمىزغا، ھاياتىمىزغا، ئۆزىمىزگە قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟!

— توغرا دېدىڭىز.

— رىسالەت، بىز... كاللىمىزنى سىلكىۋېتەيلى.

— سىز يەنە كەسپىڭىزنى سۆيۈشىڭىز كېرەك.

— مەن ھەممىنى سۆيىمەن.

— ئەمىسە ئۆيىنى رەتلەيلى.

— شۇنداق قىلايلى.

دادام بىلەن ئاپام قولمۇ قول تۇتۇشۇپ، بوراندا قالغاندەك ھەر تەرەپكە چېچىلغان ئۆي جابدۇقلىرىنى رەتلەشكە باشلىدى. ئۆي بىردەمدە ئەسلىي ھالىتىگە

قايىتتى. دادامنىڭ چېھرىدىن تەبەسسۇم نۇرلىرى ياغدۇرىدى... ئاپام گۈلبەرگىدەك جۇلالىدى...

تامدىكى سائەت توختىماي چىكىلدايتتى...

... دادام ھاياجاندىن كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن ھالدا بىر پارچە گۇۋاھنامىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— قاراڭ، رىسالەت، مەن ۋىلايەت بويىچە ئون نەپەر ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپتىمەن.

— ۋاھ! مۇبارەك بولسۇن، سىز شۇنداق بولۇشقا لايىق، چۈنكى مائارىپ ئۈچۈن بارلىق يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلدىڭىز، ئەۋلادلارغا كۆيۈندىڭىز.

— سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى قوللىشىڭىزدىن بولغان.

— ئۆزىڭىز تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭىز.

— ئىككىلىمىز تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق.

... ...

— ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭلار!

كىمدۇر بىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئاپتوبۇس يول بويىدا توختىغانىدى، يولۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پەسكە چۈشۈۋاتاتتى. مەن ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغان بوۋامنى تۇرتۇپ:

— بوۋا، پەسكە چۈشمىدىكەنمىز، — دېدىم.

بوۋام ئىتتىك كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپىغا ئېسەنگىرەپرەك قاراپ:

— ھە، چۈشەمدىكەنمىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— شۈنداق، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭلار دەيدۇ، — دېدىم بوۋامنى يۆلىگەچ.

بىز پەسكە چۈشتۇق، خالىيراق يەرگە بارغاندا قوينۇمدىكى يېشىل يوپۇرماقنى ئېلىپ قارىدىم. ئۇ شاختىن ھازىر ئۈزگەندەك يېشىل ۋە يۇمران ھالىتىدە ئىدى.

— مەن ناھايىتى ياخشى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدىم پىچىرلاپ، — دادام بىلەن ئاپام يارىشىپ قالغۇدەك.

— ئۇ ھەم چۈش، ھەم بىشارەت، — دېدى يېشىل يوپۇرماق.

— ئۆيگە تېزرەك بارساق بولاتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئىشلار ئوڭشىلىپ كەتتى. سىز قايتىپ بارغاندا ئائىلىڭىزدىكى بەختىيار تۇرمۇشقا گۇۋاھ بولىسىز.

— راستمۇ؟

— راست، بايا كۆرگەن چۈشلىرىڭىز ئەمەلىيەت.

مەن خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمغا پاتماي قالدىم، كۆكتىكى قۇياش خۇددى مېنىڭ شادلىقىمغا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك كۈچلۈك نۇر چېچىشقا باشلىدى.

2015 - يىلى 7 - ئاي، ئاقسۇ

**图书在版编目(CIP)数据**

绿叶 ：维吾尔文 / 图尔贡·米吉提著. -- 乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2016.3
ISBN 978-7-5515-4515-0

Ⅰ. ①绿… Ⅱ. ①图… Ⅲ. ①儿童文学－科学幻想小说－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I287.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第024143号

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

责任编辑：木塔里甫·买买提伊明
责任校对：迪丽达尔·买买提
封面设计：木拉丁·阿比提
绘　　图：纳曼江·吐尔逊

# 绿叶

(儿童科幻长篇小说)

**图尔贡·米吉提　著**

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市北京北路29号　邮编:830012)
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆八百印务有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　8.625印张
2016年3月第1版　2016年3月第1次印刷
印数：1-2000

ISBN978-7-5515-4515-0　定价：25.00 元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换